ISSN 1002—9044

# تارىم

4

1994

ISSN 1002-9044
04>
9 771002 904009



سەمىمىي غەمخورلۇق، دوستانە سۆھبەت

مەملكەتلك خەلق قۇرۇلتيى دائمي كومتبتنىڭ مۇئاۋىن ۋبيۇەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت ئۇرۇمچدىكى بر قسم يازغۇچلار بلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بلەن دوستانە سۆھبەتلەشتى.

تۆمۈر داۋامەت «تارىم» ژۇرنىلنى زوق بلەن كۆرمەكتە.



تۆمۈر داۋامەت قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت زۇنۇنلار بلەن بللە



تۆمۈر داۋامەت پشقەدەم ئەدب ئابدۇرېھم ئۆتكۈر، ئمن تۇرسۇنلار بلەن بللە.



تۆمۈر داۋامەت بر قسم كەسپي يازغۇچلار بلەن بللە.

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

44-يىل نەشرى

4

1994



باش مۇھەررىر

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇ-
سالام توختى، ئابدۇرۇسۇل
ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي،
ئارسلان، ئالىمجان ئىسمائىل،
ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، تۇرسۇنئاي
ھۈسەيىن، خالىدە ئىسرائىل،
زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى،
مۇھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختەر
مەخسۇت، ئوسمانجان ساۋۇت،
ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


قەيسەر مجىت ........ مەڭگۈلۈك ياشلىق (ئەدەبىي ئاخبارات) ........ 4
ياسىنجان سادىق ........ ئىپ، سەھرا (ھېكايە) ........ 15
جالالىدىن بەھرام ........ قۇدرەتلىك ئىلاھ (پوۋېست) ........ 31
قاھار جىلىل ........ «ئولىمپىيە» رېستورانىدا (ھېكايە) ........ 68
مۇستاپا مەھەممەت ........ نەسرلەر ........ 80


## شېئىرلار


ئوسمانجان ساۋۇت ........ سەن چىققان چوققىلار قالمىسۇن پەسلەپ ........ 20
ئىمىن تۇرسۇن ........ رۇبائىي دەپ يازسام ........ 24
ئابدۇكېرىم مەخسۇت ........ ئۆمۈر سەپىرىدە ئىنسان ئارمىنى ........ 25
روزى سايىت ........ ئۈچ غەزەل ........ 27
مەھەممەت روزى ........ ئاق قۇلارنىڭ تىللىرىدا نورۇزلۇق ........ 29


## ئۈمىد چېچەكلىرى (9)

### (شېئىرلار)


مۇھەممەت كامال ........ ئىلھامغا باي كېچىلەر ........ 60
ئابابەكرى توختى ........ تەلەي ........ 63
ئەركىن داۋۇت ........ ئاپئاق نۇردا چاقنار پىشللىق ........ 63
نۇرشات مەتىلى ........ ئىككى شېئىر ........ 65
غوجا مۇھەممەت قابىز ........ پەنجىرە يېنىدا ئۈزەر تولۇن ئاي ........ 65
ئەركىن سابىر ........ ھارۋا كېلەر توپىلىق يولدا ........ 66


## مەسەل ۋە ساتىرا


م. سادايى ........ كەمتۈك سۈرەتلەر (مەسەللەر) ........ 82


## ئەسەر ۋە باھا


ۋەلى كېرىم ........ باشلامچىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ........ [illegible]
پازىل قادىر ........ يازغۇچى ۋە ئۇنىڭ بۇرچى ........ [illegible]
مەھەممەت تۇرسۇن ئىبلى ........ «ئەدەبىي ئىجادىيەت پرىنسىپلىرى» ناملىق كىتابتىكى مەنتىقسىزلىك ۋە مۇجمەللىكلەر ........ 79


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ۋۇرۇزىن ........ جۇڭگو ئەدەبىياتىغا مۇھتاج ........ 116

## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز


يازغۇچى توختى ئايۇپ ........ 121
ياش يازغۇچى غەيرەت ئابدۇللا ........ 123


## بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىز


مۇھەممەت سادىق قەشقەرى ........ 125


## تەرمە گۈللەر


ئايمە ھەممەت ساھىپ ........ تونۇردا (ھېكايە) ........ 130
سەلەي قاسىم ........ سەنمۇ شائىر بولامسەن (شېئىر) ........ 137
ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر ........ سىلەر ھايات كۆكمەدىكى ئاي (شېئىر) ........ 137
ئابدۇساتتار ناسىرى ........ ھەسەت (شېئىر) ........ 138


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر


تۇرگېنىۋ ........ ئورمان ۋە يايلاق (ھېكايە) ........ 139


## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن


ئابلىكىم ئابلىمىت ........ ساداقەت (ھېكايە) ........ 145
مەھەممەتجان ئوبۇل ........ ئىمانسىز (ھېكايە) ........ 147
مەھەممەتئىمىن ياقۇپ ........ ئۇنتۇپ قېلىش (ھېكايە) ........ 148
ئەخمەتجان ئىسمايىل، ئۇسمانجان
مۇسا، چوپانى، غېنى روزى، ئىسكەن-
دەر بېشىر ........ (شېئىرلار) 155


## نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى


يەھيا سادىق ........ لەتىپىلەر ........ 158


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


........ 159


* * *

رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ، ئابلىمىت ئابلىز

www.uyghurkitap.com



قەيسەر مجىت

# مەڭگۈلۈك ياشلىق

(ئەدەبىي ئاخبارات) ①

## ياخشى بولغىن مەيلى كىم بولساڭ...

تۈپ قارىغاي بولالمساڭمۇ،
تىك قىيادا قەددىنى كەرگەن.
مەيلى چاتقال بولسىمۇ بولغىن،
جىلغىلارغا گۈزەللىك بەرگەن.
ئەگەر چاتقال بولالمساڭمۇ،
تىرىش-تىرماش تەندە بولسا جان،
بولالايسەن بىر كۆنى ئىپار
يا كۆلدىكى ئەركىن بىلىجان.
ئەگەر قۇياش بولالمساڭمۇ،
يۇلتۇز بولغىن تۈندە نۇر چاچقان.
غەلبە قىل ۋە ياكى مەغلۇب،

ياخشى ئىنسان بولغىن سەن ھامان.
بۇ ھاياتلىق دېڭىزىدا ئىھ،
بىز ھەممىمىز گوياكى ماتروس،
بولالمايدۇ ھەممە كاپىتان،
ئەمما،
ئادەم بولۇش كېرەك راۋرۇس.
ھەممە يەلەنگە ئىش بار دۇنيادا،
بەزىگە كۆپ، بەزىلەرگە ئاز.
چىن ئىنسانلىق شەرىپى ئۈچۈن،
ياشايلى بىز ھامان ئالدىراش. ②

ئۆز ئىمكانىيىتىچە ياخشى بولۇش — ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى چوڭقۇرراق تونۇپ يەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. سفىنكس③ تېپىشمىقىنىڭ ئىنسان سۈيىپىكتىدىكى يېشىلمىسى. ئۇ ئىنساننى ئۆز ئىمكانىيىتىچە ياخشى بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

ئادەمنىڭ ئۆزى بىر سىرلىق تېپىشماق. ئىنسانىيەت ئەقلى تەپەككۇرگە تايىنىپ بىلىش دائىرىسىنى مىتاگىلاكتىكا سىستېمىسىغىچە كېڭەيتەلىگىنى بىلەن ئۆزى ھەققىدە يەنىلا ئىپتىدائىي بىلىش دائىرىسىدە تۇرماقتا.

مائارىپ ئەقلىي تەپەككۇرنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئىنسانىيەتنىڭ ئالەمنى ۋە ئىنساننى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە

① بۇ ئاپتورنىڭ شۇ ناملىق 2-پارچە ئەدەبىي ئاخباراتى.
② بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى دوگلاس ماللۇچ بولۇپ، ئاپتور ئۇنى ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغان.
③ سفىنكس — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى شىر باشلىق ساھىبجامال.

مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئەكسىچە بىر مىللەتنىڭ مائارىپىدا ئىجادىي يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئېچىش مەقسەت قىلىنمايدىكەن، ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن ئۈمىد كۈتۈش تەس.

ئىجادىيلىق سۇبيېكتىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلىشى بىلەن ئوبيېكتىنىڭ تەربىيىلىنىشىنى ئاساس قىلىدۇ.

دېمەك، ئىجادىي قابىلىيىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىجادىيەت سەمەرىلىرى بىلەن تونۇلغان كىشىلەر دەل مائارىپ ئارقىلىق ئۆز ئىمكانىيىتىچە ياخشى بولغان كىشىلەردۇر. ئۇلاردا ئۈمىدسىزلىك، پاسسىپلىق، ھورۇنلۇقتىن ئىبارەت ناچار پىسخىكا ۋە مەدەنىيەتسىزلىك، ياشلىق ھاياتىنى خازان قىلىپ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىۋېتىدىغان نادانلىق بولمايدۇ. ئۇلار كىشىلىك ھاياتىنىڭ ھەقىقىي غالىپلىرى بولۇپ ئۇلارنىڭ ۋەتەن، مىللەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ شان-شەرىپى، بەختى ۋە پاراۋانلىقى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى، يەنى ئىجتىمائىي قىممىتى خۇددى ئېنېرگىيىنىڭ ئايلىنىش ۋە ساقلىنىش قانۇنىغا ئوخشاش مۇتلەقلىق سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ساقلىنىدۇ، ھەرگىز يوقالمايدۇ.

* * *

بۇ ھېكايە ئەمەس، بەلكى رېئاللىق ئىدى.

ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ھەرىكەتلىنىش كونۇپكىسىنى بېسىشىم بىلەنلا ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. سفىنكس تېپىشمىقىنىڭ پروگراممىلاشقان جاۋابى ئېكراندا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بۇنى قاچانلاردا ماشىنىغا ساقلاتتىكىنە؟

سوئال نەزىرىم بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم. ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل جاسارەتنىڭ شولىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

جاسارەت دېمەك — بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يەكسان قىلىش دېمەكتۇر. جاسارەت دېمەك — غايە ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىش دېمەكتۇر. قوللىرىم كونۇپكىنى سالماقلىق بىلەن باساتتى، ئېكراندا ئۇنىڭ تارىخى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ھەممىنى بېسىپ چۈشۈش — بۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا تىكلىگەن كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئىدى. ئۇنىڭ باشقىلاردىن بېسىپ چۈشمەكچى بولغىنى ئىلىم-پەن ئىدى.

ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن 100 نومۇر ئەڭ يۇقىرى پەللە دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا 100 نومۇر ئۆزىدە بىر خىل قانائەتنى يوشۇرۇپ ياتقان بولىدۇ. بىراق ئۇ 100 نومۇرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللە ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالدى. ئۇ ساددا قەلبى بىلەن ئويلاندى: نېمىشقا ئىزچىل 100 نومۇر بىلەن ئوقۇغانلار شۇنچە كۆپ، لېكىن نەتىجە ياراتقان ئىقتىساسلىقلار شۇنچە ئاز. دېمەك، 100 نومۇر ئەڭ يۇقىرى پەللە ئەمەس.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ قانائەتنىڭ چەكلىمىلىكىدىن تېزلا قۇتۇلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۇلۇغ كىشىلەر ھامان 100 نومۇر ئالغانلاردىن ئەمەس، بەلكى 100 نومۇردىن ھالقىپ ئۆگەنگۈچىلەردىن چىقاتتى.

ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئىلغار ئىدىيە بىرلەشسە، ئۇنىڭ يارىتىدىغىنى ئاددىيلا نەتىجە ئەمەس، بەلكى مۆجىزە بولىدۇ.

ھەممىنى بېسىپ چۈشۈش ئۈچۈن، دەپ ئويلايتتى ئۇ دائىم، — باشقا ساۋاقداشلىرىمدا بولمىغان ئالاھىدە بىر خىل قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشۇم كېرەك. ئۇ پەۋقۇلئاددە تىرىشچان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بولۇپ، مەيلى ماقالە يېزىش مۇسابىقىسى بولسۇن ياكى ماتېماتىكا مۇسابىقىسى بولسۇن، ھامان «بىرىنچى نومۇرلۇق ئەرباب» ئىدى.

جاھىللىق — بىر خىل جاسارەتنىڭ ئىپادىسى. ئۇ شۇنداق «جاھىل» ئىدىكى، بىر ئىشنى باشلىسا ۋايىغا يەتكۈزمىگىچە قويۇۋەتمەيتتى. ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ پەللىنى كۆرسىتىپ بېرىشىنى ساقلاپ تۇرمايتتى. بەلكى ئەڭ يۇقىرى پەللىنى ئۆزى ئىزلەيتتى. ئۇ دائىم ساۋاقداشلىرى ئويلىمىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا قوشۇمچە ماتېرىياللارنى كۆرۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش پىلانىغا كىرگۈزگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ۋاقىتلىرى دائىم ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. ئۇ ئۆزىگە مۇناسىپ بىر يۈرۈش دەرسلىك پروگراممىسى تۈزۈپ شۇ بويىچە ئۆگەنەتتى. ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن ئۇنۇملۇك ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدەنەتتى. ئۇ دەرس ئاڭلىغاندا، كىتاب ئوقۇغاندا دىققىتىنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈشنى، كېيىنكى مەزمۇنلارنى ئالدىن يەكۈنلەپ چىقىشنى، مۇستەقىل، چوڭقۇر ئىجادىي پىكىر قىلىشنى مەشىق قىلدى. مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر مەۋسۇملۇك دەرسلەرنى ئالدىن ئۆگىنىپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلىرىنى قايىل قىلدى ۋە بەزى دەرسلەردىن ئالدىن ئىمتىھان بېرىدىغان بولدى.

شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدىن باشلاپ كېسەل ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دەرسكە كىرەلمەي قالغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىدا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ساۋاقداشلىرىغا دەرس ئۆتۈپ قويىدىغان بولدى. ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ نەزىرىدە «ھەم ئوقۇغۇچى، ھەم ئوقۇتقۇچى» ئىدى. ئۇ دەرسلەرنى ۋاقتىدا ئۆگىنىپ ماڭغاچقا، ئاساسلىق ۋاقتىنى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلاتتى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ئىككى كۈن قالغان چاغدا بىخارامان ھالدا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا ھەيران قالدى. بىراق ئۇ 1987-يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، ئۆز ئارزۇسى بويىچە شىنجاڭ داشۆگە قوبۇل قىلىندى.

ئىنسانىيەتنىڭ ياشاش بوشلۇقى جەھەتتىكى رىقابىتى مەڭگۈ توختىمايدۇ. ئىلغار مىللەتلەرگە نىسبەتەن بۇ بوشلۇق بارغانسېرى كېڭەيسە، قالاق مىللەتلەرگە نىسبەتەن بۇ بوشلۇق شەكسىزكى نىسبىي مەنىدە تارىيىپ بارىدۇ.

شەخسمۇ شۇنداق بولىدۇ. تېز ئۆزگىرىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ تۇرمۇش رىتىمىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، زامانىۋى ئاڭ بولۇشى كېرەك. زامانىۋى ئاڭغا ئىگە ئادەملا ئۆز ئىمكانىيىتىچە ياخشى بولۇش پۇرسىتىنى يارىتالايدۇ، تەرەققىي قىلالايدۇ، تۇرمۇش ئۈستىدىن غالىپ كېلەلەيدۇ.

ئادەمنى ئەڭ بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغىنىمۇ، ئۇلۇغ ئورۇنغا چىقىرىدىغىنىمۇ يەنىلا ئادەمنىڭ ئۆزى.

ئۇنىڭ ئۆيى شىنجاڭ داشۆنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شىنجاڭ داشۆگە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئىدىيە ۋە روھ بىلەن كىردى. ئۇنىڭ تەپەككۇر بوشلۇقلىرىدا مىسىر ئېھراملىرىغا ئوخشىغان «ئۆزۈڭنى تونۇ» دېگەن سۆزگە يېتەرلىك ئورۇن قويۇپ قويۇلغانىدى. شۇنداقتىمۇ تەسەۋۋۇر بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان زىددىيەت كۆرۈلگەندە ئادەم تېڭىرقايدۇ، ئازابلىنىدۇ. ئۇ ئالىي مەكتەپ

تۇرمۇشىنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇر يەتكىدەك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ تېڭىرقىدى، ئۈمىدسىزلەندى، بىراق ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكۈنچى ئىدى. ئېگىلمەس-سۇنماس ئىرادىگە، قەيسەر خاراكتېرگە، مۇستەقىل كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە ئادەم مەيلى قانداق شارائىتتا بولمىسۇن، ئۆز خاسلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. ئۇ ئۆزىنى «شارائىتقا ماسلاشقۇچى» ئەمەس، بەلكى «شارائىتنى ئۆزگەرتكۈچى» دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆزىنى چۈشىنەتتى، ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى، ھازىرىنى چۈشىنەتتى ھەم كەلگۈسى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى. ئۇ ئادەمنىڭ قىممىتىنىڭ ئۆزىنى بىلىشتە ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشىنەتتى.

ئۆزىنى بىلىش — مەغلۇب بولماسلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

داشۆگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆگىنىدىغان پەنلىرى كەسپلەشكەن بولغاچقا، ئۇ ئۆز كەسپىدە يۇقىرى پەللىگە چىقىش ئۈچۈن، ئۆزىگە تەلەپنى تېخىمۇ قاتتىق قويۇپ، زېھنىنى كەسپىي پەنلەرگە مەركەزلەشتۈرۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە چەت ئەل تىلىنى بۇ مەقسەتلەرگە يېتىشتىكى ۋاستە دەپ قاراپ، خەنزۇ تىلىدىن ئالدىن ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ، خەنزۇ تىلى دەرسىنىڭ ئورنىغا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئىنگلىز تىلى دەرسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇندى. ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ كاتىپى «ئىنگلىز تىلىدىن ئۆتەلمىگەنلەر خەنزۇ تىلىدىن ئۆتەلمىگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» دېگىنىدە، ئۇ قورقۇپ قالمىدى، بەلكى بېلىنى تېخىمۇ چىڭ باغلىدى. ئۇنىڭ ئىلتىماسى تەستىقلاندى. ئۇ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە دەرس ئاڭلايدىغان بولدى.

ھەممىنى بېسىپ چۈشۈش ئىدىيىسى ئۇنى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن رىقابەتكە چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ كۆپ ماتېرىياللارنى كۆرۈپ بولدى ھەمدە بىرىنچى مەۋسۇمدە ئوتتۇرا ھال نەتىجە بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتتى، ئىككىنچى مەۋسۇمدىن باشلاپ سىنىپ بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى، كەسپىي دەرسلەردىكى ئەلاچىلىقىنىمۇ قولدىن بەرمىدى. ئۇنىڭ ئۇتۇق بىلەن باسقان قەدىمى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يۈكسەك غايە، شىجائەت ۋە جاسارەت ئاتا قىلدى.

* * *

— تاك، تاك، تاك.

— كىرىڭ، — دېدى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇل خادىمى بېشىنى ئالدىدىكى قەغەزلەردىن كۆتۈرمەي. ئىشىك ئېچىلىپ ئىشخانىغا 20 — 21 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى كىرىپ كەلدى.

باشلىق بېشىنى كۆتۈرۈپ «نېمە ئىش» دېگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى.

— بىر ئىشنى سوراپ باقاي دەپ كىرگەنىدىم، — دېدى ئۇ راۋان خەنزۇ تىلىدا، — ئىنگلىز تىلى كەسپىنىڭ دەرسلىرىنى ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىنىڭ باكلاۋىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغىلى بولامدۇ؟

باشلىق ھەيرانلىق ھېس قىلدى بولغاي، جاۋاب بېرىش ئورنىغا سوئال سورىدى:

— چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەمەسسىز-دە؟

— ياق، فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى.

— ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوخشىمامسىز؟

— ياق تېخى، 4-يىللىقتا ئوقۇۋاتىمەن.

— دۆلەتلىك ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ باققانمۇ؟
— قاتناشقان.
— تۆتىنچى دەرىجىلىكلەر ئىمتىھانىدىن ئۆتتىڭىزمۇ؟
— ئالتىنچى دەرىجىلىكلەر ئىمتىھانىدىن ئۆتتۇم.
— مۇنداق دەڭ، — باشلىق ئۇنىڭغا قىزىقىش بىلەن قاراپ سوئالنى داۋاملاشتۇردى:
— سىز خەنزۇ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنسىز-دە.
— ياق مىللىي سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.
— تىل ئۆگىنىش كەسپىي دەرسلەرنى ئۆگىنىشىڭىزگە تەسىر يەتكۈزمىدىمۇ؟
— ياق، مەن ھەر خىل ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىپ ئوقۇدۇم.
— ئىنگلىز تىلىنى قانداق ئۆگەندىڭىز؟
— ئاساسىي ساۋاتنى ئۆزلىكىمدىن ئۆگەندىم. ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگەندىن كېيىن خەنزۇ ساۋاقداشلار بىلەن ئىنگلىز تىلى دەرسى ئاڭلىدىم.
باشلىق قايىللىق نەزىرى بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى:
— ياخشى، ياخشى، ئوقۇغۇچىلىرىمىز سىزدەكلا تىرىشچان بولسا، مەكتىپىمىزدىن جەمئىيەتكە ياراملىق ئادەملەرنىڭ كۆپلەپ چىقىشىدىن ئۈمىد بار. ھازىر مەن ئالدىراش بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقماقچى بولۇپ تۇراتتىم. چۈشتىن كېيىن سۆزلەشسەك قانداق؟
— بولىدۇ.
شەيئىلەرگە باھا بەرگەندە ئومۇمىيلىقنى كۆرۈپ، خاسلىقنى كۆرمەسلىك نامۇۋاپىق يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

* * *

1989-يىلى دېكابىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن. ئوقۇغۇچىلار پائالىيەت مەركىزى.
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ئۆگىنىش بۆلۈمى بىلەن چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتى ئىنگلىز تىلى كەسپىدىكى ساۋاقداشلار بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ئىنگلىز تىلى سۆزلىشىش بۇلۇڭى. پائالىيەت مەركىزى تىل ھەۋەسكارلىرى بىلەن تولغانىدى. ئۇلار بىرقانچە چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىنى چۆرىدەپ تېپىشماق، چۆچەك، ھېكايە ئېيتىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ دىققىتى چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىۋاتقان ياش ئۇيغۇر يىگىتكە ئاغدۇرۇلدى.
— كەسپىڭىز ئىنگلىز تىلىمۇ؟ — بىر چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچى سورىدى توساتتىن.
— ياق، كەسپىم ئىنگلىز تىلى ئەمەس، فىزىكا.
— مۇنداق دەڭ، ئىنگلىز تىلىدا ياخشى ئىكەنسىز.
— رەھمەت سىزگە.
ھەۋەسكارلارنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتى.
— سىز قايسى ئالىي مەكتەپنىڭ ئىنگلىز تىلى كەسپىنى پۈتتۈرگەن؟
— مەن مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇيمەن.
— ئەجەپ بىر فاكۇلتېت تۇرۇپ كۆرمەپتىكەنمىزغۇ، قايسى يىللىقتا سىز؟
— مەن چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىدا ئەمەس، فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇيمەن.
— ئىنگلىز تىلىدا ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز.

ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا قىزىقىش ۋە گۇمان بىلەن قاراشتى. پەقەت ئۆزى بىلەن سېلىشتۇرما قىلغاندىلا ئادەملەردە مۇشۇنداق ھالەتلەر كۆرۈلىدۇ.

* * *

— قارا، ساڭا ياپونىيەدىن خەت كەپتۇ! ياپونىيەدە كىمىڭ بار ئىدى؟

— دوستۇم بار ئىدى. شۇنىڭدىن كەپتۇ.

— قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ياپون تىلىنى ئۆگىنىپ ياپونىيىلىك دوست بىلەن خەت-ئالاقە قىلغۇدەك بولۇپ كەتتىم دېگىنە.

— بىر يىل ۋاقىتنى قىسقا دېگىلى بولامدۇ؟

— ۋوي، كەمتەرلىكىڭنى قارا سېنىڭ.

توغرا ئۇسۇل بىلەن ئىجتىھات قىلغان ئىشنىڭ ئۈنۈمى زور بولىدۇ.

* * *

غايە — ئۇلۇغ، غايە — قۇدرەتلىك.

ئۇلۇغۋار غايە ھامان ئۇنى ئىلھاملاندۇراتتى. ئۇ رومانتىزمچى ئەمەس، بەلكى رېئالىزمچى ئىدى. ئۆگىنىشتىكى ھەرقانداق رىقابەتكە خۇشاللىق بىلەن يۈزلىنەتتى. ئۇ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئىنگلىز تىلىدىن ئۈچىنچى دەرىجىلىك دەرسنى ئۆگىنىپ بولۇپ، بىر سەكرەپلا ئالتىنچى دەرىجىلىك دەرسلىكنى ئاڭلاۋاتقانلار بىلەن دەرسكە قاتناشتى. دەرسكە قاتنىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشتى. چۈنكى ئۇ شۇ چاققىچە داشۆدە ئېچىلغان TOEFL (ئىنگلىز تىلىدىن خەلقئارالىق ئىمتىھان) ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىش سىنىپىغا قاتنىشىپ سەۋىيە جەھەتتىن تېز ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. ئۇ بۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىش بىلەن بىرلىكتە يەنە شۇ چاغلاردا مەكتەپتە بىرىنچى قېتىم ئېچىلغان ياپون تىلى كۇرسىغا قاتنىشىپ، ياپون تىلىنىمۇ ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆگىنىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىكىنى كۆرگەن كۇرسانتلار ئۇنىڭغا ھەم ھەيران قالدى، ھەم قايىل بولدى. شۇ چاغلاردا ئۇ سىنىپنىڭ ئۆگىنىش ھەيئىتى ھەم فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۆگىنىش بۆلۈمى باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. بىر ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىرنەچچە خىل ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى ئاسان ئەمەس. بىراق ئۇ جىددىي ھەم ئاۋارىچىلىقى كۆپ ئاشۇ ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقىپلا قالماستىن ئۆگىنىشتىكى ئەلاچىلىقنى ھەرگىز قولدىن بەرمىدى. شۇ يىلى مەكتەپ بويىچە ئىلغار ئوقۇغۇچىلار كادىرى، 3تە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ سايلىنىپ، خەلق ئوقۇش مۇكاپاتى ۋە كوجما ياسونارى ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ياپون تىلىدىن پۇختا ئاساسقا ئىگە بولۇش بىلەن بىرلىكتە مەملىكەتلىك ئىنگلىز تىلى ئالتىنچى دەرىجىلىكلەر ئىمتىھانى (CET–6) دىنمۇ ئۆتۈپ، شىنجاڭ داشۆ تارىخىدا تۇنجى قېتىم بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتكەن بىردىنبىر ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدى. (شۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا مەكتەپ بويىچە بىرمۇ خەنزۇ ئوقۇغۇچى ئۆتەلمىگەن ئەھۋالدا شۇلا ئۆتۈپ، مەكتەپ تارىخىدا رېكورت ياراتتى). شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى تارىلىشقا باشلىدى. بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ يولىدىن مېڭىشقا باشلىدى. ئۇمۇ ساۋاقداشلىرىغا ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنى، ئۆگىنىش تەجرىبىلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. بوش ۋاقىتلىرىدا كەسپىي دەرس ۋە ئىنگلىز تىللىرىدىن تەكرار قىلىپ بەردى.

www.uyghurkitap.com



ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆزىتىشكە، روھىي دۇنياسىنىڭ تەكچۈكلۈكىنى ساقلاشقا ماھىر ئادەم مىڭە ۋە قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلانغان ئىلگىرىلەشكە، ئۆز ئىمكانىيىتىچە ياخشى بولۇشقا تو‌سالغۇ بولۇۋاتقان نەرسىلەرگە توغرا باھا بېرەلەيدۇ. ئۇ ئۆزىگە توغرا باھا بەرگۈچىلا ئەمەس، بەلكى يەنە دادىل ئىسلاھاتچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قېلىشىنى خالىمايتتى. بەلكى بۈركۈت كەبى غايە كەڭلىكلىرىگە قاراپ پەر قاقاتتى.

شان-شۆھرەت ئادەمنى ئالدايدۇ. بىراق ئۇ شان-شۆھرەت ئالدىدا مەغرۇرلىنىپ قالمىدى. بەلكى دەۋرنىڭ رىتىمىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يولىدا يەنىمۇ چوڭ قەدەم تاشلاپ ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىنىڭ سىمۋوللۇق نامايەندىسى بولغان ئېلېكترون مېڭە تېخنىكا ساھەسىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا ئىرادە باغلىدى.

ئېلېكترون مېڭە تېخنىكىسى شىنجاڭ ئۈچۈن يېڭى بىر ساھە بولغاچقا، دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنى دۇنيا ئېلېكترون مېڭە تەرەققىياتىنىڭ ئۈچقاندەك تېز سۈرئىتىگە ماسلىشىشتىن يىراق ئىدى. ئۇ بۇ ساھەدە ئۆزۈپ چىقىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ ساھەگە دائىر بىلىملەرنى ئۆزلىكىدىن ئۆگەندى. ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياپونىيىدە ئوقۇغان ۋاقتىدا توپلىغان ماتېرىياللىرىنى ئارىيەت ئېلىپ كۆرۈپ ئىگىلىدى. كېيىنكى قەدەمدە ئۇ فاكۇلتېتقا ۋە ھېسابلاش مەركىزىگە ئىلتىماس سۇنۇپ، ھېسابلاش ماشىنىسىنى ئىشلىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلدى. مۇبادا ئۇ زامانىۋى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغان بولسا، زامانىۋى ياخشى ئوقۇتۇش شارائىتى ئۇنى بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، نۇرغۇن ئەگرى-توقاي جەريانلارنى بېسىش ۋە ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدىن خالىي قىلغان بولاتتى. ئەمما ئۇ شارائىتنىڭ ناچارلىقىدىن ئاغرىنمىدى. ئاخىرى رەھبەرلىكنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھېسابلاش مەركىزىدە بۇ پۇرسەتكە ئېرىشتى ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياردىمىدە تېز ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. شۇ كۈنلەردە مەملىكەتلىك ئاتاقلىق ھېسابلاش ماشىنىسى مۇتەخەسسىسى ھۇشۇر ئىسلام مۇئەللىمنىڭ نەزەرى ئۇنىڭغا چۈشتى. ھۇشۇر مۇئەللىم ئۇنى مەملىكەتلىك 863-پەن-تەتقىقات تېمىسىنىڭ بىر تۈرى بولغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتىش سىستېمىسىنى ئىشلەش گۇرۇپپىسىغا ئەزالىققا قوبۇل قىلدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، بەلكىم سىز ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا دۆلەتلىك پەن-تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەش گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق تەتقىقاتچىسىغا ئايلانغان بۇ ياشنىڭ كىملىكىنى بىلىشكە قىزىقىدىغانسىز؟

ئۇ شىنجاڭ داشۆ ئېلېكترون ئۇچۇر فاكۇلتېتىنىڭ ئاسپىرانتى دىلشات ھېۋزۇللا بولىدۇ.

دىلشات مەزكۇر تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا قاتناشقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە زور تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، ئالاھىدە ئىجادىي ئىقتىدارى بىلەن ھېسابلاش ماشىنىسىدا ئۇيغۇر تىلىنى ئاۋاز ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈش سىستېمىسىنى ئىشلەشكە باشلىدى، ھەمدە ناھايىتى تېزلا زور نەتىجىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ۋىرۇستىن مۇداپىئە كۆرۈش قورالى خاراكتېرلىك يۇمشاق دېتاللىرى، ھېسابلاش ماشىنىسىدىكى نۇقسانلارنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىلىرى جەمئىيەتكە تېز تارقىلىپ، زور تەسىر پەيدا قىلدى.

ھايات قىزىق، بەزىدە سىخىي، بەزىدە پىخسىق، بەزىدە ئۇ سېنىڭ ئالدىڭغا نۇرغۇن ئىمكانىيەتلەرنى قويىدۇ، لېكىن يەنە تاللاشتىن ئىبارەت چەكلىمىنىمۇ قوشۇپ قويىدۇ.

پۇل ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە قىزىقتۇرىدۇ. لېكىن ھەممىلا ئادەمنى ئۆزىنىڭ كەينىدىن ماڭغۇزالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىگە بولغان تەشنالىقى ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئىستىكىدىن غالىب كەلدى.

زامانىۋى تېخنىكا — ھازىرقى زامان كارخانىلىرىنىڭ تۈۋرۈكى. ئۇنىڭ ئېلېكترون تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئالاھىدە ئىقتىدارىغا قايىل بولغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خېلى چوڭ شىركەتلەر ئۇنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئۆزىدە ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدى. بىراق ئۇ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش قارارىدىن ۋاز كېچەلمەيتتى. فاكۇلتېت ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنىڭ ئەمەلىي قابىلىيىتى ۋە ئارزۇسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى ئېلېكترونلۇق مېڭە تېخنىكىسى بويىچە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشقا ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلدى. بۇ دىلشاتنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3-يىللىقىدا كۈندىلىك خاتىرىسىگە يازغان «كىشىلىك ھايات ئادەمگە بىرلا قېتىم مەنسۇپ بولىدۇ. ھاياتىڭدا ئەھمىيەتلىك بىرەر ئىش قىلمىساڭ ياشىغىنىڭنىڭ نېمە ئەھمىيىتى» دېگەن سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى پۇرسەت بولدى. ئۇ گويا كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ كالتەكنى بىر پەللىدىن تاپشۇرۇۋېلىپ، تېخىمۇ يىراق پەللىنى كۆزلەپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئىسپورتچىنىڭ ئۆزى ئىدى.

ھېسابلاش ماشىنىسى مەشغۇلاتى ئىنتايىن زېرىكىشلىك ئىش. ئادەتتىكى ئادەملەر ھېسابلاش ماشىنىسى ئالدىدا بىرەر سائەت ئولتۇرۇشقا چىدىيالمىغان بىلەن دىلشاتنىڭ بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە 17 — 18 سائەتلەپ ئولتۇرغان، كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرى ناھايىتى كۆپ.

بىر قېتىم بىر مۇھىم سىستېمىنى ئىشلەش ۋەزىپىسى دىلشاتقا تاپشۇرۇلدى. تېمىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى، ۋاقىت قىس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تېما يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلاتتى. ئالدىنقى كۈنى كېچە سائەت 2 گىچە ئىشلىگەن دىلشات بۈگۈنمۇ سەھەر يەتتە بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، كەچ سائەت 11 دا ئۆيگە كىردى.

— بالام، ساڭا جان لازىممۇ-ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئاپىسى ئۇنىڭ ياداپ كەتكەن چىرايى ۋە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ، — ئىشمۇ بولسۇن، ئارام ئېلىشمۇ بولسۇن، ھەممىدىن سالامەتلىك مۇھىم. سالامەت بولغاندىلا، ھەممە نەرسە بولىدۇ. ئۆزۈڭنى ئاسراشنىمۇ بىلگىن.

— گېپىڭىزمۇ توغرا، ئاپا، بىراق مەندىن ئەنسىرىمە. مەن بۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن، — دېدى دىلشات خاتىرجەملىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئىجتىمائىيلىق — ئىنسان ماھىيىتىنىڭ يادروسى. ھەرقانداق ئادەم جەمئىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ. كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، جەمئىيەت زىددىيەتلىك بولىدۇ. لېكىن زىددىيەتنىڭ ئۆزى ھەم قىيىنچىلىق ھەم مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مەنبەسى. شۇنداقلا ئىستىقبال پارلاق، يول ئەگرى-توقاي. بۇ پەلسەپىۋى قائىدە ئىنتىلگۈچىلەرگە ئىلھام بېرىدۇ.

دىلشات كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسىنى تېپىش ئارقىلىق ئۆز يولىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش جەريانىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا، روھىي بېسىمغا ۋە پىسخىك توقۇنۇشلارغا دۇچ كەلدى. بۇ جەرياندا تەبىئەتنىڭ ناز بىلەن ئەركىلەشلىرى ئۇنى ئۆز قوينىغا تارتالمىدى. ئويۇن-تاماشا سورۇنلىرى ئۇنى قىزىقتۇرالمىدى. بەزىلەر ئۇنى «ئىنسان تەبىئىتى يوق، ئويناشنى، كۈلۈشنى بىلمەيدۇ. ئېسىت، ئۇنىڭ ياشلىقىغا...» دېيىشسە،

www.uyghurkitap.com



بەزىلەر ھەتتا « دىلشاتتەك بولۇپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن » دېيىشتى.

كۆلكىلىك يېرى شۇكى، مۇشۇنداق دېگۈچىلەر مەڭگۈ دىلشات بولالمايتتى. بۇ خىل گەپ-سۆزلەر پەقەت ئۇلارنىڭ چىدىماسلىقى، كۆرەلمەسلىكىدىنلا بولۇۋاتاتتى، خالاس. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ ئاللىقاچان بىر سىستېمىغا ئايلىنىپ قالغان مەدەنىيەتسىزلىك ۋە قالاقلىقنىڭ بىر خىل « ئىقتىدارى » ئىدى.

مەسىلىنىڭ سەلبىي ھەم ئىجابىي تەرىپىدىن ئىلھام ئالالايدىغان ئادەملەرلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا چىچىلمايتتى، بەلكى ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىش يۈزىسىدىنمىكىن « بىچارە ئەخمەقلەر » دەپلا قوياتتى. ھېسابلاش ماشىنىسىدا ئۇيغۇر تىلىنى ئاۋاز ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈش سىستېمىسى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئۇيغۇر گىراماتىكىسى قائىدىلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى، بوغۇملارنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى بۇ تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلىگۈچىلەردىن كەڭ دائىرىلىك بىلىمگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ھەرقايسى پەنلەرنى پۇختا ئۆگەنگەنلىكتىن، بۇ جەھەتتە تېزلا ئىلگىرىلەپ كۆپ قىيىنچىلىقلارنى سۇنئىي زېھىن تېخنىكىسى ئارقىلىق ھەل قىلدى. ئۇ ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ھېسابلاش ماشىنىسى پەقەت گىراماتىكىلىق تەھلىل ئېلىپ بارغاندىلا ئاندىن توغرا پەرق ئېتەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇنجى ھېسابلاش ماشىنىسىدا ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكا ئامبىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇ كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق كۆرسەتكىلى بولىدىغان سىستېمىنى (演示系统) ئىشلەپ پۈتتۈرۈپ، دەرھال ئىشلەتكىلى بولىدىغان سىستېمىنى ئىشلەشكە ئاتلاندى. ئۇ يەنە نۆۋەتتە ئۇيغۇرچە مەشغۇلات سىستېمىسى كەمچىل بولۇش ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرنەچچە ئاي كېچە-كۈندۈز جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق بۇ سىستېمىنى ئىشلەپ پۈتتۈردى. بۇ سىستېمىدا خەنزۇچە يۇمشاق دېتاللار، ھەتتا ساپ ئىنگلىزچە يۇمشاق دېتاللار ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەيلا ئىنگلىزچە-خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقلارنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ. بۇ سىستېما بىۋاستە ئېكرانغا يېزىشنى بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقى ئۈچۈن ئىنگلىزچە ھالەتنى (英文环境) پۈتۈنلەي تەقلىد قىلالايدۇ. بۇ سىستېما خەنزۇچە سىستېمىلاردىمۇ تېخى يېقىندىلا ئەمەلگە ئاشقانىدى. بۇ تېخنىكا بۇ سىستېما يەنە ئۇيغۇر يېزىقىنى كىرگۈزۈشتىكى كۆپ خىل ئۇسۇلنى قوللانغان بولۇپ، بۇ ئۇسۇللارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆزلىكىدىن خەت شەكلىنى تاللاش ئۇسۇلىدا ھازىر قوللىنىۋاتقان قائىدىلەرگە ئەمەل قىلغان ئاساستا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ يېڭى ئىقتىدارلارنى قوشتى، يەنى بېسىش ماشىنىسىدا باسقاندا ئوڭ تەرەپتىن كىرگۈزۈش ھاجەتسىز.

ئۇ يەنە ھازىرقى بار خەت بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىلىرىنىڭ كۆپ خىل يېزىقنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق يېقىندا ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە، خەنزۇچە بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ سىستېما بارلىق يېزىقلارنى ئۆز يېزىقىنىڭ يېزىش قائىدىسىگە پۈتۈنلەي ئەمەل قىلىپ توغرا بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە، خەت كىرگۈزۈش كۈنۈپكىسىنى بېسىش قېتىم سانى ئازىيىپ ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە زور رولغا ئىگە. بەزى ئىملالارنى ئۆزى توغرىلىيالايدۇ ھەمدە ئۇخشىمىغان يېزىقنى ئۆزى

پەرقلەندۈرەلەيدۇ. كۆپ خىل بەت ياساش سىستېمىلىرى بىلەن ئەركىن ئۇلىنالايدۇ.
دېمەك، ئۇ تۈزگەن ھەربىر سىستېمىدا مانا مۇشۇنداق يېڭى بىر پىكىر، يېڭى بىر ئىلغار تېخنىكىنىڭ نامايەندىسى بار. ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ئۆگىنىش بۆلۈمىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن بۇلتۇر 3 - ئايدا مەكتەپ تارىخىدا تۇنجى قېتىم «ئېلېكترون مېڭە تېخنىكىسى» بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا دەرس ئۆتۈپ، بىر تۈركۈم ئاساسىي تېخنىكا بىلىملىرىگە ئىگە ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ، زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.
مەن يېقىندا دىلشاتنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇچلا پەرزەنتى ئالىي مەكتەپتە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇغان ۋە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى ھېۋزۇللا ئاكا ماڭا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:
— پەرزەنت تەربىيىلەشتە بالىلارنىڭ ئەتراپلىق ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. كۆچەت يۇمران چاغدا ئەگرى ئۆسۈپ قالسا، تۈزلەپ قويسا تۈز ئۆسىدۇ. چوڭىيىپ دەرەخكە ئايلانغاندا، تۈزلىگىلى بولمايدۇ، بەلكى تۈزلەيمەن دەپ سۇندۇرۇپ قويۇش مۇمكىن. شۇڭا بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىز شۇنداق قىلدۇق.
مەجبۇرلاش — ياخشى ئۇسۇل ئەمەس، بىز بالىلارنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىمىدۇق، بەلكى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە قىزىقتۇردۇق. مەسىلەن، رەسىملىك كىتابچە، ھېكايە كىتابچىلارنى ئېلىپ بېرىش، ھېكايە - چۆچەك، تېپىشماق ئېيتىپ بېرىش، ئۆگىنىش قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت ۋە شارائىت ھازىرلاپ بېرىش قاتارلىقلار... بۇنىڭ بىلەن بالىلار ئىلىمگە قىزىقىدىغان بولۇپ يېتىلدى. قىزىقىش تەبىئىي ھالدا ئاڭلىقلىقنى يېتىلدۈردى. شۇڭا ئۇلار كىچىكىدىنلا ئاڭلىق ئۆگىنىشكە ئادەتلەندى ھەمدە ئۆگىنىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان بولدى.
مەن مۇتەخەسسىس ھۇشۇر ئىسلام ئاكىنىڭ دىلشاتنى بالدۇر بايقاپ ئۇنى پەن - تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا دىلشات توغرىسىدا تەپسىلىيرەك ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم.
— ياخشى بوپتۇ، — دېدى ھۇشۇر مۇئەللىم قىزغىنلىق بىلەن مېنىڭ كېلىش مەقسىتىمنى ئۇققاندىن كېيىن، — دىلشاتتەك ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئىلىم - پەنگە كىرىشىپ كەتكەنلەر ياشلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇ كەسپكە پىششىق، شۇنداقلا تىرىشچان ھەم ئۆتكۈر. ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى يېڭى تېخنىكىلارنى ناھايىتى تېز ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈۋالالايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئېتىبار بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. جەمئىيەت ئىقتىساسلىق كىشىلەرگە مۇھتاج. شۇنداق بولغانىكەن، جەمئىيەت ئىقتىساسلىق ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. مەن دىلشاتنى 1991 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق پەن - تەتقىقات تېمىسىنىڭ بىر تۈرى بولغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتىش سىستېمىسى» نى ئىشلەشكە قاتناشتۇرغانىدىم. بۇ جەرياندا ئۇ ھېيت - بايرام، كېچە - كۈندۈز دېمىدى. بىز ئىشلىگەن بۇ تېما يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان تېما. دىلشات ھەقىقەتەن جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدىغان يىگىت ئىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈمىدىمنى يەردە قويمىدى. ئۇ ھازىر مۇشۇ تەتقىقات

www.uyghurkitap.com



گۈرۈپپىمىزنىڭ ئەڭ ياش ۋە ئەڭ مۇھىم ئەزالىرىنىڭ بىرى.

— جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئېلېكترون مېڭە تېخنىكىسى بىلەن زىچ باغلانغان. بىز ياشاۋاتقان بۇ زېمىن ئېچىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. تارىخىي خاراكتېرلىك بۇ چوڭ ئېچىلىش بىزدىن ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتتە ئۆگەنمەي، بىخۇتلۇق قىلساق بولمايدۇ. بىزدە چوقۇم كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئەمەلىيەت بولۇشى كېرەك، — دېدى دىلشات سۆھبەت ئاخىرىدا ماڭا.

شۇنداق، ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا جايلاشقان بۇ زېمىننىڭ ئېچىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى — پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىغا، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارغا، قىسقىسى ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىن يېتىشىپ چىققان ئىختىساسلىق خادىملارغا مۇھتاج.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، شۇ تاپ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇم قەدىمىي يىپەك يولىدىن كېلىۋاتقان تۆگە قوڭغۇرىقىنىڭ ساداسى بىلەن ھەمدە يېڭىدىن ئېچىلىۋاتقان يىپەك يولىدىن كېلىۋاتقان جاز مۇزىكا ساداسى بىلەن كېسىشكەندە، تارىختا ئۆتكەن مىللىتىمىزنىڭ پەخىرلىك كىشىلىرى بىلەن ھازىر تىرىك ياشاۋاتقان، خەلقىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان، قان ـ تەر تۆكۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكەندە، قەلبىمدىن ئاجايىپ بىر تۇيغۇ ئۇرغۇپ چىقتى. بەلكىم بۇ مېنىڭ بىر غەزەلخان مىللەتنىڭ پەرزەنتى بولغانلىقىم ئۈچۈندۇر خالاس:

سەن ئادەملەر دېڭىزىدا بىر ئادەم،
بار ئالدىڭدا پارلاق ھايات ئۇپۇقى.
بار ھەم يەنە قوللىرىڭدا، ياشلىقىنىڭ
جاسارىتى، ئېلىپ كەلگەن ئۇتۇقى.

سۈزۈۋالدىڭ بۇ دېڭىزدىن جاپادا
چۆكۈپ كەتكەن مايىكنى ئەجدادنىڭ،
تىكلەش كېرەك ئىلىم سۆيەر ئەۋلادلار
قۇربانى بوپ كەتمەي ھەسرەت ـ ھەسەتنىڭ.

ساڭا ئوخشاش ئۈمىد توغقان دوستلىرىم،
چولپان بولۇپ يانساق ھايات كۆكىدە.
ئەۋلاد غۇرۇر قىممىتىنى چۈشىنىپ،
يۈيۈناتتى ئەقىل، ۋىجدان كۆلىدە.



قەيسەر مىجىت 1970 ـ يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان. 1988 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ داشۆ ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتى خەلق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1993 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ مەزكۇر فاكۇلتېتتا سىياسىي ئىقتىساد ئىلمي ناۋار ئىگىلىكى تەتقىقات يۆنىلىشى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىدا ئوقۇۋاتىدۇ. ئاپتور ھازىرغا قەدەر گېزىت ـ ژۇرناللاردا 30 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، نەسىر، ئوبزور ۋە ماقالە ئېلان قىلدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ساھەم ئىبراھىم





ياسىنجان سادىق

# ئېپھ ، سەھرا

( ھېكايە )

قۇياش ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يالقۇنى زېمىننى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى. قارىماققا پۈتۈن يېزا چاڭقاپ ھالىدىن كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما يېزىدا نورمال ھايات داۋام قىلىۋاتاتتى.

ئەتراپى شاخ-شۇمبا بىلەن قاشالانغان بىر ھويلىنىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلدى. بەستلىك بىر يىگىت لىققىدە ئۆرۈك سېلىنغان كىچىككىنە يۇلغۇن سېۋەتنى كۆتۈرگىنىچە بۇلاق بېشىغا قاراپ ماڭدى. بۇلاق سۈيى مۇزدەك سوغۇق ئىدى. يىگىت سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچتى. ئۇنىڭ مىس رەڭلىك چىرايى تەرلەپ پارقىراپ كەتكەن ئىدى، ۋۇجۇدىدىن كۈچ-جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ، تەشنالىقىنى قاندۇرغاندىن كېيىن سېۋەتنى بۇلاق سۈيىگە چىلاپ قويۇپ، ئۆرۈكنىڭ ئۈستىنى ياپقان يوپۇرماقلارنى پاكىز يۇدى. ئاندىن كېيىن ئۆرۈكلەرنىڭ ئۈستىنى يوپۇرماق بىلەن يېپىپ، مەھەللىنىڭ شەرقىدىكى بۇغدايلىققا قاراپ ماڭدى.

بۇغدايلىق ئورمىچىلار بىلەن قايناپ كەتكەنىدى. ئۇ تەرەپتىن بىر قىزنىڭ شوخ ناخشىسى ئاڭلاندى:

ئورما ئورىسەن كۈندە،
تالمامدۇ بىلەكلىرىڭ.
مەن يادىڭغا يەتكەندە،
كۆيمەمدۇ يۈرەكلىرىڭ.

قىزنىڭ ناخشىسى يىگىتنىڭ يۈرىكىنى يايرىتىۋەتتى، ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ قىزنىڭ ناخشىسىغا جور بولدى:

ئورما ئورىدۇق ئېتىزدا،
ئالتىنچى ئايدا — تومۇزدا.
راست گېپىڭنى قىل يارىم،
بۇغدايلىقتا — ئېگىزدا.

يىگىت ناخشا ئېيتقاچ قىزنىڭ قېشىغا كەلدى. قىز بېشىنمۇ كۆتۈرمەي بوغدايغا ئورغاق سالاتتى. ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان توم ئىككى تال چېچى سىلكىنەتتى. يىگىت قىزنىڭ بېشىدا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ يۆتەلدى. شۇ ھامان قىز بوغدايغا ئورغاق سېلىشتىن توختاپ، قىزىل ھەللە ياغلىقتا مەھكەم تېڭىۋالغان بېشىنى لىككىدە كۆتۈردى-دە، چىرايلىق بادام قاپاقلىرىنى سۈزدى:

— بېشىڭنى يەرسەن، ئىلاھىم.

— كىمنى دېدىڭ؟ — دېدى يىگىت شوخلۇق بىلەن.

— سېنى.

يىگىت گەدىنىنى قاشلاپ ھىجايدى.

— مېنى نېمىشقا تىللايسەن؟

قىز يىگىتكە زەردە بىلەن چەكچەيدى:

— راست گېپىڭنى قىل دەپ ھاڭراپ كەلمىسەڭمۇ بولاتتى.

— توۋا، — دېدى يىگىت ئۇۋال بولغاندەك قىياپەتتە، — ساڭا جور بولۇپ ناخشا ئوقۇدۇمغۇ؟ شۇنىڭغىمۇ خاپا بولۇپ كېتەمسەن؟

— باشقىلار ناخشا ئوقۇغاندا زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ قالغانمىدى؟ — دېدى قىز چىرايىنى تۈرۈپ، — مەن ناخشا ئوقۇساملا ئايىغىنى تارتىۋالىسەن، سەت كاركىراپ...

— خاپا بولمىغىن خۇمار، مەن ناماقۇل بولاي، — يىگىت شۇنداق دېگىنىچە ئوڭ قولىنى يۈرىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قىزغا ئىگىلدى.

— ئۆتەپ بارە، سەت توڭكاي، — قىز شۇنداق دېگىنىچە ۋىلىققىدە كۈلۈۋەتتى.

— مە، ئۆرۈك يېگىن، — دېدى يىگىت قىزنىڭ چىرايىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ، — بۇلاق سۈيىگە چىلاپ مۇزدەك قىلىپ ئەكەلدىم.

— رەھمەت، ئۆرۈك يېگۈسى بارلارغا ئاپىرىپ بەرگىن، — دېدى قىز چىرايىنى يەنە تۈرۈپ، — مەن سېنىڭ ئۆرۈكۈڭگە خۇشتار ئەمەس.

قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يىگىتنىڭ سېۋەت تۇتۇپ تۇرغان توم، قارامتۇل بىلەكلىرى تىترىدى. شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدە ئۈمىدسىزلىنىش، خورلۇق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. قىز يىگىتنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ يەنە ۋىلىققىدە كۈلدى-دە، سېۋەتنى يىگىتنىڭ قولىدىن كاپپىدە ئالدى.

— ۋاي بىچارە، نازۇك غوجام، — دېدى قىز ئۆرۈكتىن بىر تالنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىپ قويسام قىل قالدىڭ-ھە ماڭا يىغلاپ بەرگىلى.

يىگىت يەنە ھىجايدى. چاققانلىق بىلەن قىزنىڭ ئورغىقىنى قولىغا ئالدى.

— سەن ئۆرۈك يېگەچ بىردەم ھاردۇق ئال. ئورمىنى مەن ئوراي.

— ئاۋارە بولما، — دېدى قىز قەتئىيلىك بىلەن، — ئۆزۈم ئورىمەن.

قىز سېۋەتنى يەرگە قويۇپ، قىر تۆۋىدىكى چىغىرتماقنىڭ دالدىسىغا ئوت-چۆپ-لەر بىلەن چۈمكەپ قويۇلغان كومزەكنى ئېلىپ يىگىتكە ئۇزاتتى.

— تۈنۈگۈن ئۇيۇتقان قېتىق، ئىچىۋال-غىن، ئىسسىق ئۆتۈپ قالمايدۇ.

يىگىت كومزەكتىكى مۇزدەك قېتىقنى قوشۇقتا ئىچىشكە باشلىدى. ئۇلار بىرنەچچە مىنۇت جىمجىت ئولتۇرۇشتى. يىگىتنىڭ قوي كۆزلىرى قىزنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن قارامتۇل چىرايىغا، ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدىكى زىلۋا قامىتىگە تويماي تىكىلەتتى. قىز ئۆرۈكتىن ئون نەچچە تال يېگەندىن كېيىن، سېۋەتنى يوپۇرماقلار بىلەن چىرايلىق ئوراپ

يىگىتكە تەگلىدى:

— مەن بۇ بىر سېۋەت ئۈزۈكنى يەپ بولالمىغۇدەكمەن، باشقا ئورمىچىلارغا ئاپىرىپ بەرگەچ سەنمۇ ئۈزۈگىنىڭ بۇغدىيىگىنى ئورۇپ تۈگىتىۋال. ھاۋا يەنە 4 — 5 كۈن مۇشۇنداق ئىسسىق بولۇپ بەرسە ئۈنجىلەر جاڭ-جاڭ قۇرۇيدۇ. سوپىكىدە خامىنىمنى تېپىپ بېرەرسەن.

— بۇغدايلىرىڭنىمۇ مەن ئورۇپ بېرەي، — دېدى يىگىت يېلىنغان ھالدا.

— ئۈزۈگىنىڭگىنىچۇ؟

— ئانام بىلەن دادام بار. سەن يالغۇز قىينىلىپ قاپسەن. ھاۋاخاچامنىڭ كېسىلى ساقىيىپ بولالمىدى. بەربىر ساڭا ياردەملىشىپ بېرەلمەيدۇ.

— ياق، ئاۋۋال ئۈزۈگىنىڭگىنى ئور، تېز تۈتۈش قىلمىساڭ، باشاقلار تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. مەن يېتىشەلەيمەن. ئەخمەت تۈنۈگۈن كەچ ناھىيىگە كەپتۇ، بۇگۈن بۇ يەرگە كەلسە ماڭا ياردەملىشىدۇ.

قىز شۇنداق دېدى-دە، خىجىل بولۇپ بېشىنى ئەگدى.

يىگىتنىڭ يۈرىكى ھەرە چاققاندەك ئېچىشتى.

— بوپتۇ ئەمسە، — دېدى يىگىت پەس ئاۋازدا، ئۇنىڭ كۆزىگە غىلدە ياش كەلدى. ئاۋازى تىترىدى، — ئورمىنى ئورۇپ بولۇپ خەۋەر قىل. ئۈنجىنى سوپەكتە توشۇپ، تېپىپ، سورۇپ بېرەي، ئەخمەت ئورما ئورىيالىسىمۇ خامان ئالالمايدۇ.

قۇياش ئاسماننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالغاندى. ئۇ زېمىنغا ھېسابسىز كۆپ ئىسسىقلىق چاچاتتى...

قىز بۇگۈنمۇ تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەگلا ئورمىلىققا چىققاندى. مانا، چىڭقى چۈش بولدى. قۇياشنىڭ تەپتى تۈنۈگۈنكىدىن قېلىشمايتتى. قىز بۇغدايلارغا غەيرەت بىلەن ئورغاق سالاتتى. ئورغاق بىسى قۇياش نۇرىدا پالتىرايتتى. ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان توم ئىككى تال ئۆرمە چېچى زىلۋا قامىتى بىلەن تەڭ سىلكىنەتتى. ئۇ ئاش ۋاقتىغىچە ناخشىنى بولدى دېگىچە توۋلىدى. يېقىملىق ئاۋازىدىن پۈتكۈل ئورمىلىق جاراڭلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرىكىگە سىغمايتتى، ئۇ ھارماي ناخشا ئېيتاتتى، ئورما ئوراتتى. پات-پات مەھەللە ئىچىگە ئىنتىزارلىق بىلەن قارايتتى. ئەخمەتنىڭ ئورغاق كۆتۈرۈپ چىقىشىنى، ناخشىغا جور بولۇپ ئورما ئورۇشىنى كۈتەتتى. كۈن چۈشتىن قېيىلغان بولسىمۇ، تېخىچىلا ئەخمەتنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. بارا-بارا ئېيتقان ناخشىلىرى ئۆزىگە مەنىسىز تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى بانا قىلىپ، ئەخمەتنىڭ ئاتا-ئانىسى ئورما ئوروۋاتقان ئېتىزلىققا باردى. ئېتىزلىقتا بىر ئائىلىلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بار، پەقەت ئەخمەتلا يوق ئىدى.

خۇمار ئەتىگەن شۇنچە تاتلىق خىياللار بىلەن ئېتىز بېشىغا چىققاندى. خۇمار ئورما ناخشىسىنى جاراڭلىق توۋلىسا، ئەخمەتمۇ ئورما ئورىغاچ ئۇنىڭ ناخشىسىغا جور بولسا، يۈرەك سىرلىرىنى ناخشىلىرى بىلەن ئىزھار قىلىشسا... ئېھ، نېمىدېگەن ياخشى ئىدى-ھە! ئەپسۇس، بۇگۈن ئۇنىڭ ناخشىسىغا ھېچكىم جور بولمىدى. مەخمۇتقا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ يۈز قىزنىڭ ئارىسىدىنمۇ خۇمارنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتەلەيتتىغۇ؟ خۇمارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تەگلا ئورنىدا تېپىرلاپ تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ ناخشىلىرىغا جور بولاتتىغۇ، يۈرەك سىرلىرىنى، ئارزۇ-تەلەپلىرىنى ناخشا بىلەن بايان قىلاتتىغۇ؟

خۇمار تۈنۈگۈن مەخمۇت بىلەن ئۈزۈك يېگەن ئېتىزغا ئىختىيارسىز نەزەر تاشلىدى، ئورمىچىلار چۈشلۈك تاماق يەۋېلىش،

بەللىرىنى تۈزلەپ ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن مەھەللە ئىچىگە قاراپ مېڭىشقا باشلىغانىدى.

— ئالمىخاچا، — دېدى خۇمار ئۆيىگە مېڭىش تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقان ئايالغا قاراپ، — ئانامغا دەپ قويسىلا، ماڭا ئاش ئەكىلىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسۇن، ماۋۇ ئېتىزنىڭ ئىككى سوللۇق يېرى قالدى، باشقا ئەچقۇۋېتىپلا تاماققا ئۆزۈم بارىمەن.

قىز شۇنداق دېدى-دە، يەنە ئورما ئورۇشقا كىرىشتى. ئورغاقنىڭ بىسى قوياش نۇرىدا يالتىرايتتى. كەينىدە بىر قولتۇق-بىر قولتۇقلۇق ئۈنچىلەر رەتلىك يېقىلاتتى. ئورغاقنىڭ شارتىلدىغان ئاۋازى خېلى بىر يەرگىچە ئاڭلىناتتى.

تۇيۇقسىز قىزنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى. ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتەردى-دە، ئۆزىگە ئاشىقانە تەلمۈرۈپ تۇرغان يىگىتكە قارىدى. يىگىت زامانغا لايىق مودا كىيىملەرنى كىيگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپتۈرۈلگەن قوڭۇر چاچلىرى قىزلارنىڭكىدەك ئاق، يۇمران چىرايىغا ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

— ھارمىغىن. سالامەت كەلدىڭمۇ؟

قىز شۇنداق دېدى-دە، خىجىل بولۇپ پۇتىنىڭ ئۇچىغا قارىدى. بىر يىللىق ھىجراندىن كېيىنكى تۇنجى يۈز كۆرۈشۈش قىزنى ھاياجانلاندۇرۇپ، تارتىنچاق قىلىپ قويغانىدى.

— سەنمۇ سالامەت تۇردۇڭمۇ، خۇمار؟

قىز ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، يىگىتنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. ئۇماققىنە كۈلۈمسىرىدى. ۋۇجۇدىدىكى تارتىنىش، قورۇنۇش، ھودۇقۇش تۇيغۇلىرى ئاستا-ئاستا يوقالدى. قىز ئەتراپقا خۇدۇكسىرەپ قارىدى. ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى.

ئۇلار قىردا يانمۇ-يان ئولتۇردى.

— ئاخشام كەلگەنىدىم، — دېدى يىگىت.

— خەۋىرىم بار، — دېدى قىز پىچىرلاپ.

— مەھەللىدە سېنى خېلى ئۇزاق ساقلىدىم. ئۆيگە يانمىدىڭ، ھەقىچان ئورما ئورۇۋاتىدىغۇ دەپ، ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كېلىشتىم.

— يولۇڭغا ئەتىگەندىلا قارىغانىدىم، — دېدى قىز تارتىنىپقىنا.

— ئورنۇمدىن تۇرغۇم كەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرسام مەنمۇ قولۇمغا ئورغاق ئېلىپ ئورمىلىققا چىقسام بولىدىكەن. شۇڭا بېشىمنى چۆمكەپ جىملا يېتىۋالغانىدىم، — يىگىت قىزنىڭ قاپىرىپ كەتكەن ئالقانلىرىنى مېھرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كىشىلەر سەھرانى قىيامەت دېسە نېمە دېگىنىكىن دەپتىكەنمەن. ئەمدى بىلدىم. بۇندىن كېيىن سېنى ئورما ئورغۇزمايمەن، خىزمەت ئورنۇم مۇقىملاشقاندا غاچچىدە توي قىلىپ سېنى شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىمەن.

يىگىتنىڭ بۇ سۆزلىرى قىزنى شېرىن تۇيغۇلار قايىنىمىدىن تارتىپ چىقاردى. ئۇ يىگىتكە تىكىلا قاراپ سورىدى:

— شەھەردە قالىمەن دەمسەنا؟

— ھەئە، — دېدى يىگىت مەغرۇرلۇق بىلەن، — ئۆتكەن يىلقى يازلىق تەتىلدە تاغام بىلەن بۇ ئىش توغرۇلۇق مەسلەھەتلەشكەن ئىدىم. تاغام مېنى شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغان. مەن ھازىر تاغام بىلەن كۆرۈشكىلى شەھەرگە كىرىمەن.

— سەن دېھقانچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان ئىدىڭغۇ؟

— كەسپىمنى ئالماشتۇرىمەن، — يىگىت ھاياجانلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — سەھرايى قىيامەتتە ئىشلەش بىزنىڭ

پېشانىمىزگە پۈتۈلمىگەن بولغىيدى. بىلەمسەن خۇمار، شەھەر دېگەن قانداق گۈزەل!

— بولدى، سەن مېڭىۋەرگىن.

قىز قولىنى يىگىتنىڭ ئالقانلىرى ئارىسىدىن تارتىۋالدى.

— ئەمىسە مېنىڭ خۇش خەۋىرىمنى كۈتكىن، — دېدى يىگىت مېڭىشقا تەمشىلىپ.

— توختاپ تۇر ئەخمەت، — دېدى قىز قوپاللىق بىلەن. قىز ئەلەملىك تىناتتى، كۆزلىرىدە ئازاب، ھەسرەت، ئېچىنىش ئىپادىلىرى پەيدا بولغانىدى، — بىلىپ قوي، مەن ئەمدى سېنى كۈتەلمەيمەن. ھازىردىن باشلاپ ئىككىمىزنىڭ ئارىسى ئۈچۈق. سەنمۇ ئۆز يولۇڭغا مېڭىۋەر.

يىگىت قىزنىڭ سۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمەي تېڭىرقىدى، قىزاردى، كۆزلىرىنى قىزغا ھەيرانلىق بىلەن تىكتى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ. چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟

— ياق، چاقچاق قىلمىدىم.

— ئەمىسە ساڭا ۋاپاسىزلىق قىلغان يېرىم بارمۇ؟

— ياق، ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلمىدىڭ، — دېدى قىز تەمكىنلىك بىلەن، — بىراق يېزىمىزغا، بىزنى بېقىپ ئۆستۈرگەن ئانا سەھرايىمىزغا ۋاپاسىزلىق قىلدىڭ. بىلەمسەن ئەخمەت، ئاق مەھەللە بىزنىڭ ئانىمىز. ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلغان ئادەمگە مېنىڭ قەلبىمدە ئورۇن يوق.

يىگىت قىزغا بىر ھازا تىكىلىپ تۇردى. ئاغزىدىن ئىختىيارسىز «ئەخمەق» دېگەن سۆز چىقىپ كەتتى.

قىز پەرۋاسىزلىق بىلەن قولىغا ئورغاقنى ئالدى-دە، جان-جەھلى بىلەن ئورما ئورۇشقا باشلىدى. ئورغاق بىسى قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى. شارتىلدىغان ئاۋازلار يىراق-يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان توم ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى زىلۋا قامىتى بىلەن تەڭ سىلكىنەتتى.

قۇياش ئاسمانىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا توختاپ، زېمىنغا ھېسابسىز ئالتۇن نۇرلارنى چاچاتتى.

خۇمار بۈگۈنمۇ تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ ئورمىلىققا چىقتى. گەرچە ئۇ ناخشا ئېيتمىغان بولسىمۇ بۇغدايغا غەيرەت بىلەن ئورغاق سالاتتى. قۇياش نۇر چاچاتتى. ئورغاق بىسى يالتىرايتتى. قىزنىڭ چىرايىدا قايغۇ تۇمانلىرى يوق ئىدى.

ئۇ چۈشكە يېقىن ئۆيگە بېرىپ باغقا كىردى. شاختىن ئۆرۈكلەرنى زىدە قىلماي بىر-بىرلەپ ئۈزۈپ ئالدى. سېۋەتنىڭ ئۈستىنى ئۆرۈك يوپۇرماقلىرى بىلەن ياپتى. ئاندىن كېيىن بۇلاق بېشىغا بېرىپ، ئۆرۈكنى بۇلاق سۈيىگە چىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سېۋەتنى كۆتۈرۈپ بۇغدايلىققا قاراپ ماڭدى.

ئۇ مەخمۇتنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، مەخمۇت باش كۆتۈرمەي بۇغداي ئورۇۋاتاتتى.

— ساڭا ئۆرۈك ئەكەلدىم، — دېدى خۇمار، مەخمۇتنىڭ يېنىدا توختاپ.

يىگىت چۆچۈپ بېشىنى كۆتەردى-دە، قىزنىڭ جامالىغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى. غەمكىن كۆزلىرىدە بەخت نۇرلىرى بالقىدى.

— ھاڭۋېقىپ تۇرىسەنغۇ؟ — دېدى قىز شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ، — ئۆرۈك يە، بۇلاق سۈيىدە چايقاپ ئەكەلدىم.

قۇياش ئاسمانىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا توختاپ، زېمىنغا ھېسابسىز ئالتۇن نۇرلارنى چاچاتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئوسمانجان ساۋۇت

# سەن چىققان چوققىلار قالغۇسۇن يەسلەپ

## دوستۇمغا

سېنى بىر كۆرگىنىم بىر بايرام ماڭا،
بايرامدا ئۇنتۇلار ھەسرەتلەر تامام.
يۈرەكىڭنىڭ مۇلكىنى بەرگەن مەن ساڭا،
قەيەرگە سىغدۇ ئەمدى شۆھرەت-نام.

شۇنداق بىر نام-شۆھرەت قوغلاشماپتىمىز،
ئەپ ئىزدەپ، ئىلجىيىپ... ئىگىشىپ يەرگە..
سېھىرلىك يوللارنى ئويلاشماپتىمىز،
پەرىشتە قاراپتى سېھىرلىك ئەرگە؟

تۇسىنى يوقاتتى تالاي نەرسىلەر،
تۇسىنى يوقاتتى تالاي ئۆلپەت ھەم.
چەمبەرگە پاتمىدۇق، نېمە دېسە دەر
خالايىق، ئەسلىدە بىزدە كۆڭۈل كەم.

كۆزنەكتە بىر يۇلتۇز چاقناپ تۇرىدۇ
دىلدىكى چوغلانغان ئارمانىنى سۆزلەپ.
بەزىلەر كەينىڭدىن خەنجەر ئۇرىدۇ،
كېلىمىز بىپەرۋا ئۇپۇقنى كۆزلەپ.

بىز گويا پىداكار گاھى چاغلاردا
ۋۇجۇدنى ئۆرتەيمىز، تىرىلىمىز ھەم.
قەلبىڭنىڭ تېمىغا چۈشكەن داغلارغا
سېنىڭ شۇ مەنىلىك كۈلكىلىرىڭ ئەم.

ۋاقىتنىڭ ئوقلىرى ئېتىلار ھەر دەم،
كېلىمىز ئىشقىلىپ يوللاردا ئامان.
قېيىنغا قارىغىن، قېيىندەك بەردەم
بىزدىكى بەرداش ۋە بىزدىكى ئارمان.

## قورشاۋ

خىرىسلار قورشاۋى ئالار ئارىغا،
قاقشىدىم بىر ئەسنا ئالالماي نەپەس.
تۈز چاچتى ھەسرەتلەر گاھى يارىغا،
تەپتىدىن ئايرىلدى ئاپتاپتەك ھەۋەس.

رەڭگىنى يوقاتتى ئالەم شۇ ھامان،
ئالدىمدا شۇملۇقنىڭ ئوتلىرى يېنىپ.
كەتكەندەك بولىدۇ ئۆزگىرىپ شۇئان،
قۇياشمۇ ئۆزىنىڭ سۆزىدىن تېنىپ.

يان-يانغا قارىدىم، دوست ۋە دۈشمىنىم
گوياكى بولغاندەك ھەمرالاش بىر سەپ.
دېمەك بۇ پۈتكىنىم، دېمەك ئۆچكىنىم،
روي بەرگەن ئىشلارغا تاڭ قالدىم ئەجەپ.

ئۈستۈرگەن مايسامنى ئورماقچى ئۇلار،
قوپارغان تېمىمنى ئۆرمەكچى ھەمدە.
ئۈستۈمدىن دەم بېرىپ ئۆتتى ئاق قۇلار،
ئادەملەر؟
نېمىدەي؟ بەندىدە-بەندە!

## سەن چىققان چوققىلار قالمسۇن پەسلەپ

چوققىلار باغرىدا تۇرسەن تەنها،
باغرىڭدا لىپمۇلىپ يانغان ئىپتىخار.
قولۇڭنى سوزساڭلا يېتىدۇ ئايغا،
سىرىڭنى بۇلۇتقا قىلسەن ئىزھار.

قاردىن بەك چاقناپسەن نۇرلىنىپ تېخى،
بۇ ئاددىي ئاجۇندىن كېتىپ بەك يىراق.
سۆيسەممۇ مۆجىزە ئاشۇ قەددىڭنى
ئىزاھلاپ بېرەلمەي قالىمەن بىراق.

تۆكۈلسە لېۋىڭدىن يېقىملىق سۆزلەر،
كۈن تۇرار ئۇلارنى جاۋاھىر ئەيلەپ.
يانىدۇ يۈكسەكتە تۇمەنىڭ كۆزلەر،
چۈشمەيدۇ زېمىنگە بوشلۇقتا لەيلەپ.

جىلغىدا قالىدۇ چوڭقۇر ئىزلىرىم
ھەمدە مەن پىچىرلاپ ئوقۇغان داستان.
قاناتلىق پەرىنى ياياق ئىزدىدىم،
چىدامىم چېكىگە يېتەلمەس ئاسمان.

خىياللار ئىچىگە شۇڭغۇپ مەن شۇندا،
سۆيگۈنىڭ پىرلىرىن قالىمەن ئەسلەپ.
قوللىرىم قاناتقا ئايلاندى بۇندا،
سەن چىققان چوققىلار قالمسۇن پەسلەپ.

### ئۇۋۋا 1

دىل شادلىققا تولغان بىر چاغدا،
تامىلىرىڭغا چېچەك ياماشتى.
تۇرماقتىمەن چىمەنلىك باغدا،
گۈلگە باقتىم، كۆزۈم قاماشتى.

ئۆزۈم ئىزدەپ يۈرگەن پەرىشتە
چىقىپ كەلدى پورەك ئىچىدىن.
ئېپ چىقتى ئۇ مېنى ئەرشكە
ۋە ئايرىدى قارا كېچىدىن.

(1) بىز شائىردىن

چۈمپەردىنى ئالدى يۈزىدىن
تۈنجى قېتىم ئالدىمدا ئالەم.
ئوت چېچىلدى ئىككى كۆزىدىن،
ياسمەنگە دۆچ كەلدى لالەم.

بۇلۇتلارنى باغاشلاپ باقتىم،
دېڭىزلاردا يايرىدىم ئۈزۈپ.
نۇر يولىدا نۇر كەبى ئاقتىم،
لەھەل بىلەن جاۋاھىر سۈزۈپ.

ئۇلۇغ ئېچىل ئەمدى ئىشكىم،
كىرىپ كەلسۇن سۆيۈملۈك مېھمان.
«يۈرنۋەرسۇن مەڭگۇ ئەجلىم (1)»
يىراقلاردا ئاشكارە — پىنھان.

ئۇلۇغ ئېچىل ئەمدى ئىشكىم،
كىرىپ كەلسۇن ئارزۇققان ئىنسان.
ئەجەل ئەمەس ھېچكىمگە ھېچكىم،
جان ئىچىدە چېچەكلىسۇن جان.

### قىقنۇس

تاپتايىن قىياغا تامغان دەستە نۇر،
تاپتايىن قۇيۇلغان يارقىن مۇھەببەت.
تاپتايىن بېرىلگەن قالتىس بىر ئۆمۈر،
بەختىنىڭ بەختىدەك ئەلچىسى پەقەت.

ھېسابسىز جۇلالىق، قېنىق شوخ رەڭلەر،
پەرلەرنىڭ جىلۋىسى ئوينايدۇ گويا.
يۈز ئاچار ئالدىمدا دەھشەتلىك جەڭلەر،
كۆيمەكتە كۈل بولۇپ بىر كونا دۇنيا!

تاش بولۇپ باغلاندى ئەقدەم مېنىڭ،
ئۆت ئەمەس يۈرەككە،
يۈرەككە بەردەم.
جۇش ئۇرۇپ يانىدۇ تومۇردا قېنىم
بۇ پارلاق بارلىقنى ئويلىسام ھەردەم.

ئۆزەكسىز سايىلەر سوندۇ قىرىپ،
يىلتىزسىز گىياھلار بەربىر سەرسان.
كۆرتەكلەر چىقىدۇ تاشلارنى يېرىپ،
تاغلاردەك غالىپتۇر ئىزگۈلىك ھەرئان.

قۇۋۋەتسىز زەررىلەر ئۇچار كۆل بولۇپ،
رەڭگى يوق خىياللار غايىپ ھەر زامان.
پىداكار غايىلەر يانار گۈل بولۇپ،
نۇرلارنىڭ جاھانى ھامان بۇ جاھان.

تەڭ قىممەت ئالەمدە ئانا ۋە تۇپراق،
كونىراپ قالمايدۇ مەڭگۈگە يېڭى.
(ھەركىمگە ياقىدۇ ھەممىدىن خوپراق
ياشلىقنىڭ تەڭداشسىز، چىرايلىق تېڭى.)

ئاشۇنداق خىسلەتلەر پەيلەرگە سىڭىپ،
يارالدى بىر تەندە مىڭبىر كارامەت.
تىرىكلىك ھەمىشە ئۆلۈمنى يېڭىپ،
ئىزغىرىن ئورنىنى ئالدى ھارارەت.

ئاھ كۆركەم، ئاھ ئىسىل، ھېكمەت قىقنۇس،
ئىلھامغا چۆمكەيلا كېلىسەن مېنى.
ئاسمانلار بىپايان قانىتىڭ راۋرۇس،
ئايدىكى ئارچىلار كۈتىدۇ سېنى.

1993 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

## ئۇۋا 2

تاملىرىڭدا ھەسرەتلىرىم بار،
ھەممە ھاللىق، تۈگمەس ناخشام.
بىردە بولۇپ تەقدىرىمگە دار،
بىردە بولدۇڭ تاڭ، بىردە ئاخشام.

تۈگۈلۈكۈمدىن كۆككە تەلمۈردۈم،
بەختىم بولماي چىقتى يۇلتۇزلار.
ئۇلۇغلارنى شېپى كەلتۈردۈم،
ئايلانمىدى تىلسىمغا ئىزلار.

بولۇڭلىرىم مۇز قاپاقسىلەر،
كۆلكەڭ قېنى، راھىتىڭ قېنى؟
پىشكەللىككە بىر ساپاقسىلەر
نېمە قىلماق ئىستەيسەن مېنى؟

ئىشىكلىرىم كىمگە ئېچىلدىڭ
ياۋىمىغمۇ ياكى ئۆزگىمۇ؟
قىسمەتلىرىم قانداق سېتىلدىڭ
دۇردۇنىگمۇ ياكى بۆزگىمۇ؟

## «مودېرنىزم» خىتابنامىسى

كونىدۇر بۇ زېمىن، كونىدۇر ۋەتەن،
كونىدۇر ئانا ھەم كونا مۇھەببەت.
كونىدۇر روھىمىز، كونىدۇر بۇ تەن،
كونىدۇر خۇدا ھەم كونا مۇھەممەت.

كونىدۇر تولۇن ئاي، كونىدۇر قۇياش،
كونىدۇر بۇلۇتلار، كونىدۇر ئاسمان.
كونىدۇر ئۇيۇقنى قىزىلغا بوياش،
دۇنيانى بەربىر كونىلىق باسقان.

كونىدۇر داغدام يول ھەمدە چىغىر يول،
كونىدۇر ئوڭ سۆزلەش، پىكىر قىلىش ھەم.
مېڭىشمۇ، تۇرۇشمۇ، سىلكىنىشمۇ قول
ھەممىسى، ھەممىسى كونىلىقتا تەن.

كونىدۇر ھاۋامۇ، كونىدۇر سۇلار،
كونىدۇر يورۇقتا كۆز ئېچىپ ياشاش.
كونىدۇر تاغلارمۇ، كونىدۇر نۇرلار،
كونىدۇر كۆزلەرمۇ، كونىدۇر قاراش.

كونىدۇر ھەقىقەت، كونىدۇر ئالەم،
كونىدۇر خەلق ھەم كونىدۇر مىللەت.
كونىدۇر تۆرىلىش، كونىدۇر ئادەم،
كونىدۇر ھەممىسى... كونىلىق ئىللەت.

كونىدۇر تارىخ ھەم كونىدۇر ئەجداد،
كونىدۇر ئەقىدە، كونا تىلىمىز.
ئۆز ئۆچۈن ئۆلمەسلىك ئەمدى بول كاسات،
يېڭى بىز، ھەممىنى يېڭى قىلىمىز.

## قاتارلىشىپ كېلىمىز

قاتارلىشىپ كېلىمىز، مەن يىغلىدىم
كۆز يېشىمنى كۆرمىدىڭ، كۆرمە جېنىم.
قىزغىنلىشتىن بىر سۆزنى ئېيتىپ قالدىم،
رەنجىدىڭ سەن، ئايلانسۇن كۆزلگە تېنىم.

قاتارلىشىپ كېلىمىز، مەن يىغلىدىم،
كۆز يېشىمنى كۆرمىدىڭ، كۆرمە جېنىم.
بىر سۆزۈمگە مىڭ تاغنى ئۆرۈۋەتتىڭ،
كەۋسەر ئەمەس سىز بولسۇن ئەمدى قېنىم.

قاتارلىشىپ كېلىمىز، مەن يىغلىدىم،
كۆز يېشىمنى كۆرمىدىڭ، كۆرمە جېنىم.
كىرىپ كەتتىڭ ئۆيۈڭگە دەھشەت، دەھشەت
يېرىم بولسۇن، بۆلۈك ھەم ئەمدى نېنىم.

قاتارلىشىپ كېلىمىز، مەن يىغلىدىم،
كۆز يېشىمنى كۆرمىدىڭ، كۆرمە جېنىم.
ھېچنېمىگە تۇرماسمىش ساڭا كېيىش،
يەرنى ئەمەس تارت ئەمدى گۆرنى تېنىم.

## قۇياشقا تۇتاشقان سەن ماڭغان بۇ يول

قۇياشقا تۇتاشقان سەن ماڭغان بۇ يول،
قۇياشتىن تۇغۇلغان ئەي قۇياش ئوغلان.
ئەجدادلار ئەرۋاھى ساڭا قاراۋۇل
بېشىڭدا سايىۋەن ئەسىرى شەرەپ-شان.

ھەر تۈننىڭ ئۆزگىچە يۈكى يەلكەڭدە
مۇدۇرمەي كېلىسەن مەنزىلدە پۈتۈن.
ئۇزغۇنلۇق ئايلاندى بەيگە بەلگەڭگە،
چەيلەندى ھەمىشە ئاياغتا تۈتۈن.

ياسەن، بارلىسەن ھەربىر زەررىدە،
يانالماس ئوقتىلار ئۆتەيدۇ ئاداب.
ھاياتقا تېگىشلىك ھەربىر پەللىگە
قۇياشنىڭ تۇغىنى تۇرسەن قاداپ.

ئۆزنىپ قويدۇ ئاناڭ بوخچاڭغا
قاچىلاپ سەھەرنىڭ يۇلتۇزلىرىنى.
تىلەيدۇ ئەگرىدىن بەرگىن دەپ ساڭا
قەدىمىي تاغلارنىڭ يىلتىزلىرىنى.

شۇنداق سەن تاغ يىلتىز، قۇياش يىلتىزسەن،
قۇرۇتماق ئىستىگەن كىم ئىكەن سېنى.
ئەرۋەشلەر ئەۋجىگە قىلمىدىڭ پىسەن،
يەنىلا ئىپتىخار چۇلغىدى مېنى.

ياش-يۇمران نوتىسەن، يۇمران بەرگىڭگە
قونۇشنى ئىستەيدۇ باغرى مۇز شەبنەم.
سەرۋىدەك ئازادە ئۆسكەن قەددىڭگە
چىرمالساق دېيىشەر چىگگىلىكلەر ھەم.

ھەر دوقمۇش قولىدا جۇت بىلەن قۇت بار،
قۇت يار قول بېخىلدۇر، جۇت بار قول سېخىي.
رىسقىڭنى ئالغىچە بېخىلدىن بىدار،
ئۆمرۈڭنى بەدەل قىپ بېرىسەن تېخى.

ئەتراپنى چۇمكەيدۇ قارىغۇ تومانلار
غەپلەتكە بول غەرق قېنى ئۇخلا دەپ.
ئۆرۈلۈپ ئانىغا ياۋۇز شەيتانلار
باغرىغا باسىدۇ سېنى پەپىلەپ.

تۈنلەرنىڭ باغرىنى تىلغان چېقىندەك،
دەي-دەيلەر باغرىنى يېرىپ كېلىسەن.
دەۋرىگەن قۇدرەتلىك، ھەيۋەت ئېقىندەك،
لاۋا ۋە لاتقىنى سىرىپ كېلىسەن.

بۈگۈننىڭ قولۇڭدا تۇرىدۇ رايىش،
ئەتىنىڭ تەقدىرى دېمەك ساڭا تەن.
مەن سېنى ئالەمگە قىلدىم نامايىش،
قۇياشقا ئايلاندى ئانا ۋەتەن.

قۇياشقا تۇتاشقان سەن ماڭغان بۇ يول
قۇياشتىن تۇغۇلغان ئەي قۇياش ئوغلان.
ئەجدادلار ئەرۋاھى ساڭا قاراۋۇل
بېشىڭدا سايىۋەن ئەسىرى شەرەپ-شان.

1994-يىل 2-ئاي، ئۈرۈمچى

ئىمىن تۇرسۇن

# رۇبائىي دەپ يازسام...

تەپ تارتماستىن دەيدۇ ئىنسان رىياكارى:
« مەن خەلقىنىڭ خالىسانە خىزمەتكارى.»
رىياكارغا يالۋۇرمىغىل ھەر مۇشكۈلدە،
چۈنكى بولماس ئۇ مۇھتاجنىڭ مەدەتكارى.

رىيا دېمەك مەندا شۇدۇر مىننەت بىلەن،
مىننەت ھامان قېرىندا شتۇر تۆھمەت بىلەن.
ئۆزگىنى ھەم ئۆزى كەبى چاغلايدىكەن
ساددا دىللار، شۇڭا ئۆتەر مېھنەت بىلەن.

ساددا دىللار، بىلسەڭ، ئەسلا نادان ئەمەس،
پەقەت ھەقدار سەھنىسدە تەدان ئەمەس؛
قورۇق سۆزدىن بولسىمۇ غەش دىلى، ئەمما
سۇخەنچىلەر سورۇنىدا كاردان ئەمەس.

رىزقى نەسىب بۇ ئالەمگە تارالمىشدۇر،
ئالەم شۇڭا شەخسىيەتكە قارالمىشدۇر؛
نانىنى يەيدۇ ھەر كىم پەقەت ئۆز ئاغزىغا،
چۈنكى ئادەم شەخسىيەتتىن يارالمىشدۇر.

« بوۋام قالماق ئىكەن » دەيدۇ چالا موللا،
مىللىتىڭ كىم، دېسە، دەيدۇ خەلىلۇللاھ.
ئەجدادىنى بىلمىگەنلەر ئەۋلادىنى
بىلمەيدۇ ھەم بىلەلمەيدۇ، ۋادەرىخ-ئاھ!

غېرىب بولماق كىشى ئۈچۈن ئەيىب ئەمەس،
غۇربەتلىكتە راھەت ئاڭا نەسىپ ئەمەس.
ئىنسان ئارا كۈن كۆرسە گەر ئەمگەك بىلەن
ئالەم ئىچرە ھەرگىز غېرىب غايىپ ئەمەس.

بەزى ئىنسان بولغاي غېرىپ ئۆز يۇرتىدا،
چۈنكى ھىممەت بولمىغاچقا ۋۇجۇدىدا.

« ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش » دەپ، ياتسا كىم،
غېرىب تۇگۇل، بولغاي ھەقىر تۆت كوچىدا.

كىم يىغدى مال ئەل قاقشىتىپ نەس قولىغا،
خېرىداردۇر مەلئۇن ئۇنىڭ جان-مېلىغا.
كىم تاپتى نام مىكرىدىن، بۇ يولدۇر ئاسان،
يۆلەكدا شۇدۇر زالىم، مەككار-پەس خىلىغا؛

ئۆكۈز قوشتىن بوشانماستىن ئامان تاپماس،
ھامال يۈكتىن قۇتۇلماستىن ئارام تاپماس؛
ئۆكۈز — ھايۋان، ھامال — ئىنسان، پەرقى شۇدۇر،
لېكىن زامان زەپتارىدا بىر نام تاپماس.

بەك ئۆچەشسە ئەگەر ئاغرىق جاننى ئالۇر،
تۈتتۈۋەرسە قەرزمۇ ئاخىر مالنى ئالۇر.
ئاغرىققا بار ئىلاج، ئامال بار قەرزگىمۇ،
دىل ئازارى يوقالماستىن مەڭگۈ قالۇر.

ئوقۇپ يەركەن موللا، قاغا چوقۇپ يەركەن،
تېجىمەللەر نەق خامانىنى سوقۇپ يەركەن.
تۆت ئۇنسۇردىن تۆرەلگەچكە ئادەمىزات،
تۆت خىل بولۇپ بىر-بىرىنى يۇتۇپ يەركەن.

دېھقان يەردىن مېھنەت بىلەن بال ئۈندۈرسە،
مالچى قىردا كۈلپەت بىلەن مال ئۈندۈرسە،
ھالۋىنى يەر ھېكىم، تاباق يەيدۇ يىتىم،
ئامال قانچە، قىسمەت شۇنداق دەپ كۆندۈرسە.

رۇبائىي، دەپ يازغانلىرىم قوشاق سۆزكەن،
ئوقۇغانلار دەيدۇ بۇنى ئۇششاق سۆزكەن.
قانداق قىلاي، ئۇلۇغ سۆزگە تىلىم ناقىس،
يارانلىرىم بىنەۋا ھەم قاقشاق-تۈزكەن.

1994-يىل، يانۋار

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

# ئۆمۈر سەپىرىدە ئىنسان ئارمىنى

## زېمىن تەسەددىسى

1

بەك شېرىن دەقىقە، شېرىن دەملەر ئۇ
كەڭ يورۇق جاھانغا تۇنجى كۆز ئاچماق.
سەبىيلىك چېغىدىن باشلاپ ئادەمنى
ئالدىغا باغرىغا مۇقەددەس تۇپراق.
ئانىنىڭ جىسمىدىن ئايرىلىپ بوۋاق،
كۆرىدۇ ئەڭ دەسلەپ يەردە ئۆزىنى.
قىسمەتلەر باشلىنار شۇ كۈندىن تارتىپ،
ھېكمەتلەر نۇر بولۇپ ئاچار كۆزىنى.

2

گۈل زېمىن كۆتۈرەر ئېلىپ بېشىغا،
قۇياشقا كۆرسىتىپ سېنى ۋە مېنى.
سۇبھىلەر، كۈندۈزلەر، رەڭدار پەسىللەر
شادلىققا چۆمدۈرەر ئىنسان دىلىنى.
چىمەنلەر تەلمۈرۈپ چىللار باغرىغا،
بۇلاقلار ئويغىتار قەلبىڭدە غۇرۇر.
بۇ زېمىن سۆيگۈسى ساڭا جان بېرىپ،
كۆتۈرەر يەلكىگە ئېلىپ بىر ئۆمۈر.

3

چىرايلىق تاغلار ھەم دىلبەر كېچىلەر
ئەللەيلەر ۋە كۈيلەر، قەدىرلەر سېنى.
نە تەلەپ تۇنجى رەت ئالغاندا قەدەم،
قەلبىڭگە تۆكىلەر بۇ زېمىن مېھرى.
تۇيغۇلار ئىلكىدە سۆيگۈلەر دەريا،
سۆيگۈدىن تۇغۇلار ئەقىل ۋە چىدام.
شۇ تۇپراق بەختىگە تەقدىم ھەر نەپەس،
بۇ ئانا تۇپراقسىز ھاياتىڭ تامام.

4

قانچىلاپ چۆچەكلەر قالدى يوللاردا،
سەبىيلىك چېغىدىن ياشلىققا قەدەر.
قېنىدىن تاشقان بىر دەريادۇر ياشلىق،
سۆيگۈ سەھراسىغا ئەيلىگەن سەپەر.
ئاشىقلىق قىسمىتى سالار مىڭ سەۋدا،
سەۋدالىق چۆلىدە تاپقايسەن ئەقىل.
چاچلارغا ئاق كىرەر، كۈلەر نەۋرىلەر،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ياشلىق ئۆتەر، بىل.

5

قۇتلۇق يىغىلار، مەسۇم كۈلكىلەر
زېمىنغا گۈل بولۇپ بېسىلغان قەدەم.
دىلكەش كۆكۈللەردە تاغلارنىڭ ئىشقى،
ئاتەش بېقىشلاردا نىيەتلەر ھەمدەم.
ياشلىقنىڭ غۇرۇرى، ياشلىق پۇرسىتى
ساداقىغا بەتلەنگەن ئوق مىسال بىلسەڭ.
نە ئارمان جاسارەت تەختىدە كۈلۈپ،
زېمىن سۆيگۈسىدە ياشىساڭ، ئۆلسەڭ.

6

ئاق تاغلار قۇچاقلاپ سۆيەر زېمىننى،
ئاقباش چوققىلارنىڭ يۇيۇپ يۈزىنى.
ھەسەن-ھۈسەنلەرنىڭ نازلىق جىلۋىسى
زىلال بۇلاقلارنىڭ ئاچار كۆزىنى.
بۇ زېمىن ئىشقىدا گۈللەر، گىياھلار
باغرىنى چاك ئەيلەپ قىلىدۇ خەندە.
نېچۈن يۈرىكىڭنى قاپلىماس يالقۇن
بۇ زېمىن باغرىدا كۈلگەن چىمەندە.

7

ئارمانلىق چۈشلەردىن جىلمىيىپ بەزەن،
ساداقەت جامىغا قۇيۇلغان مەيدەك؛
كۆزلەر قارىچۇقىدا جانان سۈرىتى،
ئارمانلار يەلكىسىگە ئارتىلغان تىلەك.
ھەممىسى، ھەممىسى بۇ زېمىن ئىشقى،
زېمىن كۈلكىلىرى ئۇلار جانغا جان.
ھاياتلىق قەۋمىگە بۇ قۇتلۇق زېمىن
باغرىنى ئەيلىگەن مۇقەددەس ماكان.

8

ئانا باغرى بەكمۇ ئىللىق، دېيىشەر،
زېمىن باغرىدىن كەلگەن بۇ يالقۇن،
زېمىن بېشىدا ئىنسان قايغۇسى،
ئىنسان ئۈستىكىدۇر بۆلۈشمەك پۈتۈن.

www.uyghurkitap.com

زېمىن دەۋاسىدىن تولغىنار زېمىن،
قانلار زەردابىدىن بۇلغىنار زېمىن.
لېكىن زېمىندا بولمىسا ئىنسان،
ئەلەمگە ئەبەدىي چۈلغىنار زېمىن.

**9**

ئالدانغان تۇيغۇلار، پارلاق سۆيگۈلەر
ھەممىسى، ھەممىسى بۇ زېمىن رىشتى.
كۈلپەتلەر، شادلىقلار، ئۆلۈم خەۋرى
ھەممىسى، ھەممىسى بۇ زېمىن ئىشقى.
ۋىجدان ۋە غورۇرنىڭ بۈيۈك تەختىدىن
زېمىن ساداسىغا سالىمەن قۇلاق.
زېمىن سۆيگۈسىدە مۇشتۇمدەك يۈرەك
بولماقتا كۈي ئاقار تۈمەنىڭ بۇلاق.

## ئارمان لىرىكىسى

ئەجدادلار ئارمىنى، ئەۋلادلار غېمى
ئارتىلغان يەلكەمگە تىزرەلگىنىمدە.
جۈرئەت تۇلپارىغا مىنگەندەك روھىم
تۈنجى رەت يۆگەككە بۆگەلگىنىمدە.
كۆرۈندى كۆزۈمگە تۈگىمەس يوللار
شۇ يورغا بۆشۈككە بۆلەنگىنىمدە.

ئارمانلار ئىلكىدە گۆكرىغاندا مەن،
ئالدىمدا يۈز ئاچتى پايانسىز چىمەن.
چىمەنلەر قوينىغا چىللاپ ھەر نەپەس
ئىنتىلىش قەلبىمنى ئەيلىدى ۋەتەن.
تەلپۈنۈش ھاياتقا بېغىشلار شادلىق،
ئارمانلار نامايەن تەلپۈنۈش بىلەن.

تەمتىلەپ ماڭغاندا يىقىلىپ بەزەن،
جاسارەت ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى مېنى.
ئاتام ئېلىپ بەرگەن شۇ پومزەك سىمان
ئالدىمغا تاشلىدى دۇنيا سىرىنى.
ئانام كۈلكىسىدە كۆردۈم بىر ھېكمەت،
ئاتام كۆزلىرىدە تاڭلار ئارمىنى.

ھېكمەت ئاچقۇچىغا قول ئۇزارتماقتا
ئېلىپبە بېتىگە مېھرىمنى چاچتىم.

ھەرپتىن ھەرپكە كۆچكەندە كۆزۈم،
ئارمان شوتىسىدا كۆككە ياماشتىم.
گاھ پىكىر ۋادىسىدا ئەيلىسەم رەقس،
سىرلار بوسۇغىسىدا بەزەن ئاداشتىم.

كىتابقا باش قويۇپ تاڭلار ئاتقۇزدۇم،
تەپەككۇر قۇشلىرىم بولغاندا قىران.
تۇرمۇش رەڭدارلىقى ئەيلىدى مەپتۇن،
ھەر گىياھ قەلبىمگە ئوت سالغان جانان.
تەبىئەت تۇيغۇلار تارىنى چەكتى.
قانلاردا جۇش ئۇردى سۆيگۈ، ھاياجان.

دەريا ساھىللىرى رەڭدار، يوتىلار
سۆيگۈ چەشمىسىگە بولۇشتى ۋەتەن.
كۆزلەر قارىچۇقىدا يۇلتۇزلار پىنھان،
جانانلار سۈرىتى ئاھۇيى خوتەن.
سابالار ئۈركىگەك كەپتەر مىسالى،
قەدەملەر ئىلكىدە جىلمىيار چىمەن.

جەزبىلىك سۈرەتلەر، رەڭدار كەشتىلەر
بىر ئاتەش سېپىپ كەتتى يۈرەكلىرىمگە.
قەلەمنى تۇتقۇزدى ئۇستاز ناۋايى
دېدى: يەت مۇشكۈلدە تىلەكلىرىڭگە.
مەپتۇنكار كۆزلىرىم باقتى ھاياتقا،
باش قويدۇم مومامنىڭ چۆچەكلىرىگە.

ئارمان كېمىسىگە تاشلانغان قەدەم
سالچىلار چۇقانىدا تىندى بىر مەھەل.
ئۈمىد ساماسىدا كۆرۈنگەن يۇلتۇز
دولقۇنلار ئەۋجىدىن تىڭلىدى غەزەل.
ئويغاندىم بىر ئېغىر چۈشتىن تولغىنىپ،
ئۆزۈمنى تونۇدۇم شۇ دەمدىلا نەق،

كېلىمەن قەلەمگە تايىنىپ ھارغىن،
چىغىر يوللار ئارا ئاتلاپ بەل، داۋان.
بۇ رەڭدار دۇنيانىڭ چەكسىز يولىدا
پىكىرلەر، سەزگۈلەر تىنچىماس كارۋان.
يېڭى يول ئېچىشتا تىرىشىمەن دائىم،
ئەقلىم قۇچىقىدا جەملەنگەن ئارمان.

ئەللىك بەش داۋانغا يامىشىپ چىقتىم،
ئارمانلار ئارمانغا كەلدى ئۇلىنىپ.
ھەر ئارمان چېچەكلەپ مېۋە بەرگۈچە
ياشىدىم مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بىر تىرىلىپ.
ۋاقىت چاقلىرىنىڭ ئاستىدىن تۇردۇم
ئارمان شوتىسىغا ھەر ئان تىۋىنىپ.

قانچىلىك ياشايمەن، قىلمەن ئىجاد،
بىلمەيمەن ۋە لېكىن ئىشەنچ زور مەندە.
قەغەز ھەم قەلىمىم سىرداشتۇر ماڭا
ئارمانلىق سەپەردە، جان بولسا تەندە.
بۇلبۇلدىن ئەۋلادقا قالمايدۇ دۇنيا،
بىر تاتلىق كۈي قالسا بەستۇر چىمەندە.

روزى سايىت

# ئۈچ غەزەل

## ھاياتنىڭ ئىمتىھانى جىق

ئۆزۈن ئالەم، ئۆمۈر قىسقا، ھاياتنىڭ ئىمتىھانى جىق،
ئاشۇ جىق ئىمتىھاننىڭ شەكلى ھەر خىل، بەلكى سانى جىق.
بىلەرمەن ئېيتىدۇ: تەلەي ئۆمۈردە يەتتە رەت كەلگەي،
قاچان، قانداق سۈرەتتە كەلمىكى مەخپىي نىھانى جىق.
بىلەرمەنلەر دېگەن بۇ گەپ كىتابنىڭ نەرىدە؟ ئەمما،
ئۆيۈمدە بىر كىتاب باركى رېئاللىقتىن نىشانى جىق.
ئۇنىڭ ماۋزۇسىغا «تۇرمۇش» ئىسىملىك خەت يېزىلغان چوڭ،
ئوقۇپ ئىخلاسىدا ھەر كىم كۆزەتسە يول راۋانى جىق:
ھالاللىق ھەممىدىن ئەلا، ئۆزۈڭنىڭ ئەجرىدىن نەپ كۈت،
تەمەنىڭ مېۋىسى ئاچچىق، ھوسۇلدىن خازانى جىق.
يامانلىقتىن ھەزەر قىل، ياخشىلىق ئىنسانغا تاج-دۆلەت،
يامانىنىڭ قەستىدە بىرى، بەلەننىڭ مېھرىبانى جىق!...
كىتابنىڭ ھەر قۇرى شۇنداق ئېسىل ھېكمەتتە لىقلانغان،
ئۇنى تەھسىل ئېتىپ قىلدى ئەمەل كىم بەختى، شانى جىق.
ياران، قىل پۇختا تەييارلىق ھاياتنىڭ ئىمتىھانىغا،
ئۆمۈرنىڭ خامىنى بولسۇن ھوسۇللۇق — تۆھپە دانى جىق.
بۇ روزى ئۆتمىسە باشتىن قىلامتى شۇنچىلا تەشۋىش،
شۇڭا ئەشئاردا كان قازدى بېرەر نەۋرى باھانى جىق.

## ئۆمۈردىن شۆھرىتىڭ باقى

— بىر مۇقامچىغا بېغىشلاپ

ئاۋازىڭدۇر كۆڭۈلنىڭ خۇش ھاۋا ئەنھارىسى مەجنۇن،
سېنىڭ چالغۇڭ مۇھەببەت رىشتىسى-دىلتارىسى مەجنۇن.

باياۋاندا كېپىكلەر يىغلىشۇرمىش ئاھلىرىڭ تاشسا،
لەبا-لەب باغرى قان گۈلدۇر يۈرەكىنىڭ پارىسى مەجنۇن.
داۋاسىزمىش ئەگەر تىغ ئۇرسا ھىجران ۋەسلى شەيداغا،
مۇقامىڭدۇر ۋىسال تەشنا جۇنۇنىنىڭ دارىسى مەجنۇن.
ئۇچار قۇش مەست بولۇپ قونغان ئىكەن تەمبۇرغا ئەۋۋەلدە،
سىنىڭ پەيزىڭ بىلەن باردۇر بۇنىڭ ھەم چارىسى مەجنۇن.
لىباسلانمىش جىمى روھى چۇقان بۇ تاشقى ئالەمدە،
كۆيىگدە ئاقتى دىللار سۆھبىتى — ئىزھارىسى مەجنۇن.
لاتاپەت، كۆي سىڭىپ كىرگەن قەلبكە سۆيگۈ پەرۋانە،
كۆرۈندى ئوت ئارا روھلاردا قوت دىلدارىسى مەجنۇن.
ئايا دوستۇم ئۇنۇڭنى، كەلمىسۇن دەرد خوش زوۋانىڭغا،
زىلال كۆلسۇن، ھامان كۆيسۇن مۇقام ئەغيارىسى مەجنۇن.
مالاقەت يەتمىسۇن كۆڭلى كۇشادىڭ، شوخ تەرەننۇمغا،
شۇ قوش دەستە دۇتارنى كەسمىسۇن غەم ھارىسى مەجنۇن.
ناگاھان چۇشسە باشىڭغا مۇزەممەت تاغىدىن بىر تاش،
ساقايغاي ئەل دۇئاسىدا بۇ زەخمە يارىسى مەجنۇن.
ئۇلۇغلۇق خاس مۇقاملارغا، ساڭا بەخشەندە مەشھۇرلۇق،
كامالەتنە يىتۇك سەن، يوق بۇنىڭ ئىنكارىسى مەجنۇن.
نەپەس-ئوت، دەيدۇ بۇ روزى، ئۇمۇردىن شۆھرىتىڭ باقى،
بولۇپ ئۆت ئەلگە ھەمدەم، بول مۇقامىنىڭ ۋارىسى مەجنۇن!

## سۆيگۈ ئىزھارى

ۋۇجۇدۇم ئوت، ۋىسالىڭ ئوت كۆرۈنگەچكە،
دىلىم خۇشنۇد بۇ ھالەتتىن سۆيۈنگەچكە.
مۇھەببەت گۈلشەنىم ھەر بارە پەرۋىشتە،
ئۆزۈڭ باغۋەن بولۇپ باغقا كۆيۈنگەچكە.
شۇڭا سۆيگۈم پەقەت سەنچۇن قۇچاق ئاچقاي،
دىسەڭ كۈندۈزدە كۈندۈز، كەچ دىسەڭ كەچكە.
ھارارەتلىك نىگاھىڭ تەكتى بىر ئامەت،
بى ھاجەت مەن بۇ ۋەجدىن قىشتىمۇ پەچكە.
ھامان ئىشقىڭنى مەيلىم ئىلكىدە تۇتقاي،
تۇرارسەن ئۆزۈكۈمدە ئايلىنىپ چەچكە.
نەچەچ، قاشتاش-گۆھەرسەن دىل خەزىنەمدە،
ماڭا سەندىن ۋاپا نۇرى تۆكۈلگەچكە.
پەقەت سەن بار، ئىشەن، يوق غەيرىگە تاۋىم،
ئىزىش يوق يات «قەلەمقاش» زورلىسا «كەچ» كە...

مەھەممەت روزى

# ئاق قۇلارنىڭ تىللىرىدا نۇرۇزلۇق

## ناخشا ئاۋازى

ئىسمىدە يۇلتۇزلۇق كەچكۇز ئاخشىمى،
ھىلال ئاي ئۇستۇمدە ئۇزەتتى ئاستا.
قەلبىمنى تىترىتىپ كەپە ئىچىدىن
ئاقاتتى سىھىرلىك بىر مۇڭلۇق ناخشا.

ئۇنى كىم ئېيتقاندۇ بىلمەيمەن ئېنىق،
بىر ئاشىق ئىنساندۇر ياكى بىر غەمناك.
كۇيلىنەر ناخشىدا سۆيگۇ، ھىجران، يار،
ئاھاڭى يېقىملىق، غۇبارسىز ھەم پاك.

مەن ئاشۇ كەپىدە تۇردۇم نەچچە كۇن،
ھەر كەچتە شۇ ناخشا ئېيتىلار تەكرار.
بۇ سىرلىق ئالەمدە كۆكۇللەر گىرە،
دۇتارنىڭ تارلىرى قىسمەتكە ئەسرار.

## ئەللەيلەيدۇ زېمىن ئۇنى قۇچاقتا

تۆرىلىدۇ ھەم كېتىدۇ ئىنسانلار،
بۇ ئەزەلدىن قانۇنىيەت، ھەقىقەت.
ۋاقتى كەلسە زېمىن يۇتار ھەركىمنى،
قىلماس ئاڭا ئېتىرازمۇ كار پەقەت.

لېكىن ئۆلۇم ئوخشاش ئەمەس ھېچقاچان،
بۆلىنەر ئۇ تۇپتىن ئىككى قۇتۇپقا.
ئىككىسىنىڭ ئاسمان-زېمىن پەرقى بار،
ئايرىلغاندەك قاراڭغۇغا-يورۇققا.

ئېلىنىدۇ مېھنەت قىلماي ئۆتكەنلەر
ئۆلمەي تۇرۇپ لەنەت تىككەن كېپەنگە.
يىرگىنىدۇ ئىنسان تۇگۇل زېمىنمۇ،
ئەجىلدىن بۇنداق بۇرۇن ئۆلگەنگە.

ئىجاد قىلىپ ئۆلگەن بولسا كىم ئەگەر،
ياشار روھى تائەبەدىي دىللاردا.
تۇرار ئۇلار ئۇلۇغلىنىپ، يادلىنىپ،
كۇيلىنىدۇ داستان بولۇپ تىللاردا.

قەبرىسىنى ئالتۇن رەڭدە بېزىتەر
قۇياش ۋە ئاي ھەر كۇندۇزى، كېچىسى.
ئەللەيلەيدۇ زېمىن ئۇنى قۇچاقتا،
شۇ ئەللەيدە ئايان ئەلنىڭ سۆيگۇسى.

## يولۇچى

تاغ-داۋانلار ئاشار يولۇچى،
ۋۇجۇدىدا سۇنماس جاسارەت.
قۇياش بولۇپ يانغان يۇرىكى
ئىنتىلىدۇ ئالغا داۋامەت.

مەيلى ياغسۇن شىددەتلىك يامغۇر،
چىقسۇن ياكى دەھشەتلىك بوران.
ئۇ ھەممىگە قىلماستىن پىسەنت،
ئىلگىرىلەيدۇ توختىماي ھامان.

ئاھ، بۇ يولنىڭ ئاخىرى نەدە؟
بۇنى بىلمەس ھېچقانداق ئادەم.
غايە ئۇچۇن يولۇچى ئەمما،
مەڭگۇ ئالغا تاشلايدۇ قەدەم.

## سۇبھى

تاغ كەينىدىن چىقىپ زەر قۇياش،
نۇرلىرىنى ئاستى ياپراققا.
ئۇ گۇزەللىك ئىلاھى بولۇپ،
ئوتقاشتەك تۇس بەردى تۇپراققا.

مەجنۇن تاللار ئۇينايدۇ ئۇسسۇل،
كۆلدە ئەركىن ئۈزىدۇ بېلىق.
پاك ھاۋانى سۈمۈرۈپ بوۋاي،
قىرغاق بويلاپ ماڭىدۇ سىلىق.

چۇۋ-چۇۋلايدۇ كۆكتە تورغايلار،
تاڭ ساباسى ئۇچىدۇ غۇر-غۇر.
يايلاقلارغا ماڭغان پادىلار،
ئەتراپلارغا قارايدۇ مەغرۇر.

تەبىئەتنىڭ گۈلگۈن چېھرىدە
جىلۋىلىنەر گۈزەللىك رېڭى.
تاڭدەك سۆيگۈ ئېتىدۇ بەخش
ئانا يۇرتنىڭ ھەر سۈبھى تېڭى.

## باغلار

باغلار بىزگە تاڭدىكى ئىما،
ئايان قىلمىش پۈتمەس ناۋانى.
قۇش سايىسى، سۇلار دائىما
يوشۇرغاندۇر بىر مۇئەممانى.

باغلار، قۇملار بەلكى تىلسىملار
ئالۋۇن كەبى تەۋرىنىپ يىغلار.
گۈگۈم ئارا يوچۇن ھەممە ياق،
تومۇرىدا نۇر ساقلار چىغلار.

## نورۇز كۈيى

كۆردۈم بۈگۈن نورۇزدىكى چېچەكنى
ئۇچۇپ ئۆتكەن ھۆر ئاق قۇلار كۆزىدىن.
كۆمۈلىدۇ قىشنىڭ جىسمى لەھەتكە،
قوش قات ئايال تولغاق تۇتۇپ ئىڭرىسا،
تولغىنىدۇ زېمىن ئۇنىڭ ئۈنىدىن.

تامچىلايدۇ كۆك يۈزىدە ھىلالمۇ،
ھىجاق يۇلتۇز سېپىپ يۈرەر خۇشخەۋەر.
قوش قات ئايال يەڭگىپ قالدى چىرايلىق،
بوۋاي چۈشتى كۆك قەھرىدىن ساقاللىق
ئات قويىدۇ، ئەزان توۋلاپ تاڭ سەھەر.

تەبرىكلەيدۇ قەبرىلەرمۇ كۆز ئېچىپ،
ئۈزۈپ چىقار قەسىرلەردىن خىياللار.
ئورمانلاردا ياپراقلارمۇ چاۋاكچى،
شادلىق يېشى تۆكۈپ يۈرەر قوشاقچى،
قۇت چېپىنى سۇندى ئەلگە سابالار.

يېڭى بوۋاق يىغىسىمۇ يېڭى كۈي،
ئاق قۇلارنىڭ تىللىرىدا نورۇزلۇق.
چېچىلىدۇ قۇياشتىنمۇ تەنتەنە،
تاغ ئۇچىدا بۈركۈت كۆككە يۇلقۇنار،
نورۇز كۈيى ئۈپۈقلارغا قونۇقلۇق.





جالالىدىن بەھرام

# قۇدرەتلىك ئىسلاھ

(پوۋېست)

بايلىق كىشىنى مەست قىلار.

ا بازار ئوت كەتكەندەكلا قىزىپ كەتكەن، مىلىچ مال دۇكانلىرى گويا بوياقچىلار مەھەللىسىنى ئەسلىتىدۇ. ئېسىۋېتىلگەن خىلمۇ خىل چەت ئەل ماللىرى كۆزنى چاقنىتىدۇ، گەزمالچىلار يېيىۋېتىلگەن نەپىس ماللارنى ماختاپ: «گېرمانىيە، ياپونىيە، تۈركىيە، ھىندىستان...» دېگەن ئىسىملارنى ئاغزىغا تولدۇرۇپ ئېلىپ «ھەقىقىي ساپ مال»، «كۆزىڭىز روشەنكەن، بىر قاراپلا بىلدىڭىز...»، «مال تونۇيدىغان ئادەم باشقا...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن خېرىدارلارنى ئۆزىگە ئىشەندۈرمەكچى بولاتتى ۋە يەنە تەرلەپ-پىشىپ قايناپ كېتەتتى... شۇنداق، بىراۋنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى سۇغۇرۇۋېلىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەستە!

بۇ مىلىچ مال دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ياش چوكانلار سودا قىلاتتى. ئۇلار ئەتىگەندە دۇكانلىرىغا كىرىپ كەلگەندە گويا ئۇلارنى سىز ھېلىلا سەھنىدىن چۈشكەن ئارتىسلار، چولپانلار، كىيىم-كېچەك مودېللىرىمىكىن دەپ قالىسىز، ئۇلارنىڭ ئۇستىباشلىرىدىكى كىيىملەر مودا كىيىملەر بولۇپ، بۇ كىيىملەرنى يالغان كاسا، يالغان چاچ، سۈنئىي كۆكسىلەر تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

قۇياش نۇرىنىڭ يارقىن قىزىلىشى بىلەن مىلىچ مال بازىرىمۇ بارغانسېرى شاۋقۇن-سۈرەنلىك، ۋاڭ-چۇڭلۇق تۈس ئالماقتا ئىدى. دۇكانلىرى بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرغان مىلىچ ماللار قاتارلىرىنىڭ قىستا-قىستاڭ يولىدىن ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم ئەلەڭ-سەلەڭ دەسسەپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئادەم مايلاشقان يالپا يۈز، ئىككى ئېگىكىدىكى مەڭزى گۆشى ئېقىپ كەتكەن جىرىس ناندەك سالپىيىپ قالغان، ساڭگىلاپ تۇرغان ئىككى قولى تۈكلۈك ھەم قوپال ئىدى. ئۇنىڭ غوجەك قېلىن قاشلىرى ئاستىدىكى چېقىر كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر چاقناپ تۇراتتى... مورە ۋە يەڭلىرىگە خورۇم تۇتۇلغان ئاستى بوغما چاپىنى، ئاق شىلەپىسى ئۇنىڭ مىس رەڭ چىرايىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق سالاپىتىنى يوشۇرۇپ، بىر خىل مەنمەنلىك، مەنسىتمەسلىك، ئۆزىگە تەمەننا قويۇشتەك ساختا ياشلىق غۇرۇرى بىلەن گىدىيىپ ماڭاتتى.

ئۇ يوغان قەدەملەر بىلەن بازار ئارىلاپ كېلەتتى. دۇكانلاردىكى چوكانلار ئۇنىڭغا

سالام-سائەت قىلىشاتتى. مەن سىنەندىن قالارمەنمۇ دېگەندەك ئىللىق چىراي ئېچىپ ئېگىلىپ پۈكلەتتى... ئۇ ھالۋىنى تولا يەپ خام كېكىرىپ قالغان ئادەمدەك ھېچقايسىغا پەرۋا قىلمايتتى، نەزەرمۇ سالمايتتى. ئەمما سۇرمە تارتقان قېلىن كىرپىكلىك، لەپپىدە تاشلانغان كۆزلەرنى، لىككىدە ئېتىلغان قاغا پىيىدەك قاشلارنى، بىر چىرايلىق ئىما-ئىشارىلەر بىلەن ئۇچلانغان قىزىل كالپۇكلارنى كۆرگىنىدە بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەيتتى ياكى باش ئىغىتاتتى. بۇ ئادەم شۇ ماڭغىنىچە بازارنىڭ ئەڭ چېتىدىكى كۆك دۇكان ئالدىدا توختىدى. دۇكان چىدىمىساڭ ئۆلۈۋال، شېكەر چاچتى، ماڭا قاراڭ، كۆز يېشى... دېگەندەك رەڭگارەڭ ماللار بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئوتتۇزلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ياش چوكان بولسا خۇددى نادىر-ئەتۋارلىق گۈللەرگە قونغان گۈل ھەرىسىدەك ماللار ئىچىدە كۆرۈنمەيلا قالغانىدى.

— سوداڭ قانداقراق؟ ئاق پىشماق، تاش پۇچاق!

— ۋوي جامال بايۋەچچىغۇ!

ئايال قىزاردى ۋە دەماللىققا تەمتىرەپ قالدى. دەرۋەقە ئۇنىڭ ئىسمى ئاق پىشماق بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ئۇنى ئانىسى سۈت بىلەن ئېغىزلاندۇرۇپ، سۈت بىلەن يۇغانىدەكلا ئاق ئىدى. تاش پۇچاق دېگىنى بەلكىم چوكانىنىڭ يەڭلىرىگە پاتماي، تىرىسىدە ئېتىلىپ كېتىدىغانىدەك تۇرغان بىلەكلىرى ۋە كۆڭلىكىنى تېشىپ چىققۇدەك چىڭقىلىپ تۇرغان چىڭ كۆكسىلىرى ۋەجىدىن ئېيتىلغان بولسا كېرەك.

— دۇكانغا كىرسىلە، ناۋات سېلىپ چاي دەملەپ بېرەي، پېشانىلىرىدىن ھېلىقىدەك پۈژژىدە تەر چىقسا، — ئايال سىرلىق ناز بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — پاختىدەك يىنىكلەپلا قالىلا.

— بولدى قوي، دۇكاننى تاقا، ئامبارغا...

— نېمە، يېڭى مال كەلدىما؟

— شۇنداق، باش بۇرنىنى ساڭا بېرەي دەيمەن.

ئايال دۇكاننى تاقىدى، ئۇزاپ كېتىۋاتقان جامال بايۋەچچىنىڭ ئارقىسىدىن خۇددى ئوقىدىن چىقىپ كەتكەن چاقتەك غىلدىرلاپ كېتىپ قالدى.

جامال بايۋەچچە ئامبار قورۇسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە ئايالمۇ ئۇنىڭغا سوڭدۇشۇپلا كىرىپ كەلدى.

قويما بىتون بىلەن كۆتەرمە قىلىپ سېلىنغان ئامبارنىڭ تۆمۈر ئىشىكى ئىككى يەردىن قۇلۇپلانغان بولۇپ، ئىشىك ئالدىدا ئىككى قاراۋۇل يىگىت تىك تۇراتتى. ئۇلار جامال بايۋەچچىنى كۆرۈش بىلەن يىراقتىنلا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ غەرە كۈلكىلىرى ئارقىلىق خۇشامەت سالىمىنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ بەجا كەلتۈرۈشتى ۋە ئايلىنىپ پىرقىراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي ئالقانلىرىنى ئۇۋۇلاشتى. گەدەنلىرىنى سىيلاشتى...

— ئىشىكنى ئاچ، مال كۆرىمىز...

— خوش، خوش...

— بىركىمنى كىرگۈزمە، — دېدى بايۋەچچە ئاق پىشماق، تاش پۇچاقنى ئامبارغا كىرگۈزۈۋېتىپ.

— خوش، خوش، ھەددى ئەمەس، ھەددى ئەمەس.

ئامبار ئىچى ھەر خىل تامغا، خىلمۇ خىل ماركا ۋە خەتلەر بېسىلغان تاي-تاي ماللار، يەشىكلەر، سۇلياۋ تاغارلار بىلەن تولغان بولۇپ، تار قىستاڭ ئارىلىق يوللار

بىلەن تەستە ماڭغىلى بولاتتى. نەم تارتماسلىق ئۈچۈن پاكار سېمونت سۇپا ئۈستىگە تىزىلغان بۇ ماللاردىن ئاچچىق دورىنىڭ ھىدى كېلەتتى.

جامال بايۋەچچە بىرنەچچە ئارىلىقتىن ئۆتۈپ ئايرىم قويۇپ قويغان بىر تاي مالنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى ۋە ئايالنىڭ ساغرىسىدىن تارتىپ پۇت ئارىلىقىغا ئەكىرىپ تىزلىرى بىلەن قىستى، شۇندىن كېيىن ئايالنىڭ يوپكىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى بىر-بىردىن يېشىپ، ئىلغىقنى سۇغۇرۇپ چىقاردى-دە، يوپكىنى بىر تاي مالنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى...

— مالنى كۆرمەيمىزمۇ؟ — دېدى ئايال قىزىرىپ.

— ئاۋۋال سېنىڭ مېلىڭنى كۆرۈشۈم كېرەك...

جامال بايۋەچچە شارتلا قىلىپ ئايالنىڭ ئىچ كىيىمىنى سىيرىپ چۈشۈرۈۋەتتى... ئاق پىشماق، تاش پۇچاقنىڭ ئۆزىنىڭ نام-ئەمالىغا لايىق ھەممە دۇنياسى مانا مەن دەپ ئايان بولدى. ئۇ يىرىك ئالقاننىڭ ھۇزۇرىدىن تىترەپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئاستا-ئاستا بايۋەچچىنىڭ قۇچىقىغا قىڭغايدى...

— بازاردا ئەڭ قىس بولۇۋاتقان «سۇ پەرىسى»، — دېدى بايۋەچچە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — بۇنى تېخى ھېچقايسى دۇكانغا بەرمىدىم.

— مۇشۇ بىر تايلىما، — دېدى ئايال چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ.

— ئون قولۇڭنى بىر يوللا ئاغزىڭغا سالساڭ جاۋغىيىڭ يىرتىلىپ كېتىدۇ.

— باھاسى يەنە ئۆتكەنكىدەك بولامدۇ؟

— قاچان مەن سېنىڭ يانچىشىڭنى كۆڭ تۈپىدا قويغان. بىردەم ساقلا.

جامال بايۋەچچە تاي ماللارنى ئايرىلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇ قاراۋۇل باللارغا بىر تاي مالنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپىلاپ، ئۆزى ھېچنېمە كۆرمىگەندەك لوڭ-لوڭ دەسسەپ رەستىگە چىقتى.

مانا بۇ جامال بايۋەچچە. كۆڭ تاماكا يايمىكەشلىكىدىن قاسساپلىققا، قاسساپلىقتىن كاۋاپچىلىققا، كاۋاپچىلىقتىن بىر يوللا گىلەم سودىسىغا يۈزلىنىپ، بۈگۈنكى مىليونېر بايغا ئايلاندى. ئۇ ھازىر گۇاڭجۇ، شېنجېنلارغا ئانچە قىزىقمايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىنى پايخان قىلىۋېتىپ، نەچچە شىركەتنى قۇرۇپ كۆڭلى تىنغان بۇ بايۋەچچە ياۋرۇپا، ئەرەب بازارلىرىغا يۈزلىنىۋاتىدۇ. مۇشۇ مىلىچ ماللار بازىرىدىكى 50 تىن ئارتۇق دۇكان ئۇنىڭ ئالقىنىدىكى تەييار ئاش. پۇل سۇ سايىغا ئاققاندەك ئۇنىڭ يانچۇقىغا ئاقىدۇ...

ئۇ ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىگەن، ئىشسىز قالغان 200 دەك قىز-چوكاننى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار دۇكانلىرىدا كۈندە ۋارقىراپ-جارقىراپ، تەرلەپ-پىشىپ مال ساتىدۇ. بىرقانچە چايارمىنى ئىچكىرىگە قاتناپ پويىزنىڭ نەچچە ۋاگوننى كۆتۈرۈۋالغان. مال كەلدىمۇ خىزمەتچىلىرى ماشىنىلارغا بېسىپ يۇرتقا يولغا سالىدۇ. خوجايىنىنىڭ كۆتمەك قويۇق قاشلىرىنىڭ تۈرۈلۈشىدىن ئەندىككەن شوپۇرلار ماللارنى ئۆز قاراسىدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېچىنى-كۈندۈزگە ئۇلاپ يولغا چىقىدۇ. يۇرتقا بارا-بارماي سودىگەرلەر خۇددى پىلە غازاڭ يېگەندەك بۇ ماللارنى قۇرۇغداپ قويۇشىدۇ. جامال بايۋەچچە بولسا، ھۆججەت بىلەن مال ئالغانلارغا قىممەت، نەق پۇلغا ئالغانلارغا پەرقلىق بەرگەچكە، كۆپىنچىسى نەق پۇلغا ئېلىشقا تىرىشىدۇ. ھۆججەتكە مال ئالغانلارنىڭمۇ كېچىسى كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچىدۇ. چۈنكى قارارلاشقان پەيتتە پۇلنى يەتكۈزمىسە ھۆججەتتىكى پۇل بۆرە كۈچۈكلىگەندەك كۈچۈكلەپ كۆپىيىپ بارىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇسۇم ئېلىش قانۇنلۇقتە. شۇڭا

جامال بايۋەچچە بۇ ھۇججەتلەرنى كىشلەرنىڭ جىنىنى سېتىۋالغاندەك بىخەتەر ساندۇقتا مەھكەم ساقلايدۇ...

جامال بايۋەچچە تاتلىق خىياللار ئىلكىدە يەنە بىرنەچچە دۇكاننى پىيادە ئايلاندى-دە، تۆت كوچا ئېغىزىغا سېلىنىۋاتقان ئالتە قەۋەتلىك مېھمانخانىغا ھەۋەس بىلەن قارىدى. ئۇ شۇندىلا يول چېتىدە تۇرغان سۈت رەڭ كىچىك ماشىنىنى كۆرۈپ ئەتىگەندە توختىتىپ قويغان كىچىك ماشىنىسىنى ئېسىگە ئالدى. مىجەزى يوق، ناشتىسىز ماشىنا ھەيدەپ چىققان شوپۇر كابىنكىدا مۈگدەپ قالغانىدى. خوجايىنىنىڭ قوپال ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغان شوپۇرنىڭ چىرايىغا زورىغا كۈلكە ياماشتى.

— خوش، نەگە ھەيدەي؟

— ئىشخانىغا.

* * *

دۈشمەن سىرىنى دۈشمىنىگە بىلدۈرمەس.

ماشىنا ئىشخانا پەلەمپىيى ئالدىدا توختىدى. جامال بايۋەچچە ئالتە پەلەمپەيلىك كۆتۈرۈپ سېلىنغان تۆت ئەتراپى گۈللۈك ئەينەكلىك ئىشخانىسىغا قارىدى. ھەپتىدە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلۇپ تۇرىدىغان دېرىزىدىكى ھاۋارەڭ پەردىلەر يېنىك تەۋرىنىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان 50 ياشلار چامىسىدىكى ئىشخانا خادىمى يۈگۈرۈپ چىقىپ بايۋەچچىگە سالام قىلدى ۋە:

— بايۋەچچە، ئامراق سىڭلىلىرى ئۆزلىرىنى ساقلىغىلى نىكەم، خېنىم ھازىر ئىشخانىدا، — دېدى.

— ئۇقتۇم، ماڭ چاي دەملە، ھېلىقى پۇراقلىقتىن بولسۇن.

ئۇ قىممەت باھالىق بولغار سافالار، چاي رەڭلىك ئەينەك شىرەلەر، يىلتىزسىمان ئۈچ پۇتلۇق گۈلدان جاھازىلار ۋە تەشتەك گۈللەر بىلەن بېزەلگەن ئىشخانىسىغا كىرگىنىدە سىڭلىسى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي چىرايىدىن قار-بوران ياغدۇرۇپ سافادا ئولتۇراتتى. جامال بايۋەچچە سىڭلىسىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ ئۇنى ئادەتتىكىدەك مۇرىسىدىن يېنىك قۇچاقلاپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ ئارسلانچىقىم دەپ ئەركىلىتىپ قويۇشتىن يالتايدى. چۈنكى ئۇ سىڭلىسىنىڭ قوقاستىكى قوماچتەك مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى. خۇيلانغان چاغلىرىدا ھېچ يۈز خاتىرە قىلماي سىلكىۋېتەتتى. ئاغزىغا كەلگەننى دەيتتى. لېكىن بايۋەچچە بۇ بىر تۇغقان قېرىندىشىنىڭ ھەممە ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈشكە تەييار ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە بەش تۇغقان قېرىنداش بولۇپ، ھازىر ئىككىسىلا قالدى. ئاتا-ئانىسىنىڭ تەۋەررۇكى، يالدامىسى، گۆھىرى، ئەڭ ئاخىرقى تاغار قېقىندىسى بولغان بۇ سىڭلىسىنى ئۇ بويىندىن چوشۇرمەي چوڭ قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ سىڭلىسى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا ئىشلەيتتى. جامال بايۋەچچە قانچە قىلىپمۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ يېنىغا تارتالمىدى. كاتىپلىققا تەكلىپ قىلىپ باقتى، گەزمال دۇكىنىنى سايە قىلىپ كۆردى، لېكىن بۇ تەرسا قىز: «ياق دېدىم ياق، كىشلەرنى ئالداپ، يالۋۇرۇپ يىگەن نېنىم داشقال بولۇپ گېلىمدىن ئۆتمەيدۇ» دەپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ھەتتا ئۇنى مەلۇم شىركىتىگە باشلىق قىلىپ ئەۋەتمەكچىمۇ بولدى. لېكىن سىڭلىسى «ياق، مەن مۇنداق ئاياغ ئۇچى كۆرۈنمەس جاڭگالنى ياقتۇرمايمەن» دەپ دىمىقىنى قاقتى. نېمە ئامال،

بۇمۇ بەلكىم ئۇنىڭ مەكتەپتە يۇقتۇرۇۋالغان مىجەزى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى ئاكىسى. مانا ئەمدىلىكتە بولسا قانداقتۇر ئۆزىنىڭ ئاكىسىدەك بىر يازغۇچىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئىشقىدا ئوت-كاۋاپ بولۇپ،ساراڭ بولاي دېدى. بەزى ئاياللارنىڭ غەلىتە مىجەزىگە بايۋەچچىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئەرلەر كىچىك، ياشلىرىنى تاللىسا، ئۇلار ئوتتۇرا ياشلىق، ئۆزىنى توختاتقانلارنى ياخشى كۆرۈشىدۇ. تېخى ھېس-تۇيغۇسى پىشىپ يېتىلگەن، مۇھەببەتتى شېرىن، ئىرادىسى چىڭ دەپ ئۆزلىرىنى ئالدىشىدۇ. توۋا ھېلىقى رومانىنىڭ دېگىنى غەلىتە نەرسىكەن-دە...

— مۇ دەپ مۆرەپمۇ قويمايسەنغۇ؟! — ۋارقىرىدى قىز تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان ئاكىسىغا قاراپ.

— ھە، ھېلىقى يازغۇچى بىلەن ئىشلىرىڭ قانداق بولدى؟ ئۈمىد بارمۇ؟

— مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — قىز ئاچچىق بىلەن ئېغىر تىنىدى، — بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاقارتىشقا ياردەملەشتىم، ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە ئۇنسىز قاراشلىرى ئالەمچە مەنە، كۆلۈمسىرەشلىرى چەكسىز مېھرى-مۇھەببەت بۇلىقى. بىر-بىرىگە قىلغان خىتاپلىرى، يېنىك چاقچاقلىرى — ئىككى دۇنيا لەززىتىگە تەڭ قىلمايدىغان بايلىق، خۇدا ئادەم بالىسى ئەنە شۇنداق قاراشلار، ئەنە شۇنداق كۈلۈمسىرەشلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتسە كاشكى...

بۇ قىز يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى ئىدى، لېكىن خادىم پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ كىردى. جامال بايۋەچچە ئۇنىڭغا چىقىپ كېتىش ئىشارىسى قىلدى. ئۆزى سىركايىلارغا چاي قۇيدى، ھورى چىقىپ تۇرغان بىر سىركاي چاينى سىڭلىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قەندالدىن بىر كاللەك سۇزۇك ناۋاتنى قىزىق چايغا سېلىپ قويدى.

جامال بايۋەچچە ئۈچۈن سىڭلىسىنىڭ ھېسسىياتقا تولغان سۆزلىرى گويا ئىشەكنىڭ بېشىدىن تىللا تۆكۈۋەتسە سامانچە كۆرمىگەندەكلا بىر ئىش بولدى.

— سېنىزە، سېنى، مەن ساڭا قانچىلاپ دېدىم، بولدى قىل، ئۈمىدىڭنى ئۈز، ئۇ ئاداش ھېلىقى گاچا خوتۇننى ئالماقچى بولسا ئالغۇەرسۇن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ سەندىن 13 ياش چوڭ ھەم بىر قىزىمۇ بار، نېمانچە قىلسەڭكىن تاڭ، قەلبىمنىڭ ئۇچىغا قاراپ جان باقىدىغان بىر قەلەندەرگە...

— سېنىڭ نەزەرىڭدە قۇدرەتلىك ئىلاھىڭ پۇللا باز، بىلىپ قوي، پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان نى-نى نەرسىلەر بار، مەن ئۇنىڭ پۇلىنى، يېشىنى ئويلاپ باققىنىم يوق، بىلەمسەن؟

— شۇنى ئېيتىپ قوياي، پۇلى يوق يىگىت ئەمەن پۇرايدۇ، پۇل بار يەردە سەن تەلپۈنگەن بەختمۇ بار. پۇل بولسا يۈز-ئابرويۇڭ، شانۇ-شەۋكىتىڭ بولىدۇ. بۇ دۇنيادا غەمسىز-ئازارسىز جەننەت لەززىتىنى سۈرسەن...

— بولدى قىل!

قىز دەھشەت چىرقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرقىراق ئاۋازىدىن نېپىز پەردىلەر ھىلپىرلاپ، دېرىزە كۆزنەكلىرى دىرىلدەپ كەتتى. ئاكا-سىڭىل بىر-بىرىنىڭ كۆزلىرىگە شۇنداق دەھشەت تىكىلدىكى، خۇددى كۆز قارىچۇقلىرى ھېلىلا ئېتىپ چۈشىدىغاندەك پولتىيىپ پارقىراپ كەتتى. لېكىن جامال بايۋەچچە ئېغىرلىق قىلىپ سىڭلىسىنىڭ مۈرىسىدىن ئاستا سىلاپ ئولتۇرغۇزدى ۋە قاتلانما ئورۇندۇقنى سۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭغا روبىرو ئولتۇردى.
— قارا سىڭلىم، ئۆزۈڭنى بۇنچىلىك قىينىغۇچە ئۇنىڭ بىلەن يۈز-تۇرانە سۆزلىشىپ كۆرسەڭ بولمامدۇ؟ چۈنكى... چۈنكى ھە... ھە... نىمە دېسەم بولار، — بايۇەچچە قايىل قىلارلىق سۆز تاپماقچى بولغاندەك ئەتراپىغا قارىدى، — ھە توغرا، بۇمۇ سودىغا ئوخشاش رىقابەت... سەن دوستۇڭغا قارىغاندا ھەم چىرايلىق، ھەم ياش. دوستۇڭ بەلكىم 34 ياشلاردا، سەن بولساڭ ئەمدىلا 30 نىڭ قارىسىنى ئالدىڭ. ئۇ بىر ئەرلىك بولغان جۇۋان، سەن دېگەن قىز بالىدە، ھەرقانداق كور خېرىدار شىلاپ بولسىمۇ ساختا، چىك مال ئىكەنلىكىنى بىلىدىغۇ؟!
— مۇھەببەت ئالدىدا يېڭى كۆڭۈل، كونا كۆڭۈل، جا كۆڭۈل، چىك كۆڭۈل دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، ئاكا، — دېدى ئۇ بېشىنى سىلكىپ، — بۇنى قانداقمۇ سودىدىكى رىقابەتكە ئوخشاتقىلى بولسۇن. سۆزلىشىش مەسىلىسىگە كەلسەك بۇنىڭدىن ئۈمىد يوق، ئۇلار بىر-بىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈشىدۇ...
— ئەمىسە نىمە قىل دەيسەن، مەن ساڭا نىمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟
سىڭىل ياللىتىدە ئاكىسىغا قارىدى، ئۇنىڭ كۆتۈپ تۇرغىنى نەق مۇشۇ سوئال ئىدى. بۇ ئاكا-سىڭىل ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن پەدىشەپ، ھايا-نومۇس دېگەن نەرسە يوق ئىدى. يەڭگىسى بىلەن چاچلىشىپ، ياقىلىشىپ چىقىشالماي كېلىۋاتقان بۇ قىز ئۆزۈن يىللاردىن بېرى ئاكىسىغا قىز-چوكانلارنى تونۇشتۇرۇش، قولغا چۈشۈرەلمىگەنلىرىنى ئالداپ ئەكىلىپ بېرىش ئارقىلىق يەڭگىسىدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ لەززىتىنى سۈرەتتى... ئەمدى بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئالقانداك سايە بولالمامدىكىنا؟!
— مەن ساڭا قانداق ياخشىلىقلارنى قىلغان بولسام، — دېدى قىز مۈرىلىرىنى پىيىپ تۇرغان بۇدرە قوڭۇر چاچلىرىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، — شۇنىڭ يۈزىدىن بىرىنى بولسىمۇ قايتۇر دەيمەن...
جامال بايۇەچچە تۇنجۇقۇپلا كەتتى.
— كۆڭلۈڭدىكىنى ئېيت، مېنىڭ قانداق ياردىمىم كېرەك؟
— ئۇلار ئۆگۈنلۈككە خەت ئېلىش ئۈچۈن ئىش بېجىرىش ئورنىغا بارىدۇ.
— شۇنداق تېزمۇ؟
— ئاھ خۇدا قانداق قىلارمەن، بىرەر ئاسان ئۆلۈم بارمىدۇ؟
— بۇنداق بولمىغۇر خىياللاردا بولما، بۇ قانچىلىك ئىشلار ئىدى. ئاكاڭ ھايات ئىكەن بەخت سېنىڭ ئالقىنىڭدا...
— ئاكا! — قىز بۇقۇلداپ يىغلاپ ئاكىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى.
سىڭلىسىنى قۇچاقلاپ تۇرغان جامال بايۇەچچىنىڭ كۆزلىرى قىسىلدى. بورۇتلۇق كالپۇكلىرى چىك يۇمۇلدى. چۈنكى كۆڭلىدىن ناھايىتى سىرلىق ۋە نازۇك بىر پىلان تېزلىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ مەست بولۇپ قالغاندا، سودىدا ئامىتى كەلگەندە ئۆي ئىچىدە قوللىرىنى شىلتىپ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ سۆزلەپ كېتەتتى. سىڭلىسى ئۇنىڭ پۇل دېگەن قۇدرەتلىك ئىلاھ، ئاڭلاۋاتامسەن قۇدرەتلىك ئىلاھ، ئۇ يىراقنى يېقىن، يوقنى بار، خارابنى يۈزلۈك، گاچىنى سۆزلۈك قىلىدۇ، نى-نى ئەربابلارنىڭ قاتتىق بويىنىنى پىلىكتەك يۇمشىتالايدۇ، ئۇ ھەتتا ئەڭ غورۇرلۇق، ۋىجدانلىق ئەرنىڭمۇ، ئايالنىڭمۇ قەلبىنى سېتىۋالالايدۇ، دېگەن سۆزلىرىگە بەزىدە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىپمۇ

قالاتتى، ئۇ بۈگۈن بۇ يەرگە يەنىلا شۇ ئامالسىزلىقتىن قۇدرەتلىك ئىلاھنىڭ قۇدرىتىگە سېغىنىپ كەلگەنىدى.

— ئاكا، جېنىم ئاكا، سەن پۇل دېگەن ھەممىنى قىلىشقا قادىر، پەقەت كۈن بىلەن ئاينى قوينۇڭغا سېلىپ بېرەلمىگىنى بىلەن قالغان مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسىنى ئالقىنىڭغا سېلىپ بېرىدۇ دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟!

— مەن ھېلىمۇ شۇنداق قارايمەن، — جامال بايۋەچچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — پۇل دېگەن قۇدرەتلىك ئىلاھ، ئۇ سېنى كۆك قەرىدە ئوينىتالايدۇ، دېڭىز تېگىدىكى ئۈنچە-مارجانلارنى بويۇنۇڭغا ئاستۇرالايدۇ. قارا، — دېدى ئۇ قىزنىڭ بويىنىدىكى برلياننت بۇلاپكىنى تۇتۇپ، — مانا بۇ بېلىق قارنىدىن ئېلىنغان گۆھەر! نەچچە تۈمەن پۇلغا كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ مانا بۇ مەرۋايىتلارچۇ، — جامال بايۋەچچە سىڭلىسىنىڭ بويىنىدىكى مەرۋايىتلارنى سىلىدى، — دېڭىز قەرىدە قولۇلىنىڭ قارنىدا يېتىلگەن جىك ئۈنچە-مارجانلار... بۇ سېنىڭ بويۇنۇڭغا قانداقلارچە چىقىپ قالدى؟

— قۇدرەتلىك ئىلاھنىڭ كۈچى!

— ھەببەللى، سەنمۇ بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە پۇلنىڭ قۇدرەتلىك ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىكەنسەن!

جامال بايۋەچچە قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ بۈگۈن سىڭلىسىنى يەڭدى. كەلتۈرگەن مىساللىرى قايىل قىلارلىق بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولدى.

— ئاكا، ئەمىسە مېنىڭ ئىشىمچۇ، ئۇلار...

جامال بايۋەچچە ئوچۇق دېرىزىدىن كۆكىرىپ تۇرغان كۆچەتلەرگە، ئەۋرىشىم سۇمبۇللارغا تىكىلگىنىچە ئۇزۇنغىچە زۇۋان سۈرمەي جىمىپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ دىققىتىنى كۆچەتلىك ئىچىدە دانلاۋاتقان چار خوراز بىلەن سۆلەتلىك بىر مېكيانىنىڭ ھەرىكىتى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. جامال بايۋەچچە ئۇلارغا قاراپ مىيىقىدا ئاچچىقنا كۈلدى ۋە ئېغىز يەيدۇ، يۈز ئويلىدۇ، دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ ئاكا؟ سەن زادى...

— ئۇلارنى ئۆگۈنلۈككە خەت ئېلىشقا بارىدۇ، دېدىڭما؟

— شۇنداق...

— قۇدرەتلىك ئىلاھ ئۈچۈن، — جامال بايۋەچچىنىڭ غەزىپى يۈزىگە تەپتى، — بىر سائەتمۇ بىر يىلغا تەڭ، خۇش خەۋەرنى كۈت. قۇدرەتلىك ئىلاھ سېنىڭ ئاشۇ بەختىڭنى تۈپ يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇپ ئېتىكىڭگە تاشلاپ بېرىدۇ...

* * *

يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا يەتكەندە بۇرنى قاناپتۇ.

يولدا پىچىرلىشىپ چاقچاقلىشىپ، يېڭى ئۆيى ھەققىدىكى پىلانلىرىنى سۆزلىشىپ بىر-بىرىگە ھەر خىل ئىسىملارنى قويۇشۇپ كۈلۈشۈپ كەلگەن بۇ بولغۇسى ئەر-خوتۇن ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە بىرئاز جىددىيلىشىپ قالدى. ئەر ئايالنىڭ زىلۋا قەددىنىڭ بىر ئاز تىترەۋاتقانلىقىنى، يۈزىنىڭ قىزارغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ سەل دىمىققاندەك بولدى. ئۇلار قېنى سىز ئاۋۋال، سىز... دېيىشىپ ئىشخانىغا كىرىپ كېلىشتى.

ئىش بېجىرگۈچى بولسا كېرەك، كىرپىكلىرىگىچە ئالتۇندەك ساپسېرىق غوللۇق بىر ئايال ئۈستەل ئۈستىدە كۆدە ئادالاۋاتاتتى. ئۇ كىرگەنلەرگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ پاكىزلانغان كۆدىلەرنى بىر ماتېرىيال ئۈستىگە سايلاپ قويدى. ساغرىپ قالغان كېرەكسىز قۇلاقلىرىنى ئەخلەتلىرى بىلەنلا ئۈستەل ئاستىغا چۈشۈرۈۋەتتى.

— ھە، كېلىپ قاپسىلەر.

— بىز... — ئەر قىزىرىپ ئورنىدىن تۇردى، — مانا بۇ بىزنىڭ تونۇشتۇرۇشىمىز، خەت ئالغىلى كەلگەنىدۇق.

ئىش بېجىرگۈچى ئايال تونۇشتۇرۇشتىكى بىلالدىن زەپەر، خالمېھرە رەھىم دېگەن ئىسىملارنى كۆرۈش بىلەنلا چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلدى. ئۇ تونۇشتۇرۇشقا قايتا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن:

— دوختۇر خېتى قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— مانا، — بىلالدىن خاتىرە دەپتەر قېتىدىن ئىككى پارچە قەغەزنى سۇندى.

— بۇ بولمايدۇ، — دېدى ئايال ۋە بىردىنلا ساپسېرىق چىرايى ھال رەڭ تۈستە قىزاردى، — بۇ دېگەن ئىدارەڭلەرنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بەدىنىنى تەكشۈرتكەن چاغدىكى قەغىزى. توي قىلىدىغانلار قايتىدىن ئۆزىنى تەكشۈرتىدۇ.

— بۇ ئومۇمىيۈزلۈك بەدەن تەكشۈرتۈشكە تېخى ئىككى ئاي بولمىدىغۇ؟!

— بولمايدۇ دېدىم. بولمايدۇ. ھازىر ئىش بېجىرىش ئورنى كۆرسىتىپ بەرگەن دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۆزۈڭلەرنى تەكشۈرتۈپ ئاندىن كېلىڭلار.

بىلالدىن بىلەن خالمېھرە ئىشخانىدىن سۇلتۇيۇپ قايتىپ چىقتى. بولۇپمۇ نومۇسى كۈچلۈك، يۈزى تۆۋەن خالمېھرە بۇنداق غەلىتە تەكشۈرۈشلەردىن بىزار ئىدى.

— ئۆتكەن ھەپتىدىلا بىزنىڭ زاۋۇتتىن ئىككىيلەن مۇشۇ قەغەز ئارقىلىق توي خېتى ئالغان تۇرسا، ئەجەب بىزگە كەلگەندە...

— بوپتۇلا، تەكشۈرتسەك تەكشۈرتمەمدۇق.

بىر سىبائەتكە سوزۇلغان ھەر خىل تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى قايتىپ چىقىشتى. شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن خالمېھرە بىلالدىن ئولتۇرغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ نەتىجىنى كۈتتى. بۇ ئارىلىقتا سېستىرا بىلالدىننى چاقىرىپ ئوكول بۆلۈمىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي بىلىكىدىكى ئوكۇل يىڭنىسى ئورنىنى ئۇۋۇلاپ قايتىپ چىقتى.

— قان ئالغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى خالمېھرە بىلالدىننىڭ بىلىكىنى سىلاپ.

— بايا ئالغان، يەنە ئالدىغۇ!

— سىلەر چۈشتىن كېيىن كېلىڭلار، — دېدى ئاق يۈزلۈك، تەرى سۆرۈن ئورۇق دوختۇر، — نەتىجىسى چۈشتىن كېيىن چىقىدۇ.

— چۈش بولاي دەپ قاپتۇ، — دېدى بىلالدىن سائىتىگە قاراپ، — بىرەر ئاشخانىدا تاماق يەپ بازار ئايلىنامدۇق؟

— ئۆي جاھازىلىرى ماگىزىنىغا كىرىپ كۆرۈپ چىقايلى.

ئۇلار بىر كىچىك ئاشخانىدا تاماقلانغاندىن كېيىن يەر ئاستى ئۆي جاھازىلىرى ماگىزىنىغا كىرىپ ئۆي جاھازىلىرىنى كۆردى. بىر-بىردىن نەپىس ئىشلەنگەن ئەينەكلىك ئىشكاپلار، گىرىم ئۈستەللىرى، تاماق شىرەلىرى، كرېسلولار ئۇلارنى مەھلىيا قىلدى.

بولۇپمۇ يەرگە سېلىنىدىغان رەڭدار سىدام گىلەملەر ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى. ئۇلار جاھازىلاردىن قايسىلىرىنى ئېلىش، مېھمانخانىنى قانداق ياساش، نېمىلەرنى قەيەرلەرگە قويۇش، يەرگە قىزىل سىدام گىلەم سېلىش، بىرنەچچە يالغۇز كىشىلىك كرېسلو، چاي رەڭلىك ئەينەك چاي شىرەسى ئېلىش قاتارلىق ئۆي غەمنى سۆزلەشتى. ھەتتا ئۆي تېمىغا كۆركەم مەنزىرە رەسىمدىن بىرنى ئېسىشتىن تارتىپ قانداق رەڭلىك جاھازىلار، پەردىلەر ئۆينى ئاچىدۇ، ھازىر مودا بولۇۋاتقىنى ئاچ رەڭلىك جاھازىلار، چۈنكى قېنىق رەڭلىكلىرى ئۆينى تار كۆرسىتىپ قويىدۇ، دېگەندەك مەسلىھەتلەرنىمۇ قىلىشتى.

— ئۆزىمىزنىڭ ھوجرىسىنىمۇ ئويلىنىپ كۆرگەنسىز، — دېدى بىلالدىن چېقىشىپ.

خالىپەرە ھويپىدە قىزىرىپ شارتلا ئۆرۈلدى. بىلالدىن ئۇنىڭ يوتىسىدا سويلاپ تۇرغان يوغان بىر ئۆرۈم قاپقارا، پارقىراق چېچىنى كۆرۈش بىلەن قايسىدۇر بىر شائىرنىڭ «ئۆزۈڭ بىر قىز، چېچىڭ بىر قىز» دېگەن شېئىرىنى ئەسلىدى.

ئۇلار ماگىزىندىن كۆزى قىيمىغان ھالدا چىقىشتى. چۈنكى سائەتمۇ توشۇپ قالاي دېگەنىدى. خالىپەرە بىلالدىن بىلەن كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئېيتقان كۈندىن باشلاپ ئۆي تەييارلىقىغا چۈشكەنىدى. ئۇ ھەر ئايلىق مائاشىغا، بانكىغا قويغان ۋە دوستلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئالىدىغان كامپانىيە پۇللىرىغا دېرىزە پەردىلەر، كرېسلو ياپقۇچلىرى، كىر ئالغۇ، گىلەم قاتارلىق ئۆي سەرەمجانلىرىنى ئېلىپ تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى.

ئۇلار گەپ بىلەن دوختۇرخانا ئالدىغىمۇ كېلىپ قالدى. خالىپەرە بىلالدىنغا قارىدى ۋە يۈرىكىنى تۇتتى. چۈنكى ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرىكى ئۆزگە ئاڭلانغاندەك سوقۇۋاتاتتى. تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ ئالدىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا بىر جۈپ قىز يىگىت ئولتۇراتتى. بىلالدىن بىلەن خالىپەرەمۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

بىر چاغدا ئىككىنچى قەۋەت پەلەمپىيدىن چۈشۈپ كەلگەن تەرى سۈرۈن دوختۇر خالىپەرەنىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە ئۇنى ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي خالىپەرەنىڭ ۋارقىرىغان ۋە يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىلالدىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى.

— ياق، ياق دوختۇر ئۇ ئۇنداق كېسەل ئەمەس، مەن سىز دېگەندەك قىلالمايمەن! ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ماڭا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر... سىز... سىز... يالغان ئېيتىۋاتىسىز...

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دېدى دوختۇر خىرقىراق ئاۋازدا، — سىز ياش ھاياتىڭىزنى ئويلاڭ، ئۇنىڭ كېسەلى ئۆتكۈر يۇقۇملۇق ۋە ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويغان... ھاياتىمۇ...

— ياق دوختۇر... ۋاي خۇدا... سىز نېمىلەرنى دەۋاتىسىز... ياق... ياق... سىز ساراڭ بوپسىز... ئۇنىڭسىز مېنىڭ ياش ھاياتىمنىڭ نېمە مەنىسى...

— سىز بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسىڭىز قەتئىي بولمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى بۇ يەرگە كۈندە كېلىپ مۇداپىئە ئوكۇلى ئۇردۇرۇڭ. چۈنكى B تىپلىق جىگەر ياللۇغى ئۆتكۈر يۇقۇملۇق...

— ئەگەر ئۇنىڭ كېسەلى ماڭا يۇققان بولسا بۇمۇ ياخشى... مەن... مەن... ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىمەن... ئاھ خۇدا، ئاھ خۇدا...

تاقىتى چېكىدىن ئاشقان بىلالدىن تەكشۈرۈش بۆلۈمىگە ئۇسۇپلا كىردى. خالىپەرە

يىغلىغىنىچە ئۇنىڭ باغرىغا تاشلاندى.
بۆلۈم ئىچى بىر پەس جىمجىتلىققا چۆمدى.

* * *

كۆكۆل قاچىسى تولمىسا، كۆزدىن ياش تۆكۈلمەس.

يىغلاپ قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن خالمىھەرە ئۆيگە ھېچكىمنى كىرگۈزمەي تورۇسقا تىكىلگىنىچە كۆز قارىچۇقلىرى قېتىپ قالغانىدى. ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي، سىزەلمەي ھەتتا نىمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنىمۇ ئېسىگە ئالالماي قانداقتۇر بىر ئازاب ئىچىدە تولغىناتتى. يەنە قانداقتۇر بىر نادامەت بىلەن ئاھ ئۇراتتى. لېكىن ئۇ بۇ ئەسەبىيلىك گىرداۋىدىن بىردەمىلىككىلا خالاس بولغىنىدا، ئۇنىڭ قۇلىقىدا دوختۇرنىڭ: «سىز ئىلمىي ئادەم، ئەلۋەتتە بۇنىڭغا توغرا قارايسىز... ئەگەر سىز ئىنسانىي بۇرچۇمنى ئادا قىلمىدى دېسىڭىز، بۇ خانىمنى يېنىڭىزغا يولاتماڭ، چۈنكى كېسەللىكىڭىز B تىپلىق يۇقۇملۇق جىگەر ياللۇغى...» دېگەن سۆزلىرى قايتىدىن ئەكس سادا بېرەتتى. بۇ سادا ئارقا-ئارقىدىن شۇنداق تېز تەكرارلىناتتىكى، خالمىھەرە قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ «ياق، ياق، ياق!» دەپ ۋارقىرايتتى.

ئىنسان ئۆز بەدىنىگە چىققان مەرەزگە كۆنۈپ قالغىنىدەك شەپە بىلەن كەلگەن ھەرقانداق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. لېكىن شەپىسىز كەلگەن كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىك ئۇنى ھاڭدىن تاشلىۋەتكەندەك، بىردىنلا ئەسەبىيلىك قايناملىرىغا سۆرەيدۇ. خالمىھەرە ئەنە شۇنداق پاجىئەگە دۇچ كەلدى.

— خالمىھەرە، ئىشىكنى ئاچ بۇ مەن، گۈلشات!

گۈلشات؟ ئۇ كىمدۇ؟ ئىشىكنى نىمانچە قاتتىق ئۇرىدۇ؟ خالمىھەرە ھېچ نەرسىنى ئېسىگە ئالالمىدى. لېكىن ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلماقتا ئىدى.

— ئىشىكنى ئاچ، مەن دوستۇڭ گۈلشات، بىلال ئاكامنىڭ قېشىدىن كەلدىم، ئاڭلاۋاتامسەن بىلال ئاكامنىڭ قېشىدىن!

— بىلال!؟...

خالمىھەرە ئالمان-تالمان ئورنىدىن تۇردى ۋە كۆزى قاراڭغۇلىشىپ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، لېكىن ئۇ ئىشىك ئىلغىنىنى ئېچىۋەتتى.

— گۈلشات، جېنىم دوستۇم!

خالمىھەرە گۈلشاتنى قۇچاقلىغىنىچە ئۇنى سىلىپ يىغلىۋەتتى. گۈلشات خالمىھەرەنى يۆلەپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ئۆزى قاتلانما ئورۇندۇقنى ئالدىغا سۈرۈپ ئۇنىڭغا روبىرو ئولتۇردى ۋە دوستىنىڭ خۇددى قوۋزۇقى سويۇۋېلىنغان چوكانتال نوتىسىدەك ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىغا، قىزىرىپ ئولتۇرۇشقان چوڭ كۆزلىرىگە، تال-تال قىيىلغان قاشلىرىغا، دەممۇ دەم نەملىشىپ بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن كىرپىكلىرىگە، سولغۇن ھۆسنىگە، ئەدناسى بىر كۈن ئىچىدىلا تونۇغۇسىز ھالغا كەلگەن رۇخسارىغا قاراپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ھەممە ئىشنى ئاڭلىدىم، — دېدى گۈلشات ئېغىر خورسىنىپ، — ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

— ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن، بىلەمسەن ئايرىلالمايمەن... — خالمىھەرە دېرىزىدىن

كۆرۈنۈپ تۇرغان يېشىل ياپراقتا تىكىلگىنىچە سۆزلەۋاتاتتى، — مەن سولغان، قۇرىغان بىر ياپراق ئىدىم، ئۇ مېنى يېشىل هايات گۈلشىنىگە باشلاپ كىردى. هەسرەت-نادامەت، تىل-هاقارەت، خورلۇق ئىچىدە ئۆتكەن تارىمدىكى تۆت يىللىق هاياتىم مېنى هاياتتىن بەزدۇردى... تۇرمۇشتىن سەسكەندىم، ئادەملەرنى كۆرەر كۆزۈم يوق ئىدى. هەممە-هەممىدىن ئۈمىدىم ئۈزۈلدى... شۇڭا شەهەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى 13 يىللىق يالغۇزچىلىق هاياتىمدا، ئېهتىمال 13 ئېغىز گەپ قىلمىغاندۇرمەن... چۈنكى ئۈمىدسىزگە هايات دوزاخ دېگەن گەپ بار، لېكىن بىلال ماڭا سۆزلەشنى، كۈلۈشنى، خوشال بولۇشنى، قىسقىسى، هايات ۋە تۇرمۇشنى سۆيۈشنى ئۆگەتتى... ئاخىرى مەن هايات ۋە تۇرمۇشقا قايتىپ كەلدىم. هايات ئۇنچىۋالا رەهىمسىز ئەمەسكەن، ئەگەر ئۇنى ئادەملەر قانچە بىزىسە، ئۇ شۇنچە تاتلىق، شۇنچە گۈزەل، شۇنچە يېقىملىق بولۇپ كېتىدىكەن. مەن هاياتنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئۇنىڭ ئابىهايات بۇلاقلىرىغا قول سوزۇۋاتقان پەيتلىرىمدە تەقدىرنىڭ بۇنداق رەهىمسىز قىسمەتلىرىگە دۇچ كېلىشىمنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن، مەن بىلالنى قەلبىم خاتىرىلىرىدىن هەرگىز ئۆچۈرۈۋېتەلمەيمەن...

ئىككى دوست جىمىپ كەتتى. پەقەت ئېغىر تىنىقلارلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گۈلشات بولسا يەرگە قارىغىنىچە تېگى كۆرۈنمەس خىيال قوينىلىرىدا پىرقىرىماقتا ئىدى.

— لېكىن ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىر تۇرسا... مەن سېنىڭدىن ئەنسىرەيمەن...

— ئۇنىڭسىز ماڭا هاياتنىڭ نېمە كېرىكى؟! ياق، ياق! مەن ئاخىرقى قۇرقۇنچلۇق پاجىئەنى ئويلىماي، ماڭا تىنچىقىنا گۆر ياخشى...

— بۇنداق گەپلەرنى قىلما، — دېدى گۈلشات ئېغىر سۈكۈتتىن باش كۆتۈرۈپ، — سىلەر بىرەر ئامالىنى قىلىشنى ئويلىنىپ كۆردۈڭلارمۇ؟!

— ئەتە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا بارماقچى...

— ئوبدان ئويلاپسىلەر، — دېدى گۈلشات سائىتىگە لەپپىدە كۆز تاشلاپ، — بىلالكاممۇ شۇنداق دېگەندەك قىلدى...

— ئۇ... ئۇ... نېمىلەرنى دېدى، ئۇ زادى قانداقراق؟ — خالمېهرە گۈلشاتنىڭ قولىنى تۇتتى، — تېز ئېيتقىنا؟

— ئۇ ئۆزىنىڭ كېسىلىنىڭ ساڭا يۇقۇشىدىن ئەنسىرەيدىكەن...

— مەن يۇقۇشىنى تىلەيمەن.

— بولدى شۇملۇق تىلىمە، ئەتە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىكى ئۇ دوختۇرنى ئىزدەيلى، ئۇ يۇقۇملۇق جىگەر كېسەللىرى مۇتەخەسسىسى. مەن بىلالكامغىمۇ دەپ قويدۇم. ئەمىسە مەن قايتاي.

گۈلشات سائىتىگە يەنە بىر قارىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

گۈلشات چىقىپ كەتتى. خالمېهرەنىڭ تاتارغان چىرايىغا مىسكىنلىك، هەسرەت-نادامەت تورلىرى قايتا يېيىلدى...

17 ياشلىق خالمېهرەنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىققان يىللىرى شەهەرلىك پارتكوم شۇجىسى رەهمۇپنىڭ قاراڭغۇ يەرلىك زەي تۇرمىلەردە ئاي-كۈنلەرنى پەرق ئېتەلمەي ياتقان چاغلىرىغا توغرا كەلدى.

ئاي قاراڭغۇسى. شەھەرلىك پارتكوم قورۇسىنى سۇرلۇك جىمجىتلىق باسقانىدى. ئورۇق، تېنى ئاجىز بىر قىز تۈن نىسپىدە يالڭاياغ شىپىلداپ يەرلىك تۈرمىنىڭ ئارقىسىغا كەلدى. ئۇ تىمسقىلاپ يۈرۈپ ئەينەك پارچىلىرى پاتۇرۇلغان تام ئۈستىگە يامىشىپ چىقتى، تامدىن تۈرمە ئىچىگە سىيرىلگەن چاغدا ئۇنىڭ ئالقان، بارماقلىرى ئېچىشىپ بىردەمدىلا شىلىملىشىپ كەتتى. تۈرمە ئىچىگە نەچچە يىللىق ئەخلەت دۆۋىلەنگەنلىكى ئۈچۈن تام بىلەن تەگلا تۇراتتى. قىز قىينالمايلا تۆمۈر رىشاتكىلانغان تۆگلۈكنى تاپتى ۋە يامىشىپ چىقىپ قاپقاراڭغۇ كامېر ئىچىگە قاراپ ئاستا تۇۋلىدى:

— دادا... دادا... بۇ... بۇ... مەن...

— خالمىھرە قىزىم! سىز... سىز...؟

— مەن... مەن... — خالمىھرە ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى، — سىز بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم...

— خوشلاشقىلى؟

— ھەئە، مەن... مەن... قايتا تەربىيە ئالغىلى تارىمغا...

— تارىمغا؟ يىغلىماڭ قىزىم... بەردەم بولۇڭ!

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ھەرەمباغ، لياگزى بېشى، قوماندانلىق شتابىنى ئېلىش جەڭلىرىدە نۇرغۇن دوستلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆزىتىپ، قان كەچكەن، گومىنداڭ ئەسىرلىرىنى يالاپ تا ماناسقىچە ئېلىپ كېلىپ، ئەسىر ئالماشتۇرۇش كۈرەشلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ قاتتىق سۆڭەك جەڭچى ئۆز سۇتىنقىغا كەتكەن قىزىنى يىغلىماڭ، بەردەم بولۇڭ، دەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ، سۇپسۈزۈك سۇ پەردىسى كۆز قارىچۇقلىرىنى سۇۋارى قاپلىدى.

— جېنىم دادا... قولىڭىزنى بېرىڭ، مەن... مەن... قولىڭىزنى سۆيۈپ، كۆزلىرىمگە بىر سۈرتۇۋالاي...

چوڭقۇر تۈرمىدىن كۆتۈرۈلگەن قول، خالمىھرەنىڭ ئۇزاتقان قوللىرىغا يەتمىدى. پەقەت بۇ ۋەھىيمىلىك، لېكىن ھەسرەتلىك ئۇچرىشىشتىن يالداما بولۇپ، نازۇك بارماقلاردىن ساقىغان بىر تامچە قان رەھىمۇپىنىڭ ئالقىنىغا چۈشتى.

بىچارە ئاپىسىنى قان يىغلىتىپ خالمىھرە تارىمغا كەتتى. ئۇ، ھەر ھالدا شەھەردىكى شوئار ئاۋازلىرىنى، رەھىمسىز كۈرەش قىلىنىشلارنى، گۇمبۇرلىگەن ۋەھىيمىلىك دۇمباق ئاۋازلىرىنى، ئاغزى-بۇرنى قانغا بويىلىپ سازايى قىلىنىۋاتقان بىچارىلەرنى كۆرمەيدىغان بولدۇم، ئۇلار ئارقىدا — شەھەرنىڭ ئاشۇ قايناق ھاياتىدا قالدى، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇلار چۈشكەن دېھقانچىلىق مەيدانىدىمۇ يەنە شۇ بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقىغان ئالىقاناتلار، ئۈچ قىرلىق كالتەك تۇتۇۋېلىپ ئالەمدە ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان چالا كۆرەڭلەر بار ئىكەن...

ئالتە قىز بىر ياتاققا سىغدۇرۇلدى. ئەتىگەندە مەيدان كىچىك ئەترەتنىڭ باشلىقى سىم بۇرۇت ئالغاي (مەيداندىكىلەر ئۇنى ئالا كۆز، دەپ ئاتىشاتتى) ئۇلارنى ئىشقا ئېلىپ چىقاتتى ۋە ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېتىپ يوقىلاتتى. بىر كۈن كەچكىچە يۇلغۇن، قامقاق، ئازغان-تىكەنلەرنى قومۇرۇپ بىر يەرگە دۆۋىلەپ ئوت قويۇپ يەر ئېچىۋاتقان بۇ قىزلار كۈن ئولتۇرۇپ تارىم ئاسمىنىنى قىپقىزىل شەپەق قاپلىغاندا يۈزلىرى قارا-قورا، قوللىرى قاپارغان، پۇت-قوللىرىدا مىسقالچە ماغدۇر قالمىغان ھالدا ياتاقلىرىغا

قايتىپ كېلىشەتتى. ئۇلار كېلىپ بەشىنچى كۈنى قىزلار ئىشتىن قايتىپ ياتاققا كىرگىنىدە خالمىھرەنىڭ كارىۋات بېشىدا «قارا گېزەندە كۈچۈكى خالمىھرە رەھىم» دېگەن خەت يېزىلغان بىر ئاق لاتا ئېسىقلىق تۇراتتى. بۇ خەتنى كۆرگەن قىزلار خالمىھرەگە غىل-پال قارىغىنىچە كارىۋىتىغا كېتىشتى.

خالمىھرە دادىسىنىڭ دۈمبىسىگە چاپلانغان بۇ ئاق كېپەنىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ كارىۋىتىغا ئېسىلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ يەردىمۇ ئۇنىڭغا تىنچ ھايات يوق ئوخشايدۇ. دەرۋەقە ئۇ بىر يىلغا يېتەر-يەتمەي كىچىك ئەترەت، چوڭ ئەترەت بويىچە ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىلىپ ساۋالدى. بۇنىڭغا يەنىلا ئاچكۆز، قوپال «ئالا كۆز» سەۋەبچى بولاتتى. خۇددى قادىلىپ قارىساڭ سۇتتىنمۇ قارا تېپىلار، دېگەندەك كۆرەكنىڭ دەستىسىنى قەستەن سۇندۇرۇۋەتتى، كەتمەنىنىڭ بىسىنى تاشقا ئۇرۇپ بۇزغۇنچىلىق قىلدى، يالغاندىن كېسەل بولۇۋېلىپ ئىشقا چىقمىدى... دېگەندەك تۆگمەس-پۈتمەس قارىلار چاپلىنىۋەردى. ئۇنىڭدىن دوستلىرى يىراقلاشتى، ھەتتا ئالقاندەك چاقىرىق قەغىزىنىڭ ئوت پىراقىدا يېنىۋاتقان بۇ قىزلار ئۆز كۆمچىگىلا چوغ تارتىپ شەپقەتسىزلىك قىلىشتىن يانمىدى...

بىر كۈنى مەيدان كۆلۈبىدا كىنو قويۇلدى، قىزلارنىڭ ھەممىسى كېتىشتى، ئوت-كاۋاپ بولۇپ قىزىپ كەتكەن خالمىھرە ياتاقتا يېتىپ قالدى. ئۇ قىزىتمىسىنىڭ ئازابىدا تولغىنىپ ئۇخلىيالماي تۇرغىنىدا يوغان، ئېغىر بىر گەۋدە ئۇنى بېسىۋالدى... خالمىھرە دەھشەتلىك چىرقىرىۋەتتى. ئەزەلدىنلا غىچىرلاپ تۇرغان بۇ ئەبجەق كارىۋات غاراس قىلدى-دە، ئۆي بۇلۇڭىدا بىر قوچاق ياغاچقا ئايلاندى. ئېغىر گەۋدە قېچىپ چىقىپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئالا كۆزلىرىنى كۆرۈپ قالغان خالمىھرە يۈزىنى تۇتقىنىچە يىغلىۋەتتى، ئەتىسى سەھەر مەيدان شۇجىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. لېكىن چۈشتىن كېيىن مەيدانغا ئەزالار يىغىلىپ، «ئىنقىلابىي ئاكتىپلارغا قارا چاپلاپ، سىنىپىي ئۆچ ئالغان گېزەندە كۈچۈكى»نى كۈرەش قىلدى. يۈمران چۈشەقنى قۇشقاچمۇ ئېگىدۇ، دېگەن گەپ بار، سىنىپىي چەك-چېگرىنى ئاجراتقان ئۇنىڭ دوستلىرى، ئارقىغا قارىتىپ نەيزە ئۇرۇپ، خىزمەت كۆرسەتتى.

تارىم ئاسمىنىغا پات-پات پەيدا بولىدىغان بۇلۇتلاردەك كۈن-ئايلار بىر-بىرىنى قوغلىشىپ، ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. چاقىرىق قەغىزى كەلگەن قىزلار ئىلگىرى-ئاخىر بۇ يەردىن غايىب بولۇشتى. لېكىن خالمىھرە سەھەر قويۇپ، كەچ يېتىپ ئېغىر ئەمگەك، خورلۇق قوينىدا پىشماقتا ئىدى. شۇنىسى ئۇ باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى... ئۇنىڭغا ياخشى گەپمۇ، يامان گەپمۇ، ئىللىق چىرايمۇ، سوغۇق تەلەتمۇ بەرىبىر ئىدى، ئۇ پەقەت گەپ قىلمايتتى، شۇڭا مەيداندا ئۇنى «مۆرمەس»، «زىلۋا گاچا» دېگەندەك ناملار بىلەن تەرىپلىشەتتى، ھەتتا بەزى دېھقانلار بىرەر قاچا ئۆي تامىقى سۇنۇپ بەرسە، ئۇ رەھمەتمۇ دېمەي، ئۈن-تىنسىزلا ئالاتتى ۋە كەچ تەرەپتە پاكىز يۇيۇلغان قاچا ئىچىگە بەش مولۇق پۇلدىن بىرنى سېلىپ قايتۇرۇپ بېرەتتى-دە، بوسۇغىدىلا چوڭقۇر سالامدىن بىرنى قىلىپ، ئۇلار ھەرقانچە تۇتقىنى بىلەنمۇ ئارقىغا قاراپمۇ قويماي قايتىپ كېتەتتى. بۇنداق تاماق سۇنىدىغانلار ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىمى ئاسىمنىڭ ئانىسى كۆپرەك كېلەتتى. بەزىدە ئاسىم مۇئەللىممۇ تارتىنىپ قورۇنۇپ تاماق ئەكىلەتتى. خالمىھرە تامىقىنى يەپ، قاچىنى يۇيۇپ بولغىچە ئۇ

www.uyghurkitap.com

دۇدۇقلاپ، قىزىرىپ-تاتىرىپ نېمىلەرنىدۇر دەيتتى، لېكىن خالمىھرە ھېچ ئىپادە بىلىنمەيدىغان چىرايى بىلەن ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى...

خالمىھرە بېشىغا كەلگەن تەقدىرنىڭ بۇ تەتۈر قىسمەتلىرىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتاي دەمدىكىن تاڭ، ئۇنىڭ ئېتىزدىن كەلگۈسى كەلمەيتتى، ئەزالار كەتكەن، كەڭ ئېتىزلار خالىي قالغاندا قىزىرىپ كەتكەن ئاسمانغا قارايتتى، يىراقتىن شەپە بېرىۋاتقان تارىم دەرياسىنىڭ شاۋقۇنىنى تىڭشايتتى، قەدىمىي شاخاراپ كەتكەن قىرى ئورمانلىقتا تىكىلەتتى. دەرد-ئەلەم، غەزەپ-نەپرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يۈرىكى جاراھەتلەنگەن ناتىۋان قىز ھاياتىدىكى پاجىئەلەر ئۈستىدە خىيال سۈرەتتى. تارىم دەريا ۋادىسىدا ئۇنى يەنە قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن يىراقلارغا نەزەر تاشلايتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەتراپتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئازاب رېڭىدە بويالغاندەك ئىدى. بۇنداق غېرىبلىق باسقان كۈنلەردە ئۇ، ئاسىم مۇئەللىمنىڭ يىقىلساڭ تۇخۇمۇ دەسسەپ ئۆتىدۇ، يالغۇز ئادەم جەننەتتىمۇ جۇدەيدۇ، سىزگە بىر قولداش لازىم، دېگەن سۆزلىرىنى يادىغا ئالاتتى. ئۇنى دېمىسىمۇ يالغۇز ياتاقنى بېشىغا كىيىپ ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا موك يېتىپ، موك قويۇۋاتقان خالمىھرە بەزىدە ئۆزىدىن ئەنسىرەپمۇ قالاتتى.



بولۇپمۇ ئالا كۆز شاللىقتا قاققان قوزۇقتەك قاپقارا ئاراش چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ ياتاقتىن ئايلىنىپ كېتەلمىگەن، قوناقلىقلارنى چۆگىلەپ قالغان كۈنلىرى ئەدىيالنى ئېلىپ پىنھان يۇلغۇنلۇقلار، چاتقاللار ئارىسىدا ياۋا توشقان، كىرپىلەرگە ھەمراھ بولۇپ تۈنىگەن كۈنلىرى ئازمۇ؟!

تەقدىر-پىشانە شۇنداق شور نېمىكەن، خازانلار تىللا تۆكۈلگەندەك چۈشۈۋاتقان كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۈچ يىلدىن بېرى ئېچىلمىغان ئېغىزدىن «مەيلى» دېگەن بىر ئېغىز جاۋاب چىقىشى بىلەن ئاسىم مۇئەللىم ئىككى دۇنيا شادلىقىغا تېگىشمەيدىغان بەختكە چۆمدى. خالمىھرە نە مۇھەببىتى، نە نەپرىتى يوق بىر يىگىتكە ئۆزىنى تاپشۇردى. ئاسىمغا ئۇنىڭ ھېسسىياتسىز، مۇزدەك بەدىنىلا نېسىپ بولدى، خالاس.

كۈنلار تاشنى تاياقتا تاڭغىلى بولماس، دېگەنىكەن، ئاسىم بىلەن خالمىھرە بىر

ئايمۇ ئوبدان ئۆتەلمىدى. قېيىن ئانا قېيىن ئانىلىق ھۆكمىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى، ئاسىم ئانىسىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي ئەرلىك ھوقۇقىنى پەش قىلىپ، ئۇنى مىدىرلىيالمايدىغان ئىسكەنجىگە ئېلىپ قويىدى. نەچچە يىللىق تارتقان خورلۇق، يېگىدىن قوشۇلغان تۇرمۇش بېسىمى خالىپەرەنى يىقىتتى. ئۇ شەھەردە ئىككى ئاي دوختۇرخانىدا يېتىپ قايتىپ كەلگەندە ئاسىم بىر جۇۋان بىلەن چىقىشىۋالغانىدى. ئۇلار جېدەل-ماجىراسىزلا ئاجراشتى.

خالىپەرە ئاجرىشىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي دادىسى رەھىمۇپنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ، شەھەرلىك پارتكوم دادىسىنىڭ سوتنىغا كەتكەن خالىپەرەنى قايتۇرۇپ كېلىپ، شەھەرلىك باسما زاۋۇتىغا ئورۇنلاشتۇردى.

* * *

ھايات گۈل، مۇھەببەت ئۇنىڭ شىرنىسى.

**گېۋگۇ**

خالىپەرە باسما زاۋۇتقا كېلىپ شوخ، تېتىك، كۆلۈپلا تۇرىدىغان 17 ياشلىق گۈلشات بىلەن بىر سېختا ئىشلىدى. گۈلشات ھەممە نەرسە توغرىلىق سۆزلەيتتى، كۈلەتتى، ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرەتتى، خالىپەرەدىن ھېچ سادا چىقمىغاندىن كېيىن ئۇنى غىدىقلايتتى. خالىپەرەمۇ زاۋۇتتا ھېچكىمگە يېقىنلاشمىغىنى بىلەن گۈلشاتنى ياقتۇراتتى. مانا شۇنداق كۆل سۈيىدەك تىۋشسىز ھايات 12 يىل داۋاملاشتى. بەزى ئاياللار ئەرگە تەگسە ئېچىلىپ قالىدۇ، دېگەن خىيال بىلەن توي چېيىغا بارىمىز، پالاننى يوقلايمىز دېگەن باھانىدا ئۇنى ئەرلەرگە ئۇچراشتۇرۇپمۇ كۆردى، بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتكەن خالىپەرە ئۇلارغا شۇنداق غەزەپ بىلەن قارىدىكى، ئۇلارنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. كېيىنچە ئۇلار بۇ خېنىمنىڭ ئەركەك جىنى بار، دېيىشسە، بەزىلەر بىرەر ئەيىبى بولمىسا، ئەرلەرگە بۇنچە ئۆچ بولارمىدى، دېيىشىپ پەسكويغا چۈشۈشتى. بۇ ئىش توغرىلىق ئاتا-ئانىسى نەچچە يىللاپ نەسىھەت قىلىپ، تەنبىھ بېرىپمۇ زېرىكتى. خالىپەرە ئۈنسىز ياش تۆكۈپ، باش ئىرغىتىشتىن باشقىنى بىلمىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى تەنھا ئۆتىمەن؛ ئادەملەرگە يېقىن يولمايمەن، دېگەن قەسەملىرىنى كىچىككىنە بىر ۋەقە بۇزىۋەتتى. بىر كۈنى رەھىمۇپ ناھايىتى خۇشال، كەيپى چاغ ھالدا ئۆيگە كىردى-دە، سۆزلەپ كەتتى:

— مەن بۈگۈن تويدا بىلاللىدىن زەپەر بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ قالدىم. پاھ، پاھ، ئادەم بولار، بۇنداق ئوت يۈرەك بولماس. ئۇنىڭ چاقچاقلىرى، يۇمۇرلىرى سورۇندىكىلەرنى كۈلدۈرۈپ يىقىتىپ قويىدى. ئۆزىمۇ ئىنتايىن دىلكەش يىگىتكەن، بىز ئىككىمىز ئايرىم پاراڭلاشتۇق، ھەممە جەھەتتىن كۆز قاراشلىرىمىز بىردەك چىقتى.

— ھەي ئاقباش، — دېدى ئايخان ئانا كۆزەينىكىنى سۈرتۈۋېتىپ، — ئاشۇنداق ياش يوپۇرماق باللار بىلەن خى-خى، خا-خا دېيىشىپ ھەزىللىشىپ ئولتۇرۇشقا ئۇيالمىدىڭلارما؟

— ھەي مەزلۇم، نېمىلەر دەۋاتىسەن، ئۇ دېگەن 40 لارغا كىرگەن بىر يازغۇچى، — دېدى رەھىمۇپ ئايالىغا يۈزلىنىپ، — ھە راست، مەن ئۇنى ئەتە چۈشكە تاماققا تەكلىپ قىلىپ قويدۇم، ئوخشىتىپ بىر لەغمەن قىلىڭلار.

— تاماققا تەكلىپ قىلدىم؟

www.uyghurkitap.com

— مەن ئۇنىڭدىن تاپالماي يۈرگەن بىر كىتابنى سورىغاندىم، شۇنى ئەكىلىپ بەرمەكچى.

— ئۇم ئوخشاتتى بۇ ئاقىباش، ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ بولغۇچە بەش تەڭگەمنى بېرىۋەت بوپتۇ-دە.

ئىچكىرىكى ئۆيدە چاچ تاراۋاتقان خالمىھرە دادىسىنىڭ گەپلىرىنى پۈتۈن بەدىنى قۇلاققا ئايلانغاندەك ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇزۇن يىللار كۈلۈشنى ئۇنتۇپ قالغان بۇ مىسكىن چىراي پۇسۇققىدە كۈلۈۋەتتى.

خالمىھرە ئادەتتە توي-تۆكۈن، ئولتۇرۇش، ۋېچىر دېگەنلەرگە بارمايتتى. بىر ئاي ئىلگىرى گۈلشاتنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئۇنىڭ زاۋۇتتا ئەڭ يېقىن ئۆتىدىغان سىرداش دوستى مەرىيەمنىڭ ئۆي چېيىغا باردى. مەرىيەمنىڭ يولدىشى بىر نەشرىياتتا مۇھەررىر بولۇپ، ئۇنىڭمۇ دوستلىرى كەلگەنىدى. ئاجايىپ كۆركەم ياسالغان مېھمانخانا ئەر-ئايال مېھمانلار بىلەن لىق تولغانىدى. ئەرلەر ئاق زەمزەمنى، ئاياللار قىزىل شەربەتنى ئىچىشتى. ئەزەلدىنلا بۇنداق سورۇنلارنى كۆرمىگەن خالمىھرە مىجەزىم يوق دەپ كەتمەكچىمۇ بولدى، لېكىن قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ گۈلشاتنى ساقلاپ ياندىكى كىچىك ئۆيدە ئولتۇردى. ئولتۇرۇش بارغانسېرى قىزىپ كەتتى. كۈلكە-چاقچاق ئۈزۈلمەيتتى. بولۇپمۇ بىلالدىن زەپەرنىڭ چاقچاق، يۇمۇرلىرى ئۆينى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇ چاقچاقنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئارقا-ئارقىدىن ئۇلىماقتا ئىدى. خالمىھرە ئاجايىپ قىزىق يۇمۇرلار تەسىرىدىن ئىختىيارسىز كۈلەتتى.

— تۇۋا، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، — دۇنيادا بۇنداق ئىشلارمۇ باركەن-ھە، ئاجايىپ قىزىق، كۆڭۈللۈك بولىدىكىنا.

— قېنى بىلال، قېيۇم، بىر پەردە ساز ئاڭلايلى، — دېدى مەرىيەمنىڭ ئېرى تەمبۇرنى بىلالدىنغا سۇنۇپ، — خانىملىرىمىز كۈلۈپ ھېق تۇتۇپ كەتتى. سانجىق تۇرۇپ قالمىسۇن يەنە.

بىلالدىن تەمبۇرنى، يەنە بىرەيلەن دۇتارنى ئالدى، ئۇلار سازلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ئالدى-ئارقىغا بۇراپ، بىر ھازا ھەپىلىشىپ تەڭكەش قىلدى.

— ئاغىنىلەر، زېرىكتۈرۈپ قويدۇق-ھە، — دېدى بىلالدىن كۈلۈپ، — ئورۇس غوجام ئاتىكەن چاتىكەن، ئۇيغۇي غوجام ئاتىكەن قۇلىقى بىلەن قاتىكەن، بولدى-دە.

يەرلىك شىۋىدە قىلىنغان بۇ چاقچاقتىن ئۆي ئىچىدە قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈلدى. خالمىھرەمۇ ئىختىيارسىز ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋەتتى. ئۆي جىمىدى، مۇڭلۇق، يېنىك كۈچۈنۈشلەر بىلەن باشلانغان ئاھاڭلار كىشىلەر قەلبىنى سېھرىلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھايات كەچمىشلىرىنى ئېسىگە سالدى:

ئۆمرۈڭنى خۇش ئۆتكۈزگىن،
سەن زىكرى خۇدا بىلەن.

خالمىھرەنىڭ چىرايىدىكى بايىقى شادلىق بىردىنلا ئۆچۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئاجايىپ مىسكىنلىك، غېرىبلىق تۇمانلىرى قاپلىدى. «ئۆمرۈڭنى خۇش ئۆتكۈزگىن» ئۇنىڭ لەۋلىرى ئۇمچەيدى، كۆز چاناقلىرى سۈزۈك شەبنەمدىن يالتىرىدى. قەلبىنىڭ چوڭقۇر، پىنھان بۇلاقلىرىدىن ھەسرەتلىك نىدا كەلدى. ئاھ خۇدا مۇمكىنمۇ؟!

جان كەتسە ئېزىز تەندىن
قايتىپ كېلىشى نەدىن؟

خالمىھرەنىڭ بېشى مەيدىسىگە ئېگىلدى. ئۇنىسىز تۆكۈلۈۋاتقان ياش ئۇنىڭ تولغان، چىرايلىق كۆكسىنى ھۆللىمەكتە ئىدى.

بۈگۈنكى كېچە خالمىھرەنىڭ قەلب ئابىدىسىگە ئۆچمەس بولۇپ ئويۇلدى. ھايات ئۇنىڭغا، بىلالدىن، ئەسلىدە ئۇ ناھايىتى ئاددىيلا نەرسىكەن، ئۇنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن، بۇزۇۋەتكەنلەر يەنىلا ئادەملەر ئىكەن.

باش باھارنىڭ ئاچچىق شامىلى خالمىھرەنىڭ يۈزلىرىنى چاقىنى بىلەن قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ قويىدى. گۈلشات توختىماي سۆزلەپ كېلەتتى. خالمىھرە بىلالدىن زەپەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ رومانىدىكى تەرجىمھال سەھىپىلىرى ئۆزىنىڭ ئازابلىق كەچمىشلىرىگە تولغان ياشلىقىنى ئەسلەتكەنىدى. ئاپتورنىڭ ياشلىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە بىرنەچچە قېتىملىق سۈرگۈن، تەقىپ ھەم قاراڭغۇ تۈرمىلەردە ئۆتكەنىكەن. بەزىدە كىشى قىسمەتنىڭ تەگسىزلىكىگە ھەيرانمۇ قالىدۇ، شۇڭقار پاشىغا ئېنىلماس، دېگەندەك ئادەمنىڭ ئەسكىسىدىن تەقدىر، قىسمەتمۇ قاچىدىغان ئوخشايدۇ. مانا گۈلشاتنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بىلالدىن ھازىر تۈرمۇش سەرسانلىقىدا ياشاۋېتىپتۇ. ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلەر ماگىزىنىدا ئىشلەيدىغان ئايالى نۇرغۇن پۇلغا خىيانەت قىلىپ، خىزمەتتىن ھەيدىلىپ كوچا چېڭدىپ يۈرگەن جۇدۇنلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىلالدىن كاماندۇرۇپكىغا چىقىش ئۈچۈن ئايرودرومغا كەتكەن، لېكىن ئۇ يېرىم كۈن ساقلاپ ئايروپىلان ئۇچمىغان، ئاخىرى ھاۋا تۇمانلىق دەپ يولۇچىلارنى قايتۇرغان. بىلالدىن كەچلەپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ئايالى بىر ئالتۇن سودىگىرى بىلەن ھۇجرىدا مەلەق ھالدا ياتقان... بىلالدىن قولىغا پالتا ئېلىپ ھەر ئىككىلىسىنى چانىۋەتمەكچى بولغان، لېكىن ئىپلاسلارنىڭ قېنى بىلەن ئۆزىنىڭ پاك تېنىنى بوياشنى خالىمىغان. ئەتىسى بىلالدىن ئاجرىشىپ كېتىشنى ئېيتىپ، ئىدارىسىغا كەتكەندە ئايالى ئائىلىسىدە بىر چوكا قالدۇرماي تۆت تام ئىچىگە 12 ياشلىق قىزىنى سولاپ قويۇپ كېتىپ قالغان. شۇڭا بىر يىل ئىلگىرى ئايالى بىلەن ئاجرىشىپلا قىزىنى يۇرتىدىكى ئاپىسىنىڭ قېشىغا ئاپىرىۋەتكەن.

ئۆي چېپىدىن قايتىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە گۈلشات خالمىھرە بىلەن چېقىشىپ بىلالدىننى ئۇنىڭغا سايە قىلغانىدى...

ھەم شېرىن ھەم قىرتاق ئەسلىمىلەر ئىلكىدە كۆزى ياشقا تولغان خالمىھرە چېچىنى تاراپ بولۇپ، چىرايلىق كىيىنىپ چوڭ ئۆيگە چىقتى.

— ئاپا سومكىنى بېرىڭ، ئىشتىن يانغاندا گۆش ئالغاچ كېلەي.

— گۆش؟! — ئايخان ھەدە خۇددى كۈندۈزدە يولتۇز كۆرگەندەك يۇقىرى گرادۇسلۇق ئەينىكى بىلەن قىزىغا سىنچىلاپ قارىدى.

— ئەتە مېھمان كېلىدۇ، دېدىڭلارغۇ؟!

— پاھ، پاھ خۇدايا تۇۋا، توخۇ جىرىم غاجاپتۇ، كەڭ يوللارنى تويغا ساقلىغاندەك؛ تام تۈۋى، چەت ياقىلاردىن ئىشقا بېرىپ-كېلىپ يۈرگەن قىزىمنىڭ بۈگۈن گۆشكە، يەنە كېلىپ ئادەملەر توپلاشقان بازارغا بارغۇسى كېلىپ قاپتا...

— مەزلۇم تولا قارا قاغىدەك قاقىلداۋەرمەي، — دېدى رەھمۇپ خالمىھرەنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، — ماقۇل دېمەمسىلە.

— ھىم ماقۇلە، بىلىپ قويىسلا ئاقىباش، ئۆزلىرى لىگشۇ بولغان 10 يىلدىن بىرى ئاشۇ قارا قاغا سىلىنى پاختىدا چوغ ساقلىغاندەك ئاسراپ كېلىۋاتىدۇ...

— ھا... ھا... ھا... لىگشۇ ئەمەس لىشۇ، بىلەمسەن لىشۇ.

خالمىھرە تۈنجى قېتىم ئاۋازلىق كۈلۈۋەتتى-دە، يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بۇ قوشماق دىلكەش ئەر-خوتۇنلار قىزىنىڭ ئارقىسىدىن بىر ھازا قاراپ، خۇددى كېلىشىۋالغاندەك تەڭلا كۈلۈۋەتتى.

ياشا مۇھەببەت! سېنىڭ زەررە نۇرۇڭ ئىلتىپات كۆرسەتسە، زېمىستان باھارغا ئايلانغۇسى! كەچ كۈزدە تۆكۈلگەن زەپىران ياپراقلار تىللاغا ئۆزگەرگۈسى! ئەگەر سەن كۆككە بېقىپ چىراي ئاچساڭ — يۇلتۇزلار تۈنچە-دۇر بولۇپ زېمىنغا تۆكۈلگۈسى! سەن بولغانلىقىڭ ئۈچۈنلا بۇ جاپا-مۇشەققەتلىك، مېھنەتلىك دۇنيا كۆڭۈللۈك، دېڭىز قەھرىدىكى گۆھەرلەرمۇ نۇرلۇق ۋە جۇلالىق. زەررە مۇھەببەت ئۈچقۇنى ئۇنىڭ قەلبىگە شېرىن ئەنسىزلىك سېلىپ قويىۋىدى، بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا شۇنچە چىرايلىق، ماتانەتلىك كۆرۈنمەكتە...

ئۇزۇندىن بېرى ئۆي تامىقى يېمىگەن بىلاللىدىن بىر تەخسە لەغمەننى ئىشتىھا بىلەن يېدى. ئايخان ھەدە ئۇنى قانچە زورلاپ باقتى. لېكىن ئۇ ئۇزۇر سورىدى. كىچىككىنە تەخسىدىكى لەغمەننى تېخىچىلا يېيەلمەي ئولتۇرغان خالمىھرە بىلاللىدىننىڭ تەخسىسىنى ئېلىپ ئاش سۈيى ئېلىپ كىردى ۋە ئىززەت-ئىكرام بىلەن بىلاللىدىننىڭ قولىغا سۇندى. خالمىھرە دەممۇ دەم قىزىرىپ يەردىن ئۇستۇن قارىمايتتى. دەسلەپتىلا ئۇ تامىقنى ئاشخانىدا يېمەكچى بولغانىدى، ئايخان ھەدە ئاچچىقلىنىۋىدى، قىزىرىپ-تاتىرىپ ئارانلا شىرە ئالدىغا كەلدى.

— يەنە ئازىراق يېمىسىڭىز بولاتتى، — دېدى ئايخان ھەدە مېھماندوستلۇق بىلەن، — ئوخشىمىغان ئوخشايدۇ.

— لەغمەن ئوبدان بوپتۇ، ئۇزۇن بوپتىكەن ئۆي تامىقى يېمىگىلى، تاماققا ئۇستىكەنلا.

— بۈگۈن قىزىم خالمىھرە ئىشتىن بۇرۇنلا كېلىپ تاماقنى ئۆزى ئەتتى.

— شۇنداقمۇ، — دېدى بىلاللىدىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن خالمىھرەگە قاراپ، — ئايال كىشىنىڭ گۈزەللىكى ئۆي ئىشىدا بىلىنىدۇ، دەپ كونىلار بىكار ئېيتمىغان.

تاماق يېيىلىپ، داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن بىلاللىدىن رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى، رەھمۇپ خېلى چىڭ تۇتقان بولسىمۇ، ئالدىراش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇزۇر سورىدى.

— رەھمۇپكا، — دېدى بىلاللىدىن خالمىھرەگە لەپپىدە قارىۋېلىپ، — «مىسىر قىزى» نى ئوقۇپ بولغۇچە مەن سىلى دېگەن كىتابنى ئەكىلىپ بېرىمەن.

— سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق، — دېدى ئايخان ھەدە، — چالىم كىتاب ئوقۇيدۇ، مەن تىڭشايمەن، كىتاب دېگەننىمۇ يېرىم دىدار نىمكەن، ئىككىمىز بىللە يىغلاپ، بىللە كۈلۈپ بۇ كۈنلەرنى شۇنداق ئۆتكۈزىمىز.

— مەن تولىمۇ خۇشالمەن. ھەممىلا ئەر-ئايال ھەرقايسىلىرىدەك ئۆتسە جەننەت

راھەتنى دېگەن شۇ ئەمەسمۇ، نېمە قىلىدۇ ئۇ دۇنيادىكى نىسى جەننەتنى...
— بەللى، بەللى، — كۈلۈۋەتتى رەھىمۇپ، — كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭىز...

بىلالىدىن ئىككىنچى قېتىم بىر ھەپتە ئۆتكەندە كەلدى. خالبەھرە ئىشىكنى ئېچىش بىلەنلا قىزىرىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ بۈگۈن كېلە، ئەتە كېلە، دېگەن ئۈمىدتە بۇ بىر ھەپتىنى ساناپ ئۆتكۈزۈپ ئۈمىدى ئۈزۈلگەنىدى. بىلالىدىننىڭ يەكشەنبە، يەنە كېلىپ ئاپىسى نەزىرگە چىقىپ كەتكەن، دادىسى ئۇخلاپ قالغاندا كېلىشى ئۇنى تېخىمۇ ھودۇقتۇرۇۋەتتى.
— دادام ئۇخلاپ قالدى، ئويغىتايمۇ؟
— يا، ياق، — دېدى بىلالىدىن ئاستا ئاۋازدا، — ئۇخلىۋالسۇن.
خالبەھرە مېھمانخانا شىرەسىگە تاتلىق-تۈرۈملەرنى تىزدى ۋە چاي ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى زادىلا قولاشمايتتى. بەزىدە قولغا ئالغان نەرسىنى قەيەرگە قويۇشنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئورۇندۇقنى بوسۇغا يېنىغىلا قويۇپ قول قوشتۇرۇپ جىملا ئولتۇردى. بىلالىدىنمۇ قىزىق چايدىن ئوتلىغاچ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن كىتابنى ۋاراقلاپ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى كۆردى. ئۆينىڭ ئىچىنى گويا گۆرىستان جىمجىتلىقى باسقانىدى. بىلالىدىن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا خالبەھرەگە قاراپ قوياتتى. خالبەھرەمۇ تېخى يېرىملاشمىغان چېيىنى تولدۇرۇپ ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلەتتى.
— ئېتىڭىز نېمە؟ — دېدى بىلالىدىن تاقىتى تۈگەپ.
— خالبەھرە!
— سىز گەپ قىلالايدىكەنسىز-ھە؟!
— مېنى گاچا دېگەنمىدىڭىز؟
— يا... ياق، پەقەت ھېم... — بىلالىدىن قوللىرىدا نېمىلەرنىدۇر ئىشارىلىگەندەك قىلدى، — تېخى تىلى چىقمىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان.
— ئوخشاش ئەمەسمۇ؟!
— نەدىكى ئوخشاش بولسۇن، گاچا دېگەن گاچا، تىلى چىقمىدى دېگەن گەپ كېيىن چىقىدۇ دېگەن گەپ. ئۆتكەندە تىلىڭىز چىقمىغانىدى، مانا بۇ ھەپتە چىقىپتىغۇ، شۇنداقلا گەپتە.
— مېنى... مېنى زاڭلىق قىلماڭ، بۇرۇن مېنى باشقىلار شۇنداق دەپ مەسخىرە قىلاتتى.
بىلالىدىن خالبەھرەنىڭ ئۇمچىيىپ تۇرغان لەۋلىرىگە، ئېيپەت-نومۇس مۇجەسسەملەنگەن غەمكىن چىرايىغا، بىرەر قېتىم تىكىلىپ قارىيالمايۋاتقان ئۇياتچان تۇرقىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى.
— نەدە ئىشلەيسىز؟
— شەھەرلىك باسمىخانىدا.
— مەن باسمىخانىغا بېرىپ تۇرىمەن، لېكىن سىزنى كۆرمەپتىكەنمەن.
— مەن سىزنى كۆرگەن، — خالبەھرەنىڭ چىرايى ۋىللىدە ئېچىلىپ كۈلۈمسىرىشى بىلەن ئاپئاق سەدەپتەك چىشلىرى كۆرۈندى.
— نەدە؟

— مەرىيەمنىڭ ئۆيى چېيىدا، — خالمىھرە بىلالىدىنغا لەپپىدە قارىدى-دە، كۆزىنى ئەپقاچتى.

— مەن ئۇ يەردە سىزنى كۆرمىدىمغۇ؟

— مەن كىچىك ئۆيدە ئىدىم.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— مەن... مەن... ئۇنداق يەرلەرگە بېرىپ ئادەتلەنمىگەن.

بىلالىدىننىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ھاياتىدا بىرەر ئېغىر زەربىگە دۇچ كەلمىگەن ئادەم بۇنداق چۈشكۈنلۈك تورلىرىغا چىرمىلىپ، مىسكىنلىك ئىچىدە ئازابلانمايدۇ، دېگەن ئوي كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى شۇۋ قىلىپ ئېرىپ كەتكەندەك بىئارام بولۇپ كەتتى. بەلكىم ئۇنىڭ ئېرى زالىم ئادەم بولۇشى مۇمكىن ياكى بولمىسا ئېرىنىڭ بەزى ئىشلىرىنى سېزىپ قېلىپ كۈندەشلىك ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتامدۇ تېخى...

— يولدىشىڭىز نەدە ئىشلەيدۇ؟ — بىلالىدىننىڭ نەپىسى بوغۇلغاندەك بولدى. خالمىھرەنىڭ يەرگە باققىنىچە بېشىنى ئېغىتىشىنى ئۇ نېمىدەپ چۈشىنىشنى بىلەلمىدى.

— ئاراڭلاردا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولغانمىدى؟

— ئېسىمدە قالماپتۇ! لېكىن مەن 12 يىلدىن بېرى سىز دېگەندەك گاچا بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتىمەن، تۇۋا، بۈگۈن مەن ھاردۇقۇم چىققۇدەك سۆزلىۋالدىم...

— بۇ گەپچە يولدىشىڭىز يوق ئىكەندە؟ — بىلالىدىننىڭ بوغزىغا نېمىدۇر تۇرۇپ قالغاندەك قاقلىپ كەتتى. خالمىھرەنىڭ «شۇنداق» دېگەندەك باش لىڭشىتىشى بىلەن نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنىڭ ئۈستىدىن ئېغىر بىر يۈك بىردىنلا چۈشۈپ كەتكەندەك ئۇھ دەپ قويدى.

— گەپ بىلەن بولۇپ چېيىڭىز سوۋۇپ كەتتى، يەڭگۈشلىۋېتەي.

خالمىھرە چىقىپ كېتىۋاتقاندا بىلالىدىن ئۇنىڭ پۇتلىرىدا سويلاپ تۇرغان ئۇزۇن بىر ئۆرۈم چاچلىرىغا نەزەر تاشلىدى. ئۇ پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ كىردى. شۇنداق، ئۇنىڭ چىنار نوتىسىدەك سىماسى بەرنا ئىدى...

بىلالىدىن ئۇستىلىق بىلەن گەپكە سېلىپ، خالمىھرەنىڭ خورلۇقتا ئۆتكەن ياشلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ ئاڭلىغانسېرى ئۆزىنىڭ پاجىئەلىك ياشلىقى كۆز ئالدىدىن تىزىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى، لېكىن ئايخان ھەدىنىڭ تاراقلاپ كىرىپ كېلىشى، رەھمۇيىنىڭ ئويغىنىشى بىلەن بۇ ئىككى دەردمەن بىر-بىرىگە كۆزى قىيمىغان ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

خالمىھرە بىلەن بولغان شۇ سۆھبەتتىن قەلبى ئۆرتەنگەن بىلالىدىننىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى، ئۇ گويا يۈرەك بېغىغا تارازا نېشى ئېسىپ قويغاندەك بۇ ئۆيدىن ئۇزاپ چىقتى. لېكىن بىلالىدىن جىددىي ئىشلەۋاتقان بىر ئەسىرىنى پۈتتۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ بۇ ئۆيگە ۋاقتىدا كېلەلمىدى. خالمىھرە ئىشقا ماڭغاندا تاقەتسىزلىنەتتى، قايتقاندا جىددىيلىشەتتى. ئۆيگە كىرىپلا مېھمانخانىنى يوقلايتتى ۋە بىردىنلا لەسسىدە بوشىشىپ كېتەتتى. بۇرۇنلاردا ئۆيدە تېلېفون بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ جىرىڭلاشلىرىنىمۇ يادىغا ئالمايتتى، مانا ئەمدى تېلېفون جىرىڭ قىلغان ھامان تۇرۇپكىنى قولىغا ئالاتتى. ھەتتا دادىسىنىڭ ئوقۇۋاتقان كىتابىنى ئوغرىلىقچە ۋاراقلاپ، قاتلانغان بېتىنى كۆرگەن ھامان يۈرىكى سىقىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى چېچەن ئانىسىنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمايتتى؛ كۆڭلىگە چىگىش تۈگۈنلەر چىگىلىۋاتقان ئانا بىر كۈنى ئەتىگەندە رەھمۇيقا:

— ھەي بىزنىڭ ئادەم، كالا ھارۋىسىدا توشقان قوغلىغاندەك بۇ كىتابنى قاچان ئوقۇپ تۈگىتىسلەر، پاتراق تۈگىتىپ بىلالىدىن ئەپەندىگە تېلىپون بەرسەڭلار، بۇنىڭدىن قىزىقراقىنى ئەكىلىپ بەرسە بولمامدۇ، — دېدى.

— كىتاب دېگەننى گاچىنى ئىت قوغلىغاندەك ئوقۇسا مەزىسى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ مېغىزىنى چېقىپ ئوقۇغۇلۇق.

— لىكىلداپ قالغان تۆت چىشىدا مېغىزىنى چاقمىش تېخى، — دېدى ئايخان ھەدە كۈلۈپ، — ئەمىسە بۈگۈن چۈشتە مەن رەيھان كۆكى سېلىپ چۆچۈرە ئېتىمەن، تاماقتا چاقىرىپ قويساڭلار قانداق؟

— بۇ گېپىڭلا بولىدۇ مەزلۇم، ھەي، ھەي كاللاڭلار غوچچىدە چېچەكلەپ كەتكەن ئەقىل.

خالمىھرە ئىشتىن بالدۇر قايتىپ ئاپىسىغا چۆچۈرە تۈگۈشۈپ بەردى. ئانا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قىزىنى كۈزىتىپ ئولتۇراتتى، خالمىھرەمۇ پات-پات ئىشىككە قاراپ قوياتتى.

— قىزىم، — دېدى ئانا قوشۇققا قىيما ئېلىپ، — سېنىڭ نەزەرىڭدىكى دۇنيادا ياخشى ئادەم يوق، بىلالىدىن ئەپەندى ئۆزى كىچىك پېئىل، يوغانلىقى يوق، تۈزۈككىلا كۆرۈنىدىغۇ؟!

— شۇنداقتەك قىلىدۇ... — خالمىھرە قىزىرىپ كەتتى.

بىلالىدىن كېلىش بىلەن ئۆينىڭ ئىچى قىزغىن كەيپىياتقا تولدى. ئۇ رەھمۇپنىڭ چاقچاقلىرىغا تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئۆزىمۇ بىرنەچچە ئېغىز قىزىق گەپلەر بىلەن ئۆيدىكىلەرنى كۈلدۈردى. تاماق يېيىلىپ بولغاندا خالمىھرە ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئايخان ھەدە ئۆيگە كىرىپ:

— خالمىھرە خەنزۇچە ئۆگىنىۋاتاتتى، ھازىر ئۇ بىرنەچچە قىيىن گەپلەرنى تاپالماي تومپاي كىتابلارنى ئاختۇرۇۋاتىدۇ، سىز ياردەم قىلىپ قويسىڭىز بوپتىكەن، — دېدى بىلالىدىنغا.

بىلالىدىن چىقىپ خالمىھرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بىرلىكتە لۇغەت كۆردى، بەزى خەتلەرنى ئۆزى يېزىپ بەردى. لېكىن ئۇ خالمىھرەنىڭ خەنزۇچە خېتىگە قاراپ ھەيران قالدى. خەتلەر ئىنتايىن رەتلىك، چىرايلىق، توغرا يېزىلغانىدى.

— خالمىھرە، — دېدى بىلالىدىن قەلەمنى قويۇپ، — ئۆتكەندە سىز بىلەن سۆزلەشكەندىن بېرى سىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىڭىز بىر دەقىقىمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. سىز بىلەن قايتا پاراڭلىشىشقا شۇنچە تەقەززا بولدۇم.

— يالغانچى، — دېدى خالمىھرە ناھايىتى ئاستا، — بۈگۈن سىز كەلمىگىلى 23 كۈن بولدى. ئەگەر چاقىرمىسا يەنە كەلمەيتتىڭىز...

— 23 كۈن؟!

— شۇنداق، توپتوغرا 23 كۈن، — خالمىھرە چوڭقۇر تىندى.

— بۈگۈن شەنبە، كەچتە بالدۇرراق ئىشتىن چۈشۈپ باغچا ئالدىغا كېلەلەمسىز؟ پاراڭلىشىمىز...

— كەچ قالسام، ئاپام بىلەن دادامنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟

— ئىدارىدا نۆۋەتچىلىك قىلىمەن، دېسىڭىز بولمامدۇ؟

www.uyghurkitap.com

— يالغان ئېيتامدىم؟
— ئازراق يالغان ئېيتقانغا نېمە بولىدۇ، مەنمۇ خېلى-خېلى نەرسىلەرنى توقۇيمەنغۇ؟
خالمىھرە كۈلۈۋەتتى:
— ئەمسە مەن ساقلايمەن.
بىلالىدىن باغچا ئالدىغا كەلگەندە بارغانسېرى قىزىرىۋاتقان قۇياش باغچىدا قەد كېرىپ تۇرغان ئېگىز شەمشات دەرەخلىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغانىدى. قىزىرىپ تەرلەپ كەتكەن خالمىھرەمۇ يېتىپ كەلدى. بىلالىدىن ئۇنىڭ بەرنا سىماسىغا تويماي قاراپ قالدى. قارىغانسېرى ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيتتى...
يۇمىلاق ئاق يۈزگە ھۆسن قوشۇپ، قوندۇزدەك پارقىراپ تۇرغان ئۇزۇن قاپقارا چاچلار، مەيدە ۋە ئېتەكلەردىكى كالۋۇتۇن يېپىلىق نەقىشلىرى ئاخىرقى قۇياش نۇرىدا قىزغۇچ يالىلداپ، تەبىئەت ئاتا قىلغان زىلۋا بەدەننى زىبالاشتۇرغان ھاۋا رەڭ كۆڭلەك يېنىك يەلپۈنۈپ، يۇمران ئېگەكلىرىنى، كىچىك لەۋلىرىنى، سۈزۈك مەرمەردەك ھال رەڭ مەڭىزلىرىنى سۆيۈپ ھىلپىرلاپ تۇرغان نېپىز ئاق شارپا، ئەدناسى ھۆسنى كامالىغا يەتكەن ئۇياتچان بىر مەسۇمە بىلالىدىننىڭ ئالدىدا تارتىنىپ-قورۇنۇپ تۇراتتى.
ئۇلار كۈن ئولتۇرۇپ شەپەق قىزارغىچە باغلارنى ئارىلىدى. ئاخىرى بۆك مەجنۇنتاللار ئۆز قوينىغا ئالغان پىنھان راۋاق ئورۇندۇقىدا يانمۇ يان ئولتۇرۇشتى. بىلالىدىن تىنماي سۆزلەيتتى. قوپالراق بولسىمۇ يۇمۇرلارنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەيتتى. بەزىدە خالمىھرەنى قەستەن جىلە قىلىپ سۆزلەتتى. تۇرۇپلا تراگېدىيە تۈسىنى ئالغان چەت ئەل رومانلىرىنىڭ ۋەقەلىرىنى بەدەنلىرىنى تىترەتكۈدەك سىرلىق قىلىپ سۆزلەپ ھاياجانغا سالسا، تۇرۇپلا كومېدىيىلىك مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق ئۇنى كۈلدۈرەتتى...
— مەن سىزنىڭ رومانىڭىزدىكى تەرجىمھالىڭىزنى ئوقۇغان، سىز شۇنچە كۈلپەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپسىز، ئەمما كۈلۈپلا ئۆتىدىكەنسىز، سىزنىڭ چىرايىڭىز بەئەينى ئېچىغلىق تۇرغان بىر كىتاب...
— ھەي خالمىھرە، خالمىھرە، بۇ دۇنيانىڭ رەنجىگۈچىلىكى بارمۇ؟ بىز بۇ دۇنياغا كېلىپ-كېتەر مېھمانمىز، يىغلاپ ئۆتسەڭمۇ، كۈلۈپ ئۆتسەڭمۇ بەرىبىر... شۇڭا شائىرلار يەر شارىنى خۇش خۇيلار چۆگىلىتىدۇ، دەپ بىكار ئېيتمىغان.
خالمىھرەنىڭ بېشى تۆۋەن بولدى ۋە ئېغىر خورسىندى.
بىلالىدىن بىلەن خالمىھرە ئىككىنچى قېتىم 1-ماي كۈنى باغچىدا ئۇچراشتى. خالمىھرە ۋەدىسى بويىچە گۈلشاتنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار يەيدىغان نەرسىلەرنى، سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئېلىپ پىنھان ئورمان ئىچىگە كىرىپ ئەدىيالنى يايدى. كۈلكە-چاقچاق، ئۆتكەن-كەچكەننى سۆزلەپ يېرىم كۈن كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ئەمما خالمىھرە يەنىلا ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرالمايتتى. چۈنكى ئۇ ئەرلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇش، سىرتتا بىر نەرسىلەرنى يېيىش-ئىچىش ئەخلاقسىزلىق، ھاياسىزلىق، دەپ قارايتتى. شۇڭا تونۇش-بىلىشلەر كۆرۈپ قالمىغىدى دېگەندەك ئوغرىلىقچە ئەتراپقا قاراپ قوياتتى. شۇنداقلا بىلالىدىن بىلەن بولىدىغان كۆڭۈللۈك سۆھبەتلەردىن كۆز قىيالمايتتى. ئۆيىدىكىلەرگە داۋاملىق يالغان ئېيتىشقا جۈرئىتى تېخىمۇ يار بەرمەيتتى. بۇنى سەزگەن گۈلشات بىز دوستىمىزنىڭ ۋىچىرىغا كەتتۇق، قاتار چايغا بارىمىز دېگەندەك باھانىلەر

ئارقىلىق خالىپەرەنى ئېلىپ چىقىپ بىلالىدىنغا تاپشۇراتتى. كېيىنچە ئۇ خالىپەرەنىڭ بىر ئېغىز سۆزىنى، ئىككىلىك خېتىنى ئېلىپ، ھەتتا بىلالىدىننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇن سۆزلىشىپ كېتىدىغان، ئۇنىڭغا تاماق ئېتىپ بېرىدىغان ھالغا يېتىپ، بېرىپ كېلىش كۈندىن-كۈنگە قويۇقلاشماقتا ئىدى.

بىلالىدىن كېيىنچە تۇرمۇشتىن بەزگەن، روھسىز، ئۈمىدسىز خالىپەرەنى تېخىمۇ كۆپرەك سۆزلىتىش، كۈلدۈرۈش، قەلبىگە شادلىق نۇرىنى چېچىش ئارقىلىق ھاياتىدىكى ھەسرەتكە تولغان ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، «قايپىلىك جاۋاب قايتۇرۇش»، كىم ئۇتتۇرۇپ قويسا بۇرنىنى چىمداش ئويۇنىنى چىقاردى. دەسلەپتە خالىپەرە ئۇنىمىغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۆزىمۇ قىزىقىپ قالدى. بىر يەكشەنبە ئۇلار كىنوغا كىرىشتى. بۇ سۆيگۈ رومانلىرىدا تەسۋىرلىنىدىغان «ئاق كېچە» ئىدى. ئۇلار كىنودىن چىقىپ خىلۋەت سالقىن كوچىلارنى ئايلاندى. ئارامبەخش غۇر-غۇر شامال ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى يېنىك تۇزۇتۇپ، ئۇرغۇپ تۇرغان سۆيگۈ قانلىرىنى لەرزىگە سالاتتى، قىزىق پاراڭ بىلەن شەھەر سىرتىدىكى مەجنۇن تاللار قاپلىغان «سۆگەت كۆل»گە كېلىپ قالغىنىنى بىلمەيلا قالدى. كۆلدىن پاقىلارنىڭ كۇركىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چوڭ يولدىن بىرەر-يېرىم يولۇچىلار، ئېشەك ھارۋىلىرى ئۆتۈپ قالاتتى. بىر-بىرىدىن بوي تالاشقان شەھەر بىنالىرى ئايدىڭدا گىگانت ئادەمدەك ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بىلالىدىنغا تۇمۇ تېگىپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇگۈنكى كەچكى سەيلە ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتتى.

— قاراڭ، — دېدى خالىپەرە ئېگىز بىنانى كۆرسىتىپ، — ئاۋۇ كۆرۈنگەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى!

— بايا كىنودا پارتلاپ كەتكىنى گومينداڭنىڭ تانكىسى، — دېدى بىلالىدىن ئويۇننى باشلاپ.

— زۇكام بولغان ئوخشايسىز، خويمۇ چىقتى بۇرنىڭىزنىڭ ماڭقىسى.

ئۇلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

— جاۋاب قايتۇرالمىدىڭىز، قولىڭىزنى سوزۇپ، بۇرنىڭىزنى چىمدايمەن، — دېدى خالىپەرە كۈلۈپ.

— توختاڭ ھىم، توغرا، ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ كۆڭلىكىڭىزنىڭ ياقىسى.

— تارتىشىپ قاپتۇ ئاۋۇ خېنىمنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئارقىسى، — دېدى خالىپەرە ئاستا شۇۋىرلاپ، يولدا كېتىۋاتقان چوكاننى ئىشارە قىلىپ.

— تولا كوكىراپ پاڭ قىلدى سۆگەت كۆلنىڭ پاقىسى.

— يوللارنى بۇزۇۋەتكەن مايماق ئېشەكنىڭ تاقىسى.

ئۇلار يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى. بىلالىدىن ھازىر جاۋاب بولالمىدى. خالىپەرە ئۇنىڭ بۇرنىنى چىمدىماقچى بولدى. لېكىن بىلالىدىن ئۆزىچىلا كۈلۈۋەتتى:

— بۇدرۇقتىنا ئوغلىمىز بولىدۇ، ئۇ بىلالنىڭ ساقىسى.

— قېلىن، بېزەڭ ھاياسىز، — خالىپەرە شارتلا يۈزىنى ئېتىۋالدى.

— بەللى جاۋاب بېرەلمىسىڭىز ئادەم تىللايدىكەنسىزدە؟ بۇ چىدىماسلىق...

بىلالىدىن مەجنۇنتال غولىنى قۇچاقلاپ تەتۇر قارىۋالغان خالىپەرەنىڭ مۈرىلىرىنى ئاستا سىلىدى ۋە قولىقىغا پىچىرلاپ دېگۈدەك شېئىر ئوقۇدى:

خالمېھرەخان نېمانچىلا گېپىڭىز سوغۇق،
سوغۇق گەپىڭىز دەستىدىن بوپ قالدىم پوقاق.
كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈلدى گويا كى يامغۇر،
ئالتىنچى ئايدا ئېرىمىگەن توڭلىغان چامغۇر.

— مەن توڭلىغان چامغۇر ئەمەس، — دېدى خالمېھرە تومشۇقىنى ئۈچلاپ.
— بوپتۇ، ئېرىگەن چامغۇر.
— ياق.
— ئۇنداقتا كۆكلىگەن چامغۇر.
— ياق.
— ئۇنداق بولسا شىپالىق چامغۇر.
— چامغۇرمۇ شىپالىق بولامدىكىن؟!
— ئىشەنمەمسىز، مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئۆبكەمگە سوغۇق تەگكۈزۈۋېلىپ چامغۇر يەپ ساقايغان. شۇڭا ئاتا-بوۋىلىرىمىز چامغۇر قىرىق خىل كېسەلگە شىپا، دەپ بىكار ئېيتمىغان.
— ئەمىسە بازاردىن بىر تاغار چامغۇر ئېلىڭ، مەن سىزگە چامغۇر شورپىسى قىلىپ بېرەي، — خالمېھرە كۈلۈۋەتتى.
— بازاردىن ئېلىش كەتمەيدۇ. مانا مۇشۇ يەردە بار.
— قېنى؟
— مانا، — دېدى بىلالىدىن خالمېھرەنى ئىشارە قىلىپ، — مانا شىپالىق ئاق چامغۇر ئالدىمدا تۇرۇپتۇ.
خالمېھرە قىزاردى. ئۇ ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا بىلالىدىننىڭ كۆكسىگە باش قويدى...
بىلالىدىن بىلەن خالمېھرەنىڭ ئۇچرىشىشلىرى بىر يىلغا يەتمەيلا خالمېھرە باشقىلا ئادەمگە ئۆزگىرىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھەممىلا نەرسىگە بىپەرۋا قارايدىغان، بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئۈن-تىنسىز كۈن ئۆتكۈزىدىغان، ھەتتا ئاتا-ئانىسىغىمۇ سوغۇق نەزەر باقىدىغان مۇز چىرايى خۇددى باھار ئاپتىپىغا دۇچ كەلگەندەك ئېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئاجايىپ ئۆز چېچەكلەر قاپلىماقتا ئىدى. ئۇ كۈلەتتى، قاچىلارنى غۇچۇرلىتىپ يۇياتتى... دادىسى بىلەن ئېچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلىشەتتى، ھەرىكەتلىرى چاققان، ھەتتا بەزىدە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپمۇ قوياتتى.
— تەۋۋا خۇدايىم، — دەيتتى ئايخان ھەدە ياقىسىنى تۇتۇپ، — بۇ بالا خۇددى زېمىستان قىشتىن ئامان-ئېسەن ئەتىيازغا ئۇلىشىۋالغان ئوغلاقنىڭ ئۆزىلا بولدىغۇ.
— ھەي مەزلۇم، شۇنىڭغا ئەقلىڭلار يەتمىدىما، — دەيتتى رەھمۇپ كۈلۈپ، — بۇ شائىر، يازغۇچى دېگەن خەق مىڭ يىللىق قار ئاستىدا قالغان سوغۇق تاشنىمۇ بىر كۇپلېت شېئىر، بىر ئېغىز سۆزى بىلەن ئېرىتىپ گەپ قىلدۇرىدىغان خەق...
— خۇدايىم شۇنداق بولسۇنلا كاشكى، ئاخىرىنى خەيرلىك قىلسۇن!

بىلالىدىن ئۇنىڭغا ھايات بەخش ئەتتى. ھاياتنىڭ قىزىقى — شادلىق، مۇھەببەت، تۇرمۇش ئاتا قىلدى. خالمېھرە ئابىھايات بۇلاقلىرىغا ئەمدىلا قول ئۇزىتىۋاتقان بىر پەيتتە، بىلالىدىندىن ئايرىلىشتەك تەقدىرنىڭ رەھىمسىز قىسمەتلىرىگە دۇچ كەلدى.

خالمېھرە قۇش ياستۇقتا يۆلىنىپ سېكۇنت-دەقىقىلەرنى ساناپ، قاراڭغۇ ھۇجرىسىدا ئولتۇردۇ. ئۇ بىردىنبىر ئۈمىدىنى — ئەتىدىن كۈتمەكتە. ئاھ شەھەرلىك دوختۇرخانا. بەخت شادلىقىنى ئاتا قىلساڭمۇ، ئازاب ئوتىدا قىينىساڭمۇ پەقەت سېنىڭ ھىممىتىڭ. سەن خالىس قولۇڭنى ئۇزارت. بىر جاننى. ياق. يۈرىكى جاراھەت داغلىرى بىلەن قاپلانغان ئىككى جاننى قۇتقاز...

سەھەرگە يېقىن خالمېھرەنىڭ نەملەشكەن كىرپىكلىرى جۈپلىنىپ، شېرىن ئۇيقۇ ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالدى. ئەمما ئۇ چەكسىز تۇمان قاپلىغان ئورمان ئىچىدە قايمۇقۇپ، تەمتىرەپ يۈرەتتى. ئاجايىپ شاخاراپ كەتكەن ئىپتىدائىي ئورمانلىق، تىكەنلىك-چاتقاللار ئۇنىڭ يولىنى توسۇيتتى. يىرتقۇچلارنىڭ ھوۋلىغان، چىرقىرىغان ئاۋازلىرى كېلەتتى. تۇرۇپلا ئۇ قېلىن ئازغانلار ئارىسىدا چىغىر يوللارنى بايقايتتى. تۇمان، تۇمان، يەنە تۇمان. ئاياغ ئۇچى يوق جاڭگال، نە يوللار كۆرۈنگەي، نە كۆك ئاسمان... ئۇ ۋارقىرىدى، سادا ئاڭلانمىدى. زەئىپ ئىڭرىدى، بىرەر پاناھ ھالىڭ نېچۈك دېمىدى... ئۇنىڭ مادارى قۇرىدى ۋە ئاستا-ئاستا يىقىلدى. لېكىن كۈتۈلمىگەندە غايىبتىن ۋەھىي كەلدى. قولىڭىزنى بېرىڭ! خالمېھرە ئىنتائىتەمەنلىك بىلەن قولىنى سۇندى... بۇ قول ئۇنى ياپيېشىل، كۆككۆلىمە يىدانلىق، نادىر-ئەتىۋارلىق گۈللەر ئېچىلغان، قۇشلار ناۋاسى ياڭرىغان بوستانلىققا ئېلىپ چىقتى. خالمېھرەنىڭ ئالدىدا جەندىسى ھۇشۇقلىرىغىچە يېيىپ تۇرغان بىر دەرۋىش تۇراتتى. ئۇنىڭ كۇلاسىدىن چىقىپ تۇرغان چاڭگا چاچلىرى مۈرىلىرىنى يېپىۋالغان، چىگىش ساقاللىرى مەيدىسىدىن ئاشقان بولۇپ، كۆزلىرى ئىللىق مېھىر بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى.

— ئاھ، سىز بىلالغۇ؟ نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق كەلمىدىڭىز؟ مەن كۆپ قايمۇقتۇم. ئورغۇن ئازاب چەكتىم...

— بىلىمەن، ھايات شۇ، تۇرمۇش شۇ، ئۇنىڭدىن يول تېپىپ ماڭالىغانلار غالىبلار.

— ئاھ بىلال، سىز ئوتلۇق مۇھەببىتىڭىز بىلەن ماڭا ھايات زوقىنى بەخش ئەتتىڭىز.

— بىلەمسىز ئەقىللىق مەھبۇبەم، مەن سىز توغرۇلۇق بىر داستان يازدىم. ئەمما ماۋزۇسىنى قويالمىدىم...

— ئۇنىڭ ماۋزۇسى «تىرىلگەن مۇردا» بولسۇن...

بىردىنلا جاھان قاراڭغۇلىشىپ، بوستانلىقنى قارا قۇيۇن قاپلىدى. گۈللەر خازان بولدى، بوستانلىق پايخانغا ئايلاندى. ئاجايىپ دەھشەتلىك كۈلكە ئاۋازىدىن كائىنات لەرزىگە كەلدى.

— ھا... ھا... ھا... ھا... خا... خا...

مەھكەم قۇچاقلىشىپ تۇرغان بىلالدىن بىلەن خالمېھرەنىڭ بېشىدا مۇئەللەق بىر قۇيۇن پىرقىرىماقتا ئىدى. قۇيۇن ئىچىدە ئاجايىپ يوغان ئادەم باشلىق بىر قۇش قانات قېقىپ كۈلەتتى. قۇشنىڭ چاچلىرى يەردە سۆرىلەتتى، قانات قاقىقانسېرى پەيلىرى سوزۇلۇپ يەرگە تىللا بولۇپ تۆكۈلمەكتە ئىدى.

— ھەي بەختى قارا، — دېدى ئادەم باشلىق قۇش خالمېھرەگە قاراپ، — قوينىڭدىكى بۇ ئادەمنى ماڭا بېرىۋەت. باش ئېغىتما، يىلىنما! ياۋاش بول.

— رەھىم قىلىڭ، بۇنى ئېلىپ كەتسىڭىز مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىڭ، مېنى ئازابقا قويماڭ.

www.uyghurkitap.com

— ھا... ھا...، ھا... ئازابقا قويماڭ! خا... خا... خا... بۇ دۇنيا جاپا-مۇشەققەت، ئازاب ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر، شادلىق بولسا ئۆتكۈنچىدۇر. قويۇۋەت ئۇنى، قويۇۋەت دېدىم. ئەمسە قۇدرەتلىك ئىلاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆر! — قۇيۇن شىددەتلىك پىرقىراپ يەر يۈزىنى يالىدى. قۇش دەھشەتلىك چىرقىراپ قانات قاقتى. پەيلىرى توزۇپ تىللالار چىرىڭلاپ يەرگە تۆكۈلدى. تىللا چۈشكەنلىكى يېرىدە يىلان، چايان، دۆگە ئۆزگىرىپ خالمىھرە بىلەن بىلالىدىنغا ياماشتى. خالمىھرە بىر چاغدا قول سوزۇپ تەنھا ھالدا پايخان ئىچىدە قالدى. ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىماقتا ئىدى:

— ئاھ قۇدرەتلىك ئىلاھ! بىلالىمنى بەر! بە...لال... — ۋارقىرىماقتا ئىدى.

— خال...

بىلالىدىن قۇيۇن ئىچىدە بىر لەيلەپ، بىر يەرگە چۈشۈپ ۋارقىرىماقتا ئىدى.

— خالمىھرە...

— بىلال... ياق... ياق... — خالمىھرە يىقىلىپ قويۇپ قوغلىماقتا ئىدى، — بىلال! ئا... — خالمىھرە ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى...

— قىزىم... — دەھشەتلىك چىرقىرىغان ئاۋازدىن مەڭدەپ قالغان ئايخان ھەدە ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى-دە، كارىۋاتتىن يىقىلىپ چۈشكەن خالمىھرەنى يۆلىدى.

— ئاپا، جېنىم ئاپا كەتمەڭ! — خالمىھرە ئاپىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى...

* * *

پىتنە-پاسات بەتلەكلىك مىلتىقتىن يامان.

شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى بىناسى بەجايىكى سىرلىق تۇرمە ئىدى. سىرتتىن ھېچقانداق ئادەم كىرەلمەيتتى، كېسەللەرنىڭمۇ سىرتقا چىقىشىغا بولمايتتى. بىنانىڭ ئەتراپى كېسەللەر دەم ئالىدىغان كۆچەتلىك باغچا بولۇپ، باغچىنىڭ ئەتراپى ئېگىز تاملار بىلەن قورشىلىپ تۇراتتى. لېكىن باغچا ئىچىدىكى سېرىق بىنانىڭ تار بالكونلىرىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرغان بىمارلارنى كۆرگىلى بولاتتى.

بىلالىدىننىڭ 4-قەۋەت 7-ئۆيدە يېتىۋاتقىنىغا ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى. ئۇنى خالمىھرە، گۈلشاتلار تەكشۈرتكەندىن كېيىن، بىرىنچى قېتىم قويۇلغان دىئاگنوز يەنىلا كۆچكە ئىگە بولۇپ قالدى. گۈلشات يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھەممە رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بەردى. بولۇپمۇ قان تەكشۈرۈش بۆلۈمىدىكى قىز بىلەن تونۇشلۇقى بولسا كېرەك، قان تەكشۈرۈش نەتىجىسمۇ كۆپ ھايال بولمايلا چىقتى. بىلالىدىننىڭ B تىپلىق جىگەر ياللۇغى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇ دوختۇر ئۇنى ئايرىم ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. دوختۇر پات-بات كىرىپ تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنى-بۇنى سورايتتى. ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى مۇجۇيتتى. كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى چەكلەيتتى. بۇ چاققىچە ئۆزىدە ھېچقانداق كېسەل ئالامىتىنى سەزمىگەن بىلالىدىن بىر كۈنى ئۇ دوختۇرنى توتۇۋالدى:

— سىز مېنىڭ كېسىلىمنى خەتەرلىك، ئېغىر دەپ جەزملەشتۈردىڭىز، — دېدى بىلالىدىن چىرايى تاتارغان ھالدا، — لېكىن مەنمۇ بۇ كېسەللىككە ئائىت ماتېرىياللارنى كۆرگەن، ئالايلۇق، كېسەللىك ئەۋج ئالغاندا تېرە ۋە كۆز ئېقى سارغىيىدۇ، بەدەن قىچىشىدۇ، جىگەر ۋە تال چوڭىيىدۇ، سۈيدۈكى قىزىرىپ پىۋا ياكى ئاچچىق چاي رەڭگىدە بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن، لېكىن بۇنداق ئالامەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى مەندە بولمىسا.

— توختاڭ، — ئۇ دوختۇرنىڭ بۇرۇن ئۇچىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. — بەزەن كېسەللىك خېلى ۋاقىتقىچە بەلگىسىز بولۇپ، بىمارنىڭ تېرىسى ۋە كۆز ئېقى سارغايماسلىقى مۇمكىن، پەقەت چاڭقاپ تۇرىدۇ. بۇ ئىنتايىن خەۋپلىك. ئۇزۇن ۋاقىت داۋالانمىسا، ئېغىر ئاقىۋەتلەر يۈز بېرىشى مۇقەررەر...

— لېكىن مەن ھەرگىز چاڭقىمايمەن.

— ئاڭلىسام سىز ئىنتايىن قاتتىق ئىشلەيدىكەنسىز، بۇنداق ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا كىرىشىپ قىلىش بىمارنى ھېس-تۇيغۇ جەھەتتە ئالداپ، نە ئاغرىقنى، نە چاڭقاشنى ھېس قىلالمايدۇ.

— سىز ئۇزۇن ۋاقىت داۋالانمىسا بولمايدۇ دېدىڭىز، — بىلالىدىننىڭ چىرايى ئۆڭدى، — بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

— كېسەل ۋە ۋىرۇس بىمارنىڭ قېنىدا ناھايىتى ئۇزۇن ساقلىنىدۇ. بۇنداق كېسەل ۋە ۋىرۇس تۇشىغۇچى پەۋقۇلئاددە ياشاپ قالدى دېگەندىمۇ قارشى تەرەپنى 10 يىلدىن كېيىنمۇ يۇقۇملاندۇرىدۇ...

— پەۋقۇلئاددە ياشاپ قالدى دېگەندىمۇ؟ رەھمەت دوختۇر، مەن ئارام ئالاي.

بىلالىدىن شۇندىن باشلاپ بالكونغا چىقماس بولدى. ئۇ كۈندە نەچچە قېتىم كېلىۋاتقان خالمېھرە بىلەن شۇ پەردە تۇرۇپ ۋارقىراپ گەپلىشەتتى. خالمېھرە كۆرۈشەلمىگەنسېرى كۆچەتلىك باغ تېمىنىڭ ئارقىسىدا كۈنلەپ-كۈنلەپ ساقلايدىغان بولدى. بىلالىدىن بولسا، يالغۇز ياتاقتا تۈرلۈك-تۈمەن خىياللار تېغى ئاستىدا ئېزىلەتتى. دۇنيادا ئۆلمەيدىغان كىشى بار، يا بالدۇر، يا كېيىن ھەممىمىز كېتىمىز. ئۇ ئۆزىنىڭ يېزىپ پۈتتۈرەلمىگەن ئەسەرلىرىنى، بۇندىن كېيىنكى پىلانلىرىنى ئويلىغاندا يۈرىكى ئېچىشاتتى. مانا ئەمدى ۋاقىت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانا سۈتىدىنمۇ تۈتىيا بىلىنمەكتە. بىلالىدىننى ئەڭ قاتتىق ئازابلاۋاتقىنى خالمېھرەنىڭ تەقدىرى ئىدى، ئۇ بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئەزەلدىنلا دىلى سۇنۇق، بۇ بەختى قارىنىڭ تۇغۇمىدىن ئەمدىلا چىقىپ كۆك ئاسمانغا، قۇياش نۇرىغا قارىغان يۇمران چۈجىدەك كۆزى ئېچىلىپ ھاياتقا قەدەم ئېلىشى بىلەن تەقدىرنىڭ بۇنداق جۇدۇنغا دۇچ كېلىشىنى كىم ئويلىغان!

تۇرۇسقا قادىلىپ ياتقان بىلالىدىننىڭ يادىغا بىر ئىش كەلدى بولغاي، كارىۋاتتىن سەكرەپ تۇردى-دە، ماتېرىيال پوپكىسىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن ئىككى پارچە خەتنى سۇغۇرۇۋالدى. مانا بۇ ئىككى ئاي ئىچىدە ئىشىك يوچۇقىدىن بىلالىدىننىڭ ئۆيىگە كىرگۈزۈلگەن نامىسىز خەتلەر ئىدى. بۇ خەتلەردە خالمېھرە باشتىن-ئاخىر ھاقارەتلەنگەن بولۇپ، زەھەرلىك بىر سۇيىقەست مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

«خالمېھرەنى 13 يىل ئەر ئالماي ئولتۇرۇپ قېلىشى بۇ بىر تەساددىپىيلىقمۇ؟ ياق، ئەر چىقمىدى ئەمەس چىقتى، پېنسىيىگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان قېرى ئىشچىلار، كوچا رەستىلىرىدە كونا چەملەرگە تۇكۇرۇپ مۇكچىيىپ ئولتۇرغان ياماقچى-موزدۇزلاردىن خېرىدارلىق قىلغانلارمۇ بار. لېكىن ئۇلار خالمېھرە بىلەن بىرەر ئاي ئۇچرىشىپلا تېنى پۈرايدىكەن، دەپ يالتايدى (بۇرۇنقى ئېرىمۇ شۇ سەۋەبتىن قويۇۋەتكەنىكەن). بۇ بايقۇشقا ئاخىرى ئۆزى كادىر بولسىمۇ، خوتۇن بىدىكىدىن بىرى خېرىدارلىق قىلدى. ئەر غېمىدا سېيەرسان بولۇپ يۈرگەن بۇ بىچارە ئۆزىنىڭ ئار-نومۇسىنى يەرگە ئۇرۇپ ئۇنىڭ بوسۇغىسىدىن كەتمىگەن ئىتتەك ئۆيىگە بېرىۋالدى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي

ھېلىقى خوتۇن بىدىكمۇ خالمېھرەنى ‹ يولىڭىز بولسۇن › دېدى. ئەمما خالمېھرە كېسەل بولۇپ قالدىم دەپ بىر ئاي ئىشقا كەلمەي دوختۇرخانىدا ھېلىقى بىدىكنىڭ تۇگۈپ قويغان ‹ چۆچۈرە › سىنى ئالدۇرۇۋەتتى... »

بىلالىدىن بۇ ئىپلاس سەھىپىلەردىن سەسكەندى. ئىككىنچى نامسىز خەتتە ھۇجۇم بىلالىدىنغا قارىتىلغانىدى:

« مەن سىزنى غۇرۇرلۇق، ۋىجدانلىق بىر يازغۇچى دەپ غايىبانە ھۆرمەت قىلاتتىم، لېكىن سىز يۈزۈمگە تۈكۈرسە قورۇپ قالىدۇ، دەيدىغان غۇرۇرسىز ئادەمكەنسىز، نۇرغۇن خوتۇنلارنىڭ پاسكىنا ۋىرۇسلىرىنى ئۆز قېنىغا سىڭدۈرگەن بىر ئەركەك ھايۋاننىڭ قوچىقىغا يىرگەنمەي، كۆڭلى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى ئاتقان بىر خوتۇننى ئۆمۈر ھەمراھلىقىغا تاللاپ ئۇنى ‹ مەھبۇبەم › دەپ يۈرۈشىڭىز سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنىڭ نەقەدەر پەس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. سىز ھازىر يوندا ئەۋرىزىگە چۈشۈپ كەتتىڭىز... »

بىلالىدىن خەتنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. خەتنى قاتلاپ پوپكىغا سېلىۋەتتى. ئۇ، بۇ خەتلەر خالمېھرەگە يېقىن ياكى ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپ يۈرگەن بىرەر ئايالنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇ ئەبلەخ بۇ ئارقىلىق نېمىگە يەتمەكچى؟! مەقسىتى نېمە؟ بۇ بىر سىر ئىدى. شۇڭا بىلالىدىن خەتلەرنى خالمېھرەگە كۆرسىتىپ كىمنىڭ يوچۇركىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىماقچىمۇ بولدى، لېكىن ئۇنىڭ ئەمدىلا باش كۆتۈرۈۋاتقان نازۇك گىياھنى قايتا خازان قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. توغرا، گۈلشاتقا كۆرسىتىپ باقسام بولماسمىدى، بۇ ئەجەب ئەقلىمگە كەلمەپتا...

خەتلەرنىڭ تەسىرى ۋە تۇۋسىز خىياللارنىڭ بېسىمى بىلەن بېشى ئېغىرلىشىپ كەتكەن بىلالىدىن ھاۋالىنىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدى. ئۇ ئۇزۇن يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك ـ ئەلەڭ ـ سەلەڭ سەنتۈرۈلەتتى، پەلەمپەيلەردىن ئارانلا قەدەم ئالاتتى. كۆچەتلىك باغنىڭ ئورۇندۇقلىرىدا بىمارلار دەم ئېلىپ ئولتۇراتتى، بەزىلىرى كىتاب-ژۇرنال كۆرۈۋاتاتتى. بىلالىدىن بىنا ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىككى كىشىلىك ئورۇندۇقتا يالغۇز ئولتۇرغان گۈلشاتنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بىمارلار كىيىمى بىلەن ئىدى.

— ۋۇي، سىز بۇ يەردە نېمە قىلىسىز؟

— مەن... مەنمۇ جىگەر كېسىلى بولۇپ قېلىپ...

— نېمە؟

— سىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۈچىنچى كۈنى بېقىنىم سانجىپ، ئۆزۈم قىزىپ، قەي قىلىپ بىر كېچە ياتالمىدىم. ساقىيىپ قالارمەن، دەپ بىرنەچچە كۈن ئۆيدە دورا يېدىم، ئاخىرى بولالماي دوختۇرخانىغا كەلسەم، ئۇلار سىزگە باشقىلاردىن يۇقۇپتۇ، دەيدۇ...

گۈلشات ئالقانلىرىدا يۈزىنى يېپىپ يىغلىۋەتتى. بىلالىدىن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۆزىگە كۆپ ياردەملەرنى قىلغان بۇ قىزنىڭ ھالىغا ئېچىندى بولغاي، ئۇنىڭ دولىسىنى سىلىدى ۋە تەسەللى بەردى:

— يىغلىماڭ، سىز تېخى ياش ئەمەسمۇ، تېز ساقىيىپ كېتىسىز...

— بىلال ئاكا! ـ گۈلشات بىلالىدىننىڭ باغرىغا تاشلىنىپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. بىلالىدىننىڭ يۈرىكى بىردىنلا خىجالەتچىلىك ئىسكەنجىسىدە قالدى. چۈنكى گۈلشاتنىڭ چىرايىدىن، سۆزىنىڭ ئورامىدىن سىزنىڭ كېسىلىڭىز ماڭا يۇقتى، دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. ئۇنداقتا بىلالىدىننىڭ كېسىلى شۇنچە يۇقۇملۇق، ئېغىرمىدۇ؟! دوختۇرنىڭ « خەتەرلىك » دېگەن سۆزى ئەجەل خەۋىرى ئوخشىمامدۇ؟! ئۇنداقتا خالمېھرە بىلەن... شۇنداق تۈگىدى. ھەممە تۈگىدى...

— سىز كىرگىلى نەچچە كۈن بولدى؟ نېمە ئۈچۈن مېنى ئىزدىمىدىڭىز؟

— مەن كىرگىلى بىر ھەپتە بولدى، لېكىن بىر قىزىپ، بىر سوۋۇپ ھېچيەرگە چىقالمىدىم، كۆڭلۈمنى بىئارام... سىز خالمېھرە بىلەن كۆرۈشۈپ تۇردىڭىزمۇ؟

— بۇ چاقىنچە بالكون ئارقىلىق پاراڭلىشاتتۇق، ئۈچ كۈن بولدى بالكونغىمۇ چىقمىدىم. لېكىن دېرىزىدىن ئۇنىڭ چۈشتە، كەچتە، ھەتتە گۇگۇملاردا ئارقا ھويلىدا تۇرغانلىقىنى كۆرىمەن. بەزىدە كېچىلەردە ئۇنىڭ: «بىلال» دەپ چاقىرغان ئاۋازىنى قۇلىقىمغا كىرىپ قالىدۇ...

— نېمە ئۈچۈن چىقمىدىڭىز؟

دوختۇرنىڭ پەۋقۇلئاددە ياشاپ قالدى دېگەندىمۇ... دېگەن سۆزى بىلالدىننىڭ يۈرىكىگە ئوتلۇق خەنجەردەك قادالدى.

— ئۆزۈمدىن ئۈمىدىم ئۈزۈلدى!

— ھازىر ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى بىر بولۇپ قالدى.

— سىز بۇ يەرگە كىرىشتىن بۇرۇن خالمېھرە بىلەن كۆرۈشكەنسىز، ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق، ئاغرىپ قالمىغاندۇ؟

— ياق، — دېدى گۈلشات بىر ھازا جىمىپ كېتىپ، — دەسلەپتە بىر-ئىككى كۈن يىغلىغان بولدى، ھازىر بۇرۇنقىدەكلا ئىشلەپ يۈرىدۇ.

— سىزنىڭ بۇ يەردە يېتىپ قالغىنىڭىزنى ئۇ بىلەمدۇ؟

— ئۇنى بىئارام قىلماي دېدىم.

بىلالدىن بىلەن گۈلشات بۇ تەسادىپىي ئۇچرىشىشتىن كېيىن ھەر كۈنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش تۈگەپ، ئوكۇللار سېلىنىپ، دورىلىرىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن كۆچە تىلكىتە ئۇچرىشىپ پاراڭلىشىدىغان بولدى. گۈلشاتنىڭ خالمېھرە توغرىلىق بىر ئىككى كۈن يىغلىغان بولدى، ھازىر بۇرۇنقىدەك ئىشلەپ يۈرىدۇ، دېگەن سۆزى بىلالدىننىڭ يۈرىكىنى يىڭنە سانچىغاندەك ئاغرىتقان بولسىمۇ، يەنىلا كۆڭلىدە گۈلشاتنى ئاقلايتتى، بىر ياش ئۈچۈن ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىش ئاسانمۇ؟!

بىلالدىن بۈگۈن باغقا چىقىش ئالدىدا تۇيۇقسىزلا نامسىز خەتلەرنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ كۆڭلىدە گۈلشاتقا كۆرسىتىپ باقسام خەت كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلىدى-دە، خەتلەرنى يانچۇقىغا سالدى. ئۇ باغقا چىققىنىدا گۈلشات بىمارلار كىيىمىنى كىيىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئوبدانلا گىرىم قىلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن مەزىلىك يۈز مېيى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

— گۈلشات، — دېدى بىلالدىن ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، — مەن سىزگە بىر نەرسە كۆرسەتمەكچىمەن، لېكىن قەتئىي مەخپىي تۇتۇشقا ۋەدە بېرىڭ.

— شۇنچە مۇھىم نەرسىمىدى؟

بىلالدىن خەتلەرنى ئېلىپ گۈلشاتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. گۈلشات خەتلەرنى ئېلىش بىلەن قولى تىترىدى، چىرايىمۇ ئاقىرىپ كەتتى ۋە يالتىدە بىلالدىنغا قارىۋالدى.

— نېمە بولدىڭىز، بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

— شۇنداق، بېقىنىم...

گۈلشات خەتلەرنى دىمىققان ھالدا كۆرۈپ چىقتى ۋە چىرايىنى غەلىتىلا پۈرۈشتۈرۈپ دىمىقىنى قاقتى.

— بۇ قانداق خوتۇننىڭ قىلغان قىلىقىدۇ، خالمېھرە كۆردىمۇ؟

— مەسىلە مۇشۇ يەردە، ئۇنىڭغا كۆرسىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، ئۇنىڭ تېنى ئاجىز، بۇ زەربىنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

( ئاخىرى 115-بەتتە )

www.uyghurkitap.com

# ئۈمىد چېچەكلىرى

مەھەممەت كامال (خۇشخۇي)

## ئىلھامغا باي كېچىلەر



ئۈمىدلىك ياش شائىر مەھەممەت كامال 1959-يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ كۆكتىرەك يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1988-يىلى خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلەيدۇ. ئۇ 1983-يىلى «خوتەن گېزىتى»گە بېسىلغان «ھايات ئۈنچىلىرى» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ھازىرغىچە 350 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ھېكايە، نەسىر، ئىلمىي نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى.

تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ پۇرىقى، ئەمما بەلگىلىك ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان بىر نەچچە شېئىرىنى تونۇشتۇرىمىز.

### قوياشتىن تۇغۇلدۇم، يەردە تۇغۇلدۇم

قوياشتىن تۇغۇلدۇم، يەردە تۇغۇلدۇم،
خانەمنى يورۇتتۇم نۇر بىلەن ئىللىق.
ۋۇجۇدۇم چاقناتتى كۈمۈش رەڭ نۇردىن،
ياسالدى زېمىندە باھار-يېشىللىق.

قوياشتىن تۇغۇلدۇم، يەردە تۇغۇلدۇم،
ئالەمگە توختاۋسىز نۇرلار تاراتتىم.
دۇنيانى قاپلىدى ئاپئاق ئايدىڭلىق،
چولپاننى ھەسەتتىن يەرگە قاراتتىم.

قوياشتىن تۇغۇلدۇم، يەردە تۇغۇلدۇم،
ئەتىرنىڭ چېھرىگە مەن بەردىم ئاقلىق،
نىيىمنىڭ ئۈنىنى نۇردا يۇغۇردۇم،
جاي ئالدى قەلبىمنىڭ تۆرىدىن پاكلىق.

قوياشتىن تۇغۇلدۇم، يەردە تۇغۇلدۇم،
ھەر دەقىق نۇر بىلەن بىرگە ۋەدە بولدۇم.
مەن كىرگەن كېچىلەر نۇرغا تويۇندى،
ئەرگە خاس ئەقىلگە، قۇدرەتكە تولدۇم.

قوياشتىن تۇغۇلدۇم، يەردە تۇغۇلدۇم،
نۇر بىلەن تۇپراقتۇر ئىنسانىنىڭ جېنى.
كۆز يۇمسام جىسمىمنى يۇيۇپ نۇر بىلەن،
تۆرەلگەن تۇپراققا بېرىڭلار مېنى...

### توغراق ناخشىسى

چاچلىرىمنى يەلپۈتسە شامال
ۋۇجۇدۇمنى تومۇز كۆيدۈرەر.
تۇپراق ماڭا ئېچىپ ھۆر جامال،
چىن دىلىدىن سۆيەر، سۆيدۈرەر.

چاچلىرىمنى يەلپۈتسە شامال،
بوران چاچار كۆزۈمگە توپا.
يىقىتىشقا قىلالماس ئامال،
قوم توزىغى چېھرىمگە ئۇپا.

چاچلىرىمنى يەلپۈتسە شامال،
قار-موز توكەر تەلۋە زىمستان.
ياشاپ كەلدىم مەغرۇر-بىمالال،
بارخان قوينى ماڭا گۈلستان.

## ئىلھامغا باي كېچىلەر

ئادا قىلىپ زەڭگەر قۇياش سېمىنا،
كەتتى سىڭىپ ھالسىزلىقتا ئۇيۇقتا.
باش كۆتۈردى كۈمۈش رەڭلىك تولۇن ئاي،
ئورالغاندا زېمىن قارا يوپۇقتا.

ئورالغاندا زېمىن قارا يوپۇقتا،
ئۇيقۇ سۈرەپ چۈككەن ھەممە ياستۇقتا.
بىراق فونتان ئاتار شائىر ئىلھامى،
مىسرالىرى بەرپا قىلىپ تىنك چوقتا.

مېھرى ئىللىق، ئىلھامغا باي كېچىلەر،
شائىر قەددى قوينۇڭلاردا پۈكۈلەر.
جىمجىتلىقتىن ھۇزۇر ئېلىپ ھەر كېچە،
مەزمۇنغا باي يېڭى داستان پۈتۈلەر.

## سەھرادا نۇر توكەر يالپۇزلار تال-تال

مەن سەھرانىڭ ئاددىي بالىسى،
نۇر چاچمايدۇ چىرايىم بال-يال.
كۆكلۈمنىڭ يوق زىنھار ئالىسى،
نەمەن پۇرار قىر ۋە دالىسى،
نۇر توكىدۇ يالپۇزلار تال-تال.

مەن سەھرانىڭ ئاددىي بالىسى
ئاتار ئۇندا باشقىچە ھەر تاڭ.
ئاق بولۇتتەك قويلار پادىسى،
قايماق بېرەر سېغىن كالىسى،
ئىللىتىدۇ ئۆيىمىزنى كاڭ.

ئىللىتىدۇ ئۆيىمىزنى كاڭ،
شەھەردىنمۇ قالماس چالىسى.
بولار نەگلىك چىرايىمغا چاڭ،
يۇرتنى گۈللەش ھەركىمدىكى ئاڭ،
مەن سەھرانىڭ ئاددىي بالىسى.

بەخت ھېسسى دىلنى نۇرايدۇ،
دېھقاننىڭ يوق يامان يالىسى.
ئۇچراشقانلار ئەھۋال سورايدۇ،
ھەر تىنىقتىن ئەتىر پۇرايدۇ
شامال ئۆتمەس دوستلار ئارىسى.

ھەممىگە تەڭ ئوخشاش قارايدۇ،
كولمايدۇ خەندەك ئورىسى.
مەيىن شامال چاچنى تارايدۇ،
يىگىتلىرى ئىشقا يارايدۇ،
ۋاپالىقتۇر مەشۇق-جورىسى.

قىزلار نازلىق، نومۇسچان كېلەر،
ھەر بىقىشى ئىشق دورىسى.
كۆز بېقىشنى ئار-نومۇس بىلەر،
يىگىتكە ئامانلىق تىلەر،
باغ تېمىنىڭ بولماس شورىسى.

مەشرەپ دېسە پەرۋانە بولۇپ،
كېلەر موماي، بوۋاي-تولىسى.
قايتىشىدۇ شادلىققا تولۇپ،
چېلىشمىغىن، تاشلايدۇ يۈلۈپ،
گاڭدىن پۈتكەن ئۇلار دولىسى.

تاقىمايدۇ ئىشكىنى زىنھار،
بولمىغاچقا ئالا-ئوغرىسى.
زىمىستانمۇ خۇددى نەۋ باھار،
بىر-بىرىگە مۇھەببەت ياغار،
بۇ جايدا بار ئىشنىڭ توغرىسى.

مەن سەھرانىڭ ئاددىي بالىسى.
قەلبىمنىڭ يوق زىنھار ئالىسى.

## يامغۇر لېرىكىسى

ئۇرۇلساڭ قەلبىمنىڭ كۆزنەكلىرىگە،
ئاچىمەن روھلارغا قۇچىقىمنى كەڭ.

uyghurkitap.com

گۈلباغقا ھۆكۈمران مۇڭلۇق كۈيلەردىن
قانلىرىم دەريادەك ئاقار ئۇرۇپ لەك.

چېھرىگە تەبەسسۇم قوندۇرۇپ گۈللەر،
تۈنەيدۇ تۈن بويى بۇلبۇل پىيىدە.
بىخەۋەر ئۇ ئاشىق ئۇيقۇغا چۆكۈپ،
چۈشەكەر باغنىڭ بىر خىلۋەت يېرىدە.

تامچىلار تامچىشتىن تولدۇرۇپ قەدەھ،
ئۇكيانىدا تاشقىنلاپ قىرغاقنى تېشەر.
دەشتلەر لىۋىنى بويىغان قاسراق،
تۆكۈلەر، يۇلغۇنلار شوينا-يىپ ئىشەر.

بىر شەپە كېلىدۇ لايغا مىلىنىپ،
ئۆتەڭنىڭ ئۆيىگە ئۈمىد بەخش ئېتىپ.
سارايۇەن بۇ كېچە لال-مەستخۇش پېتى،
شىپاڭدا جۆيلۈيدۇ بىيىت-قوشاق قېتىپ.

تاشلانماي بىلىقچى سايىسى كۆلگە،
بېلىقلار ساماغا دەسسەشتە ھارغىن.
بولۇپتۇ تىنچلىق زەمزىمى يامغۇر،
قەيەرنى خالىساڭ مەرھەمەت، بارغىن...

## باغ تېمىڭنى بويلايمەن

باغ تېمىڭنى بويلايمەن ھەر كەچ،
ۋىسالىڭنى ئويلايمەن ھەر كەچ.
ئىشقىڭ چاچقان ئىپار ھىدلارنى
يۇراپ-يۇراپ تويمايمەن ھەر كەچ.

باغ تېمىڭنى ئايلانسام ھەر كەچ،
ئىشق سەۋداسى سايلانسام ھەر كەچ.
بويناق قاۋاپ بەرگەندە شەپە،
ئاتاڭ چىقسا، پايلانسام ھەر كەچ.

باغ تېمىڭنى ئايلانسام ھەر كەچ،
ئىشق سەۋداسى سايلانسام ھەر كەچ.
«گۈل ئوغرىسى» بولۇپ ئاتىلىم،
يېسەم توقماق «ۋاي»لانسام ھەر كەچ.

كېيىك كەبى ھۈركەمسەن، ھەر كەچ؟
مېھرى-ۋاپا تۆكەمسەن ھەر كەچ؟
مەندىن ئېلىپ سىناق-ئىمتىھان،
دىل قېتىڭغا پۈكەمسەن، ھەر كەچ؟

## مەن نامىڭنى يادلىغان ئاخشام

مەن نامىڭنى يادلىغان ئاخشام،
ئاۋازىمنى ئۈچۈردى شامال.
تىنىقىمدىن ئاتەش چاچقان شام،
يورۇتقاندۇ قەلبىڭ ئايجامال.

ئاۋازىمنى ئۈچۈردى شامال،
سايە سالغان بىغەم تۇغراقتا.
بولدى قەلبىم تۇۋا ئەجەب لال،
چۆككىنىمدە بىر جۈپ بۇلاقتا.

سايە سالغان بىغەم تۇغراقتا
ياشىرىپتۇ بىر نوتا يەككە.
ۋىسال قۇچۇش بەكمۇ يىراقتا
سەن قەلبىمدە يىگانە مەككە.

## سىزنۇۋالدىم سۈرىتىڭنى قەلبىمگە

ئىنتىلەتتىم، ئىنتىلەتتى يۈرىكىڭ،
دىمەيتتىڭ سەن، مەنمۇ ساڭا دىمەيتتىم.
قىرغاق تامان يەتمىگەچكە ۋىسالىڭ
ئىشەنچىم بار، چۆكۈشتىن غەم يېمەيتتىم.

چىقتى بوران يىرىم يولدا گۈركىرەپ،
نە قىسمەت بۇ، بولدى قېيىق ۋەيرانە.
كەلدى شۇئان دەريا بويلاپ بېلىقچى،
تۇۋا دېدى: تۇرۇپ قالدى ھەيرانە.

چىقتىم ئۈزۈپ جان ھەلقۇمغا يەتكەندە،
لېكىن ئىشقىڭ يوپۇرماقلار تۆكمىدى.
غەرق بولدۇڭ قېيىق بىلەن قوشۇلۇپ،
قالدى چېھرىڭ ئالبومىمدا (چۆكمىدى).

گۈللىگەندە باغدا ئۈزۈك ھەر قېتىم،
سۆيگۈمىزنىڭ چۆللىرىدە چاڭقايسەن.
سىزىۋالدىم سۈرىتىڭنى قەلبىمگە
كۆرمە ئۇنى (كۆرسەڭ ئۆكسۈپ يىغلايسەن).

## يامغۇر ياغقان ئاخشام

دېرىزەڭنى چەككەن شاد ئاخشام
ئۆزۈلمەيدۇ، ئۆزۈلمەس ئەبەد.
يامغۇر ياغقان ھېلىقى ئاخشام
ئۇنتۇلمايدۇ ئۇنتۇلماس پەقەت.

ئۇنتۇلمايدۇ، ئۇنتۇلماس پەقەت،
شۇ ئاخشامقى سۆيۈشىڭ دىلدار.
چاڭقاش بىلەن ئۆتەرمەن قەۋەت.
كۈتۈپ سەندىن سۆيگۈ ھەم دىدار.

ئەقىدەمنى قالدۇردۇم ساڭا،
دىل ئۆيۈڭگە بولسۇن دەپ چىراغ.
خەت يازمايسەن كەلگىن دەپ ماڭا،
بارالمايمەن تەشۋىشتە يىراق.

دېرىزەڭنى چەككەن لىرىكام
ئەتسۇن سېنى ۋاپاغا مايىل.
كەتسۇن غۇلاپ ئارىمىزدىن تام،
بولسۇن سۆيگۈ نالەمى قايىل...

ئابابەكرى توختى

## تەلەي

تەلەي دېگەن نەدە، ھېچكىم بىلمەيدۇ،
يىراق ھېچكىم ئۇندىن ئۈمىد ئۈزمەيدۇ.
مەيلى گاداي، شاھ بولسىمۇ ئۆمرىدە
كۆپرەك تەلەي كېلىشىنى كۈزلەيدۇ.

تەلەي دېگەن نەدە، ھېچكىم بىلمەيدۇ،
تۇرسا ياندا بايقىمايدۇ، سەزمەيدۇ.
سەزمىگەننىڭ تەلىيى شۇ- تىرىكلىك،
بۇندىن ئارتۇق تەلەي ئاڭا كەلمەيدۇ.

ئەركىن داۋۇت

## ئايئاق نۇردا چاقنار يېشىللىق

### ھەر تەرەپكە يامرىدى خۇش ھىد

1

ئاسمانمۇ ئاق، ئۈستى بېشىم ئاق،
ئۆتتى كۈنۈم ئاقلىق ئىچىدە.
كۆيلىرىمنى تۆكتۈم نەچچە رەت،
ئاق نۇر تاراپ تۇرغان كېچىدە.

كەڭ زېمىن ھەم سەبىي قەلبىمنى،
ئاق سۆيگۈسى ئەيلىدى ماكان.
كۈلدى شەپەق، ئاقلىق ئۈستىگە
چېچىلغاندەك بولدى گويا قان...

2

خەير ئاقلىق، خەير كۈمۈش قار،
ۋۇجۇدۇڭدىن كۆردۇم يېشىللىق.
باغاشلىدى ئېرىقنى شوخ سۇ،
بۇ مەنزىرە تۇيۇلدى ئېسىللىق.

سۆيدى تاغنى، سۆيدى دالانى،
سۆيدى مېنى ئۇماق يېشىل نۇر.
خىيال بىلەن تولغان ئېڭىمدا
ئۆركەشلىدى كۆكلەمگە غۇرۇر.

3

ئۈمىدلەندىم، ئۈمىد قۇياشى
پېشانەمدە يارقىن چاقنىدى.
يولۇقسىمۇ مۆلدۈر، بورانغا،
قىزىقلىقنى دائىم ساقلىدى.

قارالىقتىن يىراقتۇر كۆڭلۈم،
مەن ئاشۇنداق ئاق كۆڭۈل ئادەم.
ھەر تەرەپكە يامرىسۇن خۇش ھىد
ئاقلىق بىلەن ياشنىسۇن ئالەم.

## بىرنۆۋەتمە كەلسە خېرىدار

ئۆمۈچۈكتىن ئۆگەنگەنمۇ سەن،
تور توقۇشنى، كەشتە تىكىشنى.
تام ياقىلاپ ناگان-ناگاندا
دېرىزىنى يېنىك چېكىشنى.
لىرىكىنى غىدىقلاپ قويۇپ،
ئۈن-تىنسىزلا ئاستا كېتىشنى.

قولۇڭ ئەپلىك، ھەرىكىتىڭ سىلىق،
توقۇپسەن تور ھەممىنى تەقلەپ.
كىيىندۈرۈپ گۈلنى، بۈركۈتنى،
يوق نەرسىنى تۇرسەن سەپلەپ.
مەيىت ئەيلەيدۇ دىلنى تىنۇشىڭ
قولىقىمنىڭ تۈۋىدە لەيلەپ.

تورنى ئەمەس توقۇپسەن مېنى،
يىپلىرىڭغا بەستىمنى قىتىپ.
بىرنۆۋەتمە كەلسە خېرىدار
ئاشۇ تورنى ھەرگىزمۇ سېتىپ.
ئايان بولدى چۈشۈمدە، تەقدىر
ئىككىمىزنى قوشۇپتۇ چېتىپ.

## بوۋا

كۆپنى كۆردۈڭ كۆپنى بىلدىڭ ھەم،
چۆچەكىڭنى ئاڭلايچۇ يەنە.
ئۇرغىتىدۇ شادلىق، غۇرۇرنى
داۋاملىشىپ بارسا ئەنئەنە.
سېھرىي كۈچكە بايسەن ئەزەلدىن،
جۈپ كۆزۈڭدىن بىلىنەر ئەنە.

نېمىدىگەن شېرىن باللىق،
سەنمۇ ئۇنى ئۆتكۈزگەن باشتىن.
ھەۋەسلىنىپ يېشىل كۆيلەرگە،
تۆت قولاقنى ئىزدىگەن قاشتىن.
چاڭ كەلتۈرۈپ توپىلىق يولنى،
ئوت چىقىرىپ ئوينىغان تاشتىن.

چۆچەكلىرىڭ قىزىقتى قىزىق.
قەدەمدىلا ئۇچرايتتى توشقان.
سۈزۈك سۇلۇق ساپ ھاۋالىق جاي
قوزغار ئىدى مەندە ھاياجان.
بۆرە-تۈلكە چاچىسىنى يەپ،
دوستلار ئىناق ياشايتتى ئامان.

دىققىتىمنى ئوغرىلاپ قولان،
ئاستاغىنە قاچاتتى يىراق.
ئاينى بىسىپ سۈتتەك باغرىغا،
ۋىلىق-ۋىلىق كۈلەتتى بۇلاق.
ئىچى تارلىق دەستىدىن بىراۋ
قوتۇر بىسىپ بولاتتى ئاۋاق.

ئىسىڭدىدۇر قېرى تېرەكنىڭ
شاخلىرىغا چىقىۋالغىنىم.
ئاق قوشقاچنىڭ بەش تۇخۇمىنى
چاڭگىسىدىن تېپىۋالغىنىم.
ئۆيگە قايتىپ، دېسەڭ ئۇنىماي
تىپىچەكلەپ يىتىۋالغىنىم.

مۆكۈۋېلىپ بولۇق چۆپلۈككە،
ھاۋشىغىنىم كۈچۈكنى دوراپ.
رەگە تىكىنى ئېلىپ قولۇمغا،
تۇرۇلغۇنى يۈرگىنىم ئوۋلاپ.

كۆتكىنىمدەك بولغاندا ھەر ئىش،
سەكرىگىنىم خۇشلۇقتا تاقلاپ.

تىنك چوققىنى سۆيگەن قەدىرلەپ
ماموق قارغا ئوخشايدۇ چېچەك.

نەقىش بولۇپ ئويۇلغان كۆركەم
يۈرىكىمگە ئۆچمەس ھېكمەتلىك.
كۆز ئوڭۇمدا خىزىردەك قامەت،
تەكرارلىنار تىلىمدا ئىپتىك.

**نۇرشات مەمتىلى**

# ئىككى شېئىر

## بۇمۇ بىر قىسمەت

ياز پەسلى.
يوپۇرماقلار
چاۋاك بىلەن قارشى ئالار شامالنى،
كۈز
شامالار
نەمۇ نەگە قوغلاپ يۈرەر خازاننى.

## سەھەر

ئاقىرىپ ئېچىلار ئويۇقنىڭ كۆزى،
كېلىدۇ بىر ئادەم ئىلدام يۈگۈرۈپ.
جەينىماز ئۈستىگە يۈكۈنگەن ئانا،
سۈرتىدۇ يېشىنى تېزلا ئۆلگۈرۈپ.

كىمنىدۇر ساقلىغان شۇ تەنھا يۇلتۇز،
كېتىدۇ قىيالماي جايىدىن ئاستا.
خورازمۇ باشلايدۇ چىللاشنى مەغرۇر،
گۈلزاردا بۇلبۇللار ياڭرىتار ناخشا.

بىر دەستە نۇر تۇتۇپ كېلەر بىر ئادەم
تاغلارغا، باغلارغا بىر تەكشى بېقىپ.
بىر شۇنى كۈتۈپلا تۈنىگەن شەبنەم،
نۇر ئىچرە ئاستالا كېتىدۇ ئېرىپ.

شامالار چالىلا يۇيۇپ يۈزىنى،
ئويغۇلۇق باغلارغا تاشلايدۇ قەدەم.
يېقىنلاپ كېلىدۇ نۇرنى كۆتۈرۈپ،
بىر ئادەم، بىر سەھەر، بىر يېڭى قەدەم.

**غوجا مۇھەممەت قابىز**

# پەنجىرە يېنىدا ئۈزەر تولۇن ئاي

## ئاي بىلەن كۈن كۈندەشمۇ؟

تاشلىسام ھەر سۈبھى ئويۇقتا نەزەر،
چىقار كۈن چىڭقىلىپ ئوت شارى ئوخشاش.
كەچلىكى شەپەق رەڭ ئالغاندا زېمىن،
ئاي پەيدا بولىدۇ مەڭزىدە ئوتقاش.

نە سەۋەب پاتسا كۈن چىقىدىكەن ئاي،
ئوخلىتىپ ئاينى ھەم ئويغىنار قۇياش.
چىققانمۇ ئاردا كۈندەشلىك بىخى،
يا ئىكەن بىرسىنىڭ چوقۇم باغرى تاش.

بىلمىدىم قوينى كەڭ ئالەم نە ئۈچۈن
ئاي كۈننى باغرىغا سىغدۇرالماس تەڭ.
غەرقمەن خىيالنىڭ كۆلىگە شۇ دەم،
ئويۇقتا كۆز ئۈزمەي سالغىنىمچە زەن.

## جۇپ-جۇپ

تىرىكلىك ئالىمى ئىچرە جىمى جانلىق ئۆتەر جۇپ-جۇپ،
بۇ قىسمەتنى مۇھەببەت قىسسىسى ھەر ئان پۈتەر جۇپ-جۇپ.

بىرى ئاتلانسا جەڭگاھقا، قالار بىرسى تىلەپ نۇسرەت،
ئەگەر كەلسە زەپەر بىرلە، ئۇنى قۇتلاپ سۆيەر، جۇپ-جۇپ.

كېلىپ قىسمەت يۇتۇپ قاينام ۋە يا ئۆكلەنسە ئاتەشتە،
بېرى پەرۋانىدەك ئوتقا كىرىپ جاندىن كېچەر، جۇپ-جۇپ.

جاسارەت قولۋتتى بولغاي چېلىش-جەڭلەردە قۇت-سۆيگۈ.
ئاشۇ قولۋاق يېرىپ ئۆپقۇن ھامان غالىب كېلەر، جۇپ-جۇپ.

ئاتام ئادەم ھاۋا بىرلە بىنا قىلغان بۇ جۇپلۇكنى،
غۇلاپ چۈشسە قاچان جۇپلۇك شۇئان ئالەم يۈتەر، جۇپ-جۇپ.

**ئەركىن سابىر**

# ھارۋا كېلەر توپىلىق يولدا

## تاپالمسام ئەگەر ئۆزۈمنى

ئۆتتى ئۆمرۈم دەريادەك ئېقىپ،
قامەت تىلەپ ھەيۋەت تاغلاردىن.
سەپىرىمدە يۈردۈم تەمتىرەپ،
ئۆزلۈق سوراپ چىمەن باغلاردىن.

نەدىن بىلەي بۇنىڭ ھەممىسى
بولۇپ چىقتى بىھۇدە بىر ئىش.
ئىزلىرىمنى قويدۇم يىتتۇرۇپ،
پەسىل قوغلاپ يېتىپ كەلدى قىش.

قالدىم تونەپ دالا قويندا
ۋۇجۇدۇمدا تىترەك بىر تۇيغۇ.
ئازايماقتا ئوتلۇق ھېسلىرىم،
نەي چالماقتا قەلبىمدە قايغۇ.

پىچىرلايدۇ ئاسماندا يۇلتۇز،
غىچىرلايدۇ ئاستىمدىكى قار.
مۇڭلىنىمەن خىلۋەتتە تەنھا،
نىچۈك ھالىڭ دېگىلى كىم بار؟

ئويلىنىمەن يېنىش-يېنىشلاپ،
ئۆتكەن ئۆمۈر ھەسرىتى دىلدا.
قامەت تىلەپ ئېگىز تاغلاردىن،
قالدى ئىزىم قايسى ساھىلدا؟

تاڭلا بىر كۈن ئويغىنىپ بۇندا،
تاپسام دەيمەن قايتا ئۆزۈمنى،
تاپالمسام ئۆزۈمنى ئەگەر،
نەۋرەم قانداق تاپسۇن ئىزىمنى!؟

## ئارمان

باللىقتا قالدى ئويۇن ئوينالمىغان،
ياشلىقىمدا قالدى ناخشام ئېيتالمىغان.
ئاھ، ھەممىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، تاڭلا-ئەتە،
بۇ كۆڭلەردىن قالار يەنە قانداق ئارمان؟!

•

كۆرۈپ قاتار سەپ تۈزۈشكەن تورنىلارنى،
ئەسكە ئېلىپ قالدىم ئۆتكەن شۇ يىللارنى.
يەنە قانچە قېتىم ئۆتەر بۇ تورنىلار،
قانچە قېتىم كۆتەر باغلار بۇلبۇللارنى؟

تۆزىگىلى بولسا تۈزۈپ كەتكەن گۈلنى،
گۈلگە پۈركەر ئىدۇق ھايات چۆللىرىنى.
ئويلاپ كۆرسەم ئارمىنىكەن بۇمۇ دىلنىڭ،
كېتەركەنمىز پۈتكۈزمەي دىل ئارمىنىنى.

## خىزىرنىڭ نەسلى

ئېتىزلارنى يۈرەر ئارىلاپ،
پۈشقاقلىرى تورۇلگەن دېھقان.
ماڭلىيىدا يول-يول قورۇقلار
ئۆمۈر سۈرۈك مېھنەت ئىز سالغان.

قەدىرلەيلى دېھقاننى دوستلار،
بىزگە ناننى بەرگەن شۇ ئەسلى.
يامان بولار كەمسىتىش، خورلاش،
چۈنكى ئۇدۇر خىزىرنىڭ نەسلى.

## ئۆتكەن كۆڭلەر كارتىنىسى

توپىلىق يول كېلەر كۆتۈرۈپ
ھارۋىكەشنى، ئۇيقۇسىنى ھەم.
كونا ئاھاڭ يۈرەر نوقۇشلاپ،
ھارۋىكەشنىڭ بېشىدا بىغەم.

ئات تۇيىقى چۈشكەن ئىزلاردىن
كۆتۈرۈلەر توپىدا غەۋغا.
ھارۋىكەشنىڭ چۈشىدە تۆشەك،
قىردا ئوتلار چۈشەيدۇ دەريا.

كېلەر چاقلار ئىڭاڭلاپ، غىڭشىپ،
ساداسىدىن نامايەن پىراق.
كەلدى ئەگرى يوللارنى بېسىپ،
بارار يېرى ۋە بەلكىم يىراق.

كۆرۈندۇ يىراقتا تاغلار
ياپياشلىغان سىياق گىرىمسەن.
چوققىلارنى باغاشلار بۇلۇت،
تاغلار بىلەن بولغاندەك بىر تەن.

كېلەر ئاشۇ ياقتىن پەرىزات،
يەلپۈگۈچتە سۇلارنى سېپىپ.
كەتتى قويۇپ يەلپۈگۈچىنى،
ھارۋىكەشنىڭ ئۈستىگە يېپىپ.

بۇ كارتىنا ئۆتكەن كۆڭلەرنىڭ
ئەسلىمىسى — يىراقتا قالغان.
كەلمىسۇن ئۇ يەنە قايتىلاپ،
بۈگۈن ھەممە يېڭى تۈس ئالغان.

ئويغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قاھار جېلىل

# «ئولىمپىيە» رېستورانىدا

(ھېكايە)

شەھىرىمىزدە ئاجايىپ-غارايىپ ناملاردىكى رېستوران-مەيخانىلار ئالاھىدە كۆپىيىپ كەتتى. ئىككى-ئۈچ قېتىم ئاغىنىلەر بىلەن شۇنداق رېستورانلاردا غىزالىنىپ باقتۇق. ھەيھات، ھەر قېتىمدا ھەممىمىزنىڭ يانچۇقلىرى تامام قۇرۇقدالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممىمىز «ھالىمىزغا بېقىپ ھال تارتقىنىمىز تۈزۈككەن» دېيىشتۇق. ئۇنداق رېستورانلار بىزدەك ھەر ئايدا ئىككى-ئۈچ يۈز سوم مائاش ئالىدىغان كىشىلەرگە لايىق كەلمەيدىكەن. ئۇ يەرلەرنى كۈندە مىڭ سوملاپ پايدا ئېلىۋاتقان تىجارەتچىلەر بىلەن ئومۇم ھېسابىغا كۈتۈلىدىغان ئامەلدىلك ئەربابلارغا قالدۇرۇپ ئۆزىمىزنىڭ ئاددىي غىزالىرىمىزغا شۈكرى قىلساق بولغۇدەك.

بىراق بىزدە «بارمايمەن دېگەن تۆگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» دەيدىغان گەپ بارغۇ. بىر يەكشەنبە كۈنى «ئولىمپىيە» ① ناملىق رېستورانغا يەنە بىرىنچىغا توغرا كەلدى. شۇ كۈنى كوچىدا كېتىۋېتىپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر سىنىپتا ئوقۇغان ئۈچ ساۋاقدىشىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلاردىن بىرى ئوقۇتقۇچى ئەسقەر، يەنە بىرى C نازارىتىدە ئىشلەيدىغان كېرەم، ئۈچىنچىسى ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى قايسىبىر شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى دولقۇن ئىدى. ئەسقەر ۋە كېرەملەر بىلەن پات-پاتلا كۆرۈشۈپ تۇراتتىم. بىراق دولقۇننى كۆرمىگىنىمگە بىر يىلدىن ئېشىپ قالغانىدى. ئاغىنىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئۆتەرمىش، بىر يىل ئىلگىرى چەت ئەلدىمۇ بىر شۆبە شىركەت ئېچىپتىكەن، ئۇ يەرگىمۇ پات-پات چىقىپ تۇرارمىش.

— ھەببەللى! — دېدى دولقۇن مەن بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ، — كىمنىڭ گېپىنى قىلسا، شۇ ھازىر بولۇپتۇ دېگەندەك، سەن كىتاب موللىسىمۇ بىلگەندەكلا ئالدىمىزدا پەيدا بولدۇڭ. بايا سېنى قانداق تاپارمىز دەپ بېشىمىزنى قاتۇرۇپ تۇراتتۇق.

— نېمە، بىرەر مۇھىم ئىش بارمىدى؟

— «ئولىمپىيە» رېستورانىدا بىر مەززە قىلايلى، دەپ تۇرغان، — دېدى ئەسقەر.

① ئولىمپىيە — يۇنان رىۋايەتلىرىدىكى ئەپسانىۋى خۇدالار ياشايدىغان تاغ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېنىم بىر شۈركەندى. يېنىمدا 10 نەچچە سوملا بار ئىدى. يەيدىغاننى يەپ، ئىچىدىغاننى ئىچىپ بولۇپ، خەقنىڭ ئالدىدا مەندە شۇنچىلىكلا بارىكەن، دېيىشنى راۋا كۆرمەيتتىم. ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم ۋە دەرھال خوشلىشىشنىڭ قازىنىنى ئاستىم:

— ئاغىنىلەر كەچۈرۈڭلار، شۇ تاپتا مەن بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە ناھايىتى ئالدىراش بىر ئىش بىلەن...

— بولدى، بولدى، — گېپىمنىڭ بېلىگە تەپتى دولقۇن، — تۇغقىنىڭگە كەچتە بېرىۋالارسەن، بۇگۈن قەدىناس ئاغىنىلەر تېپىشىپ قاپتۇق، تازا يەپ-ئىچىپ يۇخادىن چىققۇدەك كۆڭۈل ئاچمىساق بولمايدۇ. خاتىرجەم بول، مەن مېھمان قىلىمەن.

ئۇنىڭ سۆزى تەكلىپتىن كۆرە بۇيرۇققا بەكرەك ئوخشايتتى. ئازراق ھەيران بولدۇم: ئۆز ۋاقتىدا مۇنۇ ئۈچىمىزنىڭ يېقىن ئۆتكىنىمىز راست، ھازىرمۇ شۇنداق ئۆتۈۋاتىمىز. بىراق دولقۇن بىز بىلەن ئانچە چىقىشالمايتتى. ھازىر ئەجەب قەدىناسلار دەپ كەتتىغۇ.

مەن يەنە تىرەجەپ باقتىم:

— بىراق ئاداش، تۇغقىنىم شۇ تاپتا مېنى ئۆيىدە كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. مەسلىھەتلىشىدىغان...

— بولدى، بولدى. تۇغقىنىڭ ھېچيەرگە كەتمەيدۇ، مەن بولسام ئەتە-ئۆگۈن چەت ئەلگە مېڭىپ كېتىمەن. بۈگۈن سەن موللامنى ئاران تاپتۇق، ھەرگىز قويۇۋەتمەيمىز، توغرا دېدىممۇ ئاغىنىلەر؟

ئەسقەر بىلەن كېرەممۇ ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەشتى. قۇتۇلۇشقا كۆزۈم يەتمەي ئامالسىز باشقا بىر تەكلىپنى ئېيتتىم:

— شۇ رېستوران دېگەنلەرگە زادى مەيلىم قالمىدى. گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق، دېگەندەك بىر ئىش بولىدىكەن. مېنىڭچە، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئاشپۇزۇللىرىمىزدىن بىرىگە...

دولقۇن بۇ قېتىممۇ گېپىمنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈشكە يول قويمىدى:

— قويغىنا ئۇنداق ئاشپۇزۇللىرىڭنى! قاچان قارىساڭ ئاشۇ لەغمەن، پولۇ، مانتا دېگەنلەر، ئۇستەل-ئورۇندۇقلىرىنىڭمۇ تايىنى يوق، تاماق يەپ بولغۇچە ئۇستىبېشىڭ تەردىن ھۆل بولۇپ كېتىدۇ، يەنە تېخى ھاراق-شاراب ئىچىشكىمۇ يول قويۇشمايدۇ. بولدى، ئەمدى يەنە گەپنى سوزۇپ ئولتۇرمايلى. تاكسى توستۇم ئەمسە.

— بوپتۇ، ماقۇل دېگىنە ئەمدى، — دېدى كېرەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

شۇ ئارىدا بىر پىكاپ يېنىمىزغا كېلىپ توختىدى ۋە بىزنى ئۇدۇل «ئولىمپىيە» نىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى. دولقۇن يانچۇقىدىن بىر باغلام پۇل چىقىرىپ، 50 سوملۇقتىن بىرنى شوپۇرغا تۇتقۇزدى ۋە ئۇنىڭ پۇل قايتۇرماقچى بولغانلىقىنى سېزىپ:

— قايتۇرماڭ! — دەپ سول قولىنى شىلتىپ قويدى.

شوپۇرنىڭ چىرايى شۇ ھامان خۇددى ياغ سالغان سۇيۇقئاشنىڭ يۈزىدەك پارقىراپ كەتتى-دە، ئالدىراپ تېنەپ پەسكە چۈشتى ۋە ئارقا تەرەپتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، دولقۇن تەرەپتىكى ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.

— خوجايىن، مەرھەمەت! — دېدى ئۇ ئېھتىرام بىلەن ھىجىيىپ.

دولقۇن پىكاپتىن ئالدىرىماي چۈشتى ۋە گويا كۆرۈپ قويۇڭلار، دېگەندەك بىزگە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

رېستوران تاماقخانىسى ئىككىنچى قەۋەتتە ئىكەن. بىز مەخسۇس فورما كىيگەن ئىككى نەپەر كۈتكۈچى قىزنىڭ يول باشلىشىدا دېرىزە يېنىدىكى بىر ئۈستەلگە كېلىپ جايلاشتۇق. ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋازىغا سېلىنغان رەڭگارەڭ گۈللەر خوش پۇراق چېچىپ تۇرۇپتۇ. بۇلۇڭ تەرەپتىن پەس ئاۋازدا ئاللىقانداق لىرىك كۈيگە چېلىنىۋاتقان رويال ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ.

كۈتكۈچى قىزلار كاستۇملىرىمىزنى سالدۇرۇپ ياندا تۇرغان كىيىم ئاسقۇچقا ئىلىپ قويدى. ئاندىن بىرى گۈللۈك چەينەكتىن پىيالىلەرگە خۇش پۇراق چاي قۇيۇشقا تۇتۇندى. يەنە بىرى ئېھتىرام بىلەن سورىدى:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، نېمىلەرنى بۇيرۇشلىكىن؟

— خانقىز، — دولقۇن ئەتىرگە چىلانغان ئاپئاق لۆڭگە بىلەن يۈز-قوللىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى، — رېستورانىڭلاردا بار بولغان ئەڭ ئېسىل تاماق ۋە ئەڭ ياخشى ئىچىملىكلەردىن كەلتۈرۈڭ. ھە، ئەسكەرتىپ قوياي، «ناپالئون» (1)ئۇنتۇلۇپ قالمىسۇن جۇمۇ!

ئۇ قىز يېنىككىنە تەبەسسۇم قىلىپ قويۇپ يېنىمىزدىن كېتىپ قالدى. يەنە بىرى تىك تۇرغان ھالدا يېنىمىزدا تۇرىۋەردى. كىيىملىرى زىلۋا بەستىگە زەپمۇ ياراشقان بۇ گۈزەل قىزنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى باياتىنلا مەلۇم بولغانىدى. ئۇنىڭ چىرايى ماڭا تونۇشتەك بىلىندى. لېكىن نەدە كۆرگەنلىكىمنى دەماللىققا ئېسىمگە كەلتۈرەلىمىدىم. بىرىگە ئوخشاتتىمىكىن-يا؟

دولقۇن يانچۇقىدىن «مارلىبورو» ماركىلىق تاماكىدىن بىر قاپ چىقىرىپ، ئاغزىنى شارتلا قىلىپ يىرتتى-دە، ھەممىمىزگە بىر تالدىن تۇتۇپ، ئۆزىمۇ بىرىنى لىۋىگە قىستۇردى، ئاندىن ئالتۇن رەڭ ھەل بېرىلگەن چاقماقنى يېقىپ ئاۋۋال ئۆزىنىڭكىنى تۇتاشتۇردى، كېيىن بىزگە تەڭلىدى.

— تازا پەيزى قىلىدىغان جايلاردە بۇنداق رېستورانلار! — دېدى ئۇ گەۋدىسىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ، — بىراق، يەنىلا مەن كۆرگەن بەزى رېستورانلارغا يەتمەيدۇ.

قارىغاندا بۇ ئالىجوقىنىڭ كۆرمىگەنى يېرى قالمىغان ئوخشايدۇ.

— ئاغىنىلەر، ئۇچىلىڭلار ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن زىيالىيلار، — گېپىنى داۋاملاشتۇردى دولقۇن، ئاغزىدىن كۆكۈش ئىس چىقىرىپ تۇرۇپ، — قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارا، ئادەم دېگەن بۇ دۇنيادا نېمىنى دەپ ياشايدۇ؟

بىز گويا ھەيران قالغاندەك بولۇپ بىر-بىرىمىزگە تەڭلا قاراشتۇق. ئەسقەر ئەزەلدىن مۇنازىرىلىشىشكە ئامراق يىگىت ئىدى.

— قېنى، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ جاۋاب بېرىپ باققىنا، بىر ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى ئۇ دولقۇنغا كۈلۈپ قاراپ.

— ماقۇل، ئاڭلاڭلار ئەمسە، — دولقۇن مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى، — مەن سىلەرگە ئېيتسام، ئادەم دېگەن بۇ دۇنيادا ئىلاجى بار كۆپرەك پۇل تېپىش، راھەت-پاراغەت كۆرۈش ئۈچۈن ياشايدۇ...

— سېنىڭچە بولغاندا، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئەسقەر، — كۆپرەك پۇل تاپالمايۋاتقان، تۇرمۇشنى تەستە ئۆتكۈزىۋاتقان مىليونلاپ كىشىلەر بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىشى كېرەككەندە؟

— توختا، قىزىشما! سەن كاساپەت بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق ئىدىڭ، ھەتتا مۇئەللىملەرنىڭ سۆزلىرىدىنمۇ پۇتاق چىقىراتتىڭ. شۇ مىجەزىڭ ھازىرمۇ قالماپتۇ. مەن ساڭا ئېيتسام، ھەممە ئادەمنىڭ بايا مەن ئېيتقان مەقسەتكە يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە، كىمكى پەم-پاراسەتلىك بولسا، رىقابەتتە ئۇزۇپ چىقالىسا، شۇ ئېرىشەلەيدۇ. لېكىن ھەممىسىنىڭ مۇددىئاسى بىر. مەسىلەن، سېنى ئالساق، ھازىر سىلەردەك زىيالىيلار ئۈچۈن ئۇنىۋان دېگەن بىر ئىش چىقتى. سېنىڭمۇ كېچە-كۈندۈز چوڭراق ئۇنىۋانغا ئېرىشسەم دەپ ئويلايدىغانلىقىڭ ماڭا بەش قولدەك ئايان. چۈنكى ئۇنىۋانىڭ ئۆسسە قولۇڭغا تېگىدىغان پۇلمۇ كۆپىيىدۇ-دە!

(1) «ناپالئون» — فرانسىيىنىڭ داڭلىق ھاراقلىرىدىن بىرى.

ئەسقەرمۇ بوش كەلمەي ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ كەتتى، كېرەم بولسا، دەم ئۇنى، دەم بۇنى قوللاپ ئولتۇردى. مەن ئارىلاشماي تاماكامنى چەككىنىمچە، ئەتراپقا سەپسالدىم. تاماقخانىدا خېرىدارلار كۆپ ئەمەس ئىدى. ھەر خىل مىللەتتىن بولغان ياش ۋە چىرايلىق كۈتكۈچى قىزلار سىپايىلىق بىلەن ئۇلارنى كۈتمەكتە. غۇنچە بوي بىر قىز بىر قېتىم مېھمانلار بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپمۇ قويدى.

نېمىشقىدۇر قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرى ئىختىيارسىز ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلاردا ھېكايە قىلىنىشىچە، پۈتۈن ئادىمزات، ئاسمان-زېمىن، دېڭىز-ئوكيان، تاغ-دەريالارنىڭ تەقدىرىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان زېۋس باشلىق ئەر-ئايال خۇدالارنىڭ ئوردىسى ئولىمپىيە ناملىق تاغدا ئىكەن. ئۇلار كۆپ ۋاقتىنى گاھ ئۇرۇش قىلىش، گاھ ياراشتۇرۇش، گاھ بەخت، گاھ بالايى-ئاپەت كەلتۈرۈش مەقسىتىدە تەرەپ-تەرەپلەردە ئالدىراش ئۆتكۈزىدىكەن، بەزىدە ئوردىغا جەم بولۇپ، قانغۇچە يەپ-ئىچىپ ئازا كۆڭۈل ئاچىدىكەن. ئاندىن يەنە ئۆز ئىشلىرىغا ماڭىدىكەن. مانا ھازىر ماۋۇ «ئولىمپىيە» دىمۇ بىر توپ ئادەملەر كۆڭۈل ئاچماقتا. بۇلارنىڭ بىر مۇنچىسىنىڭ مۇنۇ دولقۇنغا ئوخشاش ئىمتىيازلىق ئادەملەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۇلارنىڭمۇ ئادەتتىكى چاغلىرى ناھايىتى ئالدىراش ئۆتسە كېرەك. كىملەرنىدۇ يىغلىتىپ، كىملەرنىدۇ كۈلدۈرۈپ يۈرىدىغاندۇ بۇلار. بۈگۈن بۇلار بۇ يەرگە ھاردۇق چىقىرىش-كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن يىغىلىپتۇ. ئەتە-ئۆگۈن خۇددى ماۋۇ دولقۇندەك نەلەرگىدۇ جۆنەپ كېتىشەر. يەنە ئاشۇ يىغلىتىش، كۈلدۈرۈشلەر باشلىنىپ كېتەر...

مەن بۇ رېستورانغا نېمە ئۈچۈن «ئولىمپىيە» دەپ نام بېرىلگەنلىكىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم، بۇنى ئويلاپ تاپقان ئادەم ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئىكەن. ھەمراھلىرىمغا قارىسام، مۇنازىرە تېخى تۈگىمەپتۇ. سۆزمەن ئەسقەر دولقۇننى تەمتىرىتىپ قويۇپتۇ.

— ئاغىنىلەر، بولدى قىلىڭلار، — دېدىم مەن ئۇلارنىڭ تالاش-تارتىشلىرىدىن زېرىكىپ، — بۈگۈن ئاران تېپىشتۇق، كۆڭۈللۈكرەك گەپلەرنى قىلىشىپ ئولتۇرمايلىمۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دەرھال گېپىمنى تارتىۋالدى كېرەم، — كېلىڭلار، دوستلۇق ھەققىدە سۆزلىشەيلى، كۈلكە-چاقچاق قىلايلى، يۇخادىن چىققۇچە كۆڭۈل ئاچايلى.

دولقۇنمۇ ئەسقەردىن قۇتۇلالماي تۇرغان بولسا كېرەك:

— ھە بەللى، ئىككىڭلار گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتتىڭلار، — دېدى دەررۇ جانلىنىپ، — دېگەن بىلەن ئىككىڭلارنىڭ كاللىسى سىنىپتىكى ھەممەيلەندىن بەكرەك ئىشلەيتتى. شۇڭا بىكارغا بىرىڭلار سىنىپ باشلىقى، بىرىڭلار ئۆگىنىش باشلىقى بولمىغان-دە، مانا ھازىرمۇ ئولتۇرۇشىمىزنى ئىزغا سالدىڭلار.

— كېرەم يېقىندا بۆلۈم باشلىقى بولدى دېگىنە، — يەنە لوقما سالدى ئەسقەر.

— شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە بۈگۈن سېنى ئوبدان تەبرىكلىسەك بولغىدەك ئاغىنە، بىزنىڭ سەن ئىشلەيدىغان ئىدارىغا بەزىدە ھاجىتىمىز چۈشۈپ قالىدۇ. ئالدىڭغا بېرىپ قالساق ئوڭ كۆزۈڭدە قاراپ قويارسەن-ھە!

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولمايچۇ، — دەپ قويدى كېرەم.

شۇ ئارىدا بىزگە تەييارلانغان نازۇ-نېمەتلەر ئارقا-ئارقىدىن كەلگىلى تۇردى. بىردەمدە ئۈستەلنىڭ ئۈستى مەن كۆرگەن ۋە كۆرمىگەن ئاجايىپ-غارايىپ غىزالار ۋە ئىچىملىكلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. تەخسىلەرگە تۈجۈپىلەپ تىزىلغان بەزى غىزالارنى يېمەكلىك دېگەندىن كۆرە، بىر خىل سەنئەت بۇيۇمى دېسىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولاتتى. ئۇستىلارنىڭ چېۋەر قوللىرىدا ياسالغان بۇ « توز » ، « قۇشقاچ » ، « قوزىچاق » لارنى ئىمىشقىدۇر ئاغزىمىزغا سېلىپ چايناشلا ئەمەس ھەتتا چوكىلار بىلەن قىسىپ پارچىلاشقىمۇ كۆڭلۈم تارتماي قالدى. بىراق دولقۇن تۇنجى ھۇجۇمنى « توز » نىڭ تولىمۇ گۈزەل بېشىنى قىسىپ ئۈزۈۋېلىشتىن باشلىدى.

— شېنجېن، گۇاڭجۇلاردىكى رېستورانلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ھەر ھالدا، خېلى ئوخشىتىپتۇ، — دېدى ئۇ « توز » نىڭ بېشىنى چايناپ تۇرۇپ، — مەن سىلەرگە ئېيتسام ئاغىنىلەر ئۇ يەرلەردىكى غىزالارنى چۈشۈڭلەردىمۇ كۆرۈپ باقمىغانسىلەر تايىنلىق، ھەي... مەن شۇ يەرلەردە چېغىمدا بىر بارساڭلار دى، تازا ئويناتتىم-دە! مەن سىلەرگە ئېيتسام ئاغىنىلەر، ئۇ يەرلەردىكى تاماقلار ئالدىدا بىزنىڭ ھېلىقى پولۇ، مانتا دېگەنلىرىمىزنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكىمۇ يوق.

غۇزژىدە ئاچچىقىم كەلدى.

— قارىغاندا سەن ئۇچۇن بىزنىڭ بۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىمىزمۇ ھېچنەرسىگە ئەرزىمەس بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ تەنە قىلدىم.

دولقۇن كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى سېزىپ، ئاغزىدىكى گۆشنى ئالمان-تالمان يۇتۇۋەتتىدە، چاقچاقلا يۆلەپ قۇتۇلماقچى بولدى:

— ھا... ھا... ھا! سەنمۇ بىر چوقۇۋالدىڭدە، مەن دېمەكچى...

شۇ پەيتتە كۇتكۇچى قىزنىڭ:

— مەرھەمەت! — دېگەن يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇ بىر بوتۇلكا « ناپالېئون » نى قەدەھلەرگە يېرىم-يېرىمدىن قۇيۇپ، بىزنىڭ ئالدىمىزغا تىزىشقا باشلىغان ئىدى.

— قېنى ئاغىنىلەر، بىرىنچى رومكىنى بۈگۈنكى جەم بولغانلىقىمىزنىڭ شەرىپى ئۇچۇن كۆتۈرەيلى، — دېدى دولقۇن پاراڭنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ، — بۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق جەم بولۇشلار پات-پات بولۇپ تۇرغاي.

قەدەھلەر جىرىڭلاپ، چىرايلارغا يەنە كۈلكە يۈگەردى. كۇتكۇچى قىز يېنىمىزدىن كەتمەي قەدەھلەرنى ئۈزلۈكسىز تولدۇرۇپ تۇردى. بىز دوستلۇق ئۇچۇن، سالامەتلىك ئۇچۇن، دولقۇننىڭ تېخىمۇ ئۆرلىشى ئۇچۇن، كىرەمنىڭ پات ئارىدا باشقارما باشلىقى، كېيىنرەك نازىر بولۇشى ئۇچۇن قەدەھ كۆتۈرۈشتۇق. پەقەت ئەسقەر بىلەن مەن ئۇچۇنلا مەخسۇس قەدەھ كۆتۈرۈلمىدى. نېمە دېگۈلۈك، قەدەھ دېگەن بىرەر ئالاھىدە ئىش ئۇچۇن كۆتۈرۈلىدۇ. بىر ئوقۇتقۇچى بىلەن بىر مۇھەررىر دېگەندە نېمە ئالاھىدىلىك بار ئىدى. كىشىلەرنى مەنسەپ ۋە بايلىق بويىچە تۈرگە ئايرىش مودا بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىزدەكلەر قاتارنىڭ ئاخىرقى تەرەپلىرىگە تىزىلىمىز. باي ئاغىنىمىزنىڭ سېخىيلىقى بىلەن مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك يەپ-ئىچىشكە داخىل بولالىغىنىمىزغا شۈكرى قىلساق بولىدۇ.

لېكىن مەن بىردىنلا دولقۇننىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە ئويلاپ قالدىم. بىز ئۇنىڭ بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىلى سىنىپداش بولغانىدۇق. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ تولۇقسىزنى تۆت يىلدا تۈگەتكەنىكەن. تولۇقنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىمۇ سىنىپ كۆچەلمەپتۇ. كېيىنكى ئۈچ يىلدىمۇ ئەڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى ۋە دادىسىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئاران دېگەندە دىپلومغا ئېرىشتى. ئۇ مۇئەللىملەرنىڭ تەنقىد-تەنبىھلىرىگە پىسەنتمۇ قىلمايتتى. « ئەجەپمۇ زېرىكتىم مۇشۇ ئوقۇش دېگەندىن، — دەيتتى ئۇ پات-پاتلا، — بىزنىڭ ئۆيدىكى جوھۇت بوۋايدىن قورقمىسام مەكتەپ دېگەندە بىر كۈنمۇ تۇرمايتتىم.»

ئۇنىڭ « بوۋاي » دېگىنى دادىسى ئىدى. ئاڭلىشىمىزچە ئۇ ئادەم خېلى چوڭ

باشلىق ئىكەن. شۇ كىشىنىڭ يۈزىنى دېمىگەن بولسا مەكتەپمۇ ئاللىقاچان دولقۇننىڭ كەشىنى توغرىلاپ قويار ئىكەن. مانا مۇشۇنداق بىر نان قېپى بوگۇنكى كۈندە خېلى كاتتا ئامەتكە ئېرىشىپتۇ. پۇلنىمۇ غازاڭدەك خەجلەيدىكەن. قوللىرىدا ئالتۇن ئۈزۈك، كىيىۋالغىنى ئەڭ يېڭى مودىدىكى قىممەت باھالىق كىيىملەر. ھەقىقەتەن ئامەتى كەپتۇ بۇنىڭ. بىراق، قانداق قىلىپ مۇشۇ ھالغا يېتىشتىكىن؟ ھېلىقى «جوھۇت بوۋاي» يۈلەشتۈرۈپ مۇشۇنداق پەللىگە چىقىرىپ قويغانمىدۇ يا؟ بۇ ئاغىنە ئۆز ۋاقتىدىمۇ بىزنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى، بۈگۈن قانداق بولۇپ بىزنى مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك رېستوراندا مېھمان قىلغۇسى كېلىپ قالدىكىن؟

— ئەينى ۋاقىتتا سىنىپتىكى ئەڭ قالاق ئوقۇغۇچى ئىدىم، — دولقۇن خۇددى شۇ تاپتىكى خىياللىرىمنى بىلىۋالغاندەك گەپنى ئۆز ئۈستىگە يۆتكىدى، — مەن سىلەرگە ئېيتسام، بەزى بالىلار مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغىنى بىلەن جەمئىيەتتە تۈزۈك يول تاپالمايدۇ. ئەكسىچە ناچار ئوقۇغان بالىلار ئىچىدىنمۇ نى-نى ئىشلارنى قىلالايدىغانلار چىقىدۇ. ئىشقىلىپ، ئوقۇش دېگەن ئۇنچىۋالا چوقۇنۇپ كېتىدىغان نەرسە ئەمەس، سېنى جەمئىيەتتە يۆلەيدىغانلارنىڭ بولۇش-بولماسلىقى ئەڭ مۇھىم. مانا ئۆزۈمنى مىسالغا ئالسام، ئالىي مەكتەپ دېگەننىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ باقىنىممۇ يوق. ئەمما چەت ئەلدىمۇ شۆبىسى بولغان كاتتا بىر شىركەتنى ئويناپ يۈرۈپ باشقۇرىۋاتىمەن. سىلەر بىلەن ئۈچرىشىپ مۇڭداشمىغىلى ئىككى-ئۈچ يىل بولۇپ قاپتۇ. مېنى نەلەردە تەمتىرەپ يۈرۈيدىغاندۇ دەپمۇ ئويلىغان بولغىيدىڭلار، شۇڭا بۈگۈن بىر مۇڭدىشايلى دېدىم.

بايىقى سوئاللىرىمغا جاۋاب چىقتى. گەرچە دولقۇن گەپنى ئانچە كونكرېت ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ «جوھۇت بوۋاي» دەك يۆلەنچۈكلىرىگە تايىنىپ بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۈگۈن بىزگە ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق سېخىيلىق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم.

بايىقىشىمچە، دولقۇن غىزاغا ئۆزىنى ئانچە ئۇرۇپ كەتمىدى، ئەمما ھاراق دېگەننى ئۈزلۈكسىز ئىچىپ تۇردى. ئاغزى بولسا سۆزدىن بېسىقمىدى، ئۆزى بارغان جايلار، ئاڭلىغان ياكى قاتناشقان ئويۇن-تاماشىلار، خىزمەتتىكى نەتىجىلىرى توغرىسىدا توختىماي سۆزلەپ ئولتۇردى. ئۇ ئىلاجى بار قىزىقچىلىق قىلىشقا، سۆزلىرى ئارىسىغا ھەر خىل لەتىپە، يۇمۇرلارنى قىستۇرۇشقا تىرىشاتتى ۋە شۇنداق چاغلاردا ئالدى بىلەن ئۆزى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. ئەمما يەنىلا تۇرۇپ-تۇرۇپ ئىمتىيازلىقلارغا خاس كىبىر كۆرسىتىش ۋە ماختىنىشتىن خالىي بولالمايتتى. ئۇ يەنە بەزىدە كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ كۈتكۈچى قىزدىن نېمىلەرنىدۇ سورايتتى. ئۆز قاراشلىرىنى ئۇنىڭغىمۇ تەستىقلىتىشقا ئۇرۇناتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرى بىر خىل شەھۋەتخورلۇق ۋە ھاياسىزلىق بىلەن ئۇچقۇندايتتى. قىز بولسا كۆپىنچە تېز ۋە قىسقا جاۋابلارنى بېرەتتى، بەزىدە چاي ياكى ھاراق قۇيغان بولۇۋېلىپ ئۆزىنى گەپتىن قاچۇراتتى.

كۈتكۈچى قىز بولسا بىزگە ئىلتىپات كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى، چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيتتى، ھەرىكەتلىرى بەكمۇ سىپايە ۋە يېقىشلىق ئىدى. گەپنى ئاز ۋە بەكمۇ ئورۇنلۇق قىلاتتى. بەزىدە ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايىدا تۇرۇپ-تۇرۇپ ئاللىقانداق بىر خىل مۇڭ-قايغۇ ياكى تەڭقىسلىققا ئوخشاپراق كېتىدىغان ئالامەتنىڭ لىپ قىلىپ پەيدا بولۇپ، يەنە تېزلا يوقاپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ سېزىپ قالدىم. ئۇنىڭ بىرەر

دەردى بار ئوخشىمامدۇ، دېگەن سوئال بىر قانچە قېتىم خىيالىمغا كىرىپ چىقتى. بىر چاغدا ئۇ بىر ئىش بىلەن بىزدىن ئەپۇ سوراپ بىردەمگە يېنىمىزدىن كەتتى.

— كاساپەت تۇمۇچۇقتەك چىرايلىقكەن! — دېدى دولقۇن تىلىنى چاكىلدىتىپ، ئۇ خېلىلا كەيپ بولۇپ قالغان ئىدى.

— راست دەيسەن، — دەررۇ قوشۇمچە قىلدى ئەسقەر، — سەھنىگە ياكى كىنوغا لايىق قىزكەندۇق، كۈتكۈچىلىككە زايا كېتىپتۇ ئۇ.

— ھەي، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دولقۇن قىزىشقان ھالدا سۆزنى يەنە تارتىۋالدى، — ئاڭلىسام، ھازىر بەزى كىنو، ناخشا چولپانلىرىمۇ ئارىلاپ-ئارىلاپ رېستورانلاردا كۈتكۈچىلىك قىلىدىغان، ناخشا ئېيتىدىغان بولۇشۇپتۇ. نېمىشقا دېسەڭ، مۇنداق يەرلەردە پۇلنى كۆپرەك تاپقىلى بولىدۇ. خېرىدارلارنىڭ خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتكەندە ئۇلارغا ئايرىم چاي پۇلى بېرىدۇ دېگىنە، يەنە تېخى ئۇلار بەزىدە خېرىدارلار بىللە ئولتۇرۇپ پۇلسىز تاماق يەپ، بىر-ئىككى رومكا ئىچىپمۇ قويىدۇ.

— ماڭغىنە، كۈتكۈچىلەرگە خىزمەت ۋاقتىدا ھاراق ئىچىشكە يول قويۇلمايدىغاندۇ.

— بارە، سېنىڭ كاللاڭ تېخىچە ئازاد بولماپتۇ. خېرىدارلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ مەخسۇس ھاراق ئىچىشىپ بېرىدىغان قىزلارمۇ بار تېخى.

— ئۇنى مەنمۇ ئاڭلىغان، ئەمما ئۇلار مەخسۇس شۇ ئىش ئۈچۈنلا ياللانغانلارمىش، ماۋۇ قىز ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ-دە. بۇلار مەست بولۇپ قالسا، قانداق مۇلازىمەت قىلالايدۇ، ياق، مېنىڭچە، بۇلار ئۈچۈن ئايرىم بەلگىلىمە بارغۇ دەيمەن.

— ھەي، نادانكەنسەن، ھازىرقى كۈندە چوڭراق ئىش چىقىرىپ قويمىسىلا بەلگىلىمە دېگەننى كىم سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇراتتى دەيسەن، مەن ساڭا ئېيتسام، كۈتكۈچى قىزلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەلگىلىمە كۆپرەك خېرىدار جەلپ قىلىش، رېستوراننىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش.

— مۇنۇ قىزمۇ كۆپرەك پۇل تېپىشنى كۆزلەپ كۈتكۈچى بولغانمىدۇ؟ — گويا ئۆز-ئۆزى بىلەن سۆزلەشكەندەك بولۇپ سورىدى ئەسقەر يەنە.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دولقۇن كېسىپلا ئېيتتى.

كېرەممۇ خېلىلا تەڭشىلىپ قالغانىدى.

— ئاغىنىلەر، ئۇ ھېلى كەلگەندە بىز بىلەن بىرەر رومكا سوقۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلمايلىمۇ؟ — دېدى ئۇ بىردىنلا ھەجىيىپ تۇرۇپ.

— يارايسەن! — دولقۇن ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

— ئۇنى زورلىمايلى ئاغىنىلەر، — دېدىم مەن نېمىشقىدۇر بۇ تەكلىپنى مۇۋاپىق كۆرمەي، — مېنىڭچە، ئۇ ھاراق ئىچىدىغاندەك تۇرمايدۇ. تەڭلىكتە قويمايلى ئۇنى.

— ۋاي، قويساڭچۇ بۇرادەر! — دولقۇن قولىنى بىر شىلتەپ قويدى، — سەن ھازىرقى ياشلارنى چۈشەنمەيدىكەنسەن. بۇ قىزمۇ رومكىنى بىرلا كۆتۈرۈشتە قورۇقداپ قويمىسا ھېساب ئەمەس.

راست شۇنداقمۇ بولۇپ قالارمۇ، دېگەن پىكىر مېڭەمدىن لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. بىراق ئۇنىڭ بايىقى ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ يەنىلا ئىشەنمىدىم.

— مۇبادا ئىچمىسىچۇ؟

— قۇلىقىنى سايالدا كېسىپ بېرەي.

— نېمانچە قىلىپ كېتىسەن، — دېدى كېرەم ماڭا تەنىھ بەرگەن قىياپەتتە، — يا ئۇ سېنىڭ بىرەر تۇغقىنىڭمىدى؟ ئىچسە ئىچمەمدۇ.

ئەسقەرمۇ بۇ دورەم بىتەرەپ يول تۇتتى.

— قېنى بولمىسا تەكلىپ قىلىپ كۆرەيلى، ئىچسە ئىچەر، بولمىسا قالار.

مەن ھېچنېمە دېيەلمەي قالدىم.

www.uyghurkitap.com

مۇبادا ئۇ راستتىنلا بىرەر رومكا بولسىمۇ ئىچىدىغان چىقىپ قالسا، سۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئاياغ سالغاندەك بىر ئىش بولۇپ قالمامدۇ؟

— ئىختىيارىڭلار، — دېدىم ئاخىرى.

خۇددى دېيىشىپ قويغاندەكلا دەل شۇ چاغدا كۈتكۈچى قىز ئالدىراپ يېتىپ كەلدى-دە، كۈلۈمسىرەپ:

— كەچۈرۈڭلار، يېنىڭلاردا بىللە بولالمىدىم، — دەپ ئەپۇ سورىدى ۋە بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ، ئالدىمىزدىكى بوش تۇرغان قەدەھلەرگە هاراق قۇيۇشقا تۇتۇندى.

— كېرەك يوق خانقىز، — دېدى دولقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىراق بىر تەلىپىمىز بار.

قىزنىڭ قەلەمقاشلىرى بىر كۆتۈرۈلۈپ، يەنە جايىغا چۈشتى.

— ئېيتىڭلار، ئورۇندايمەن، — دېدى ئۇ ئەدەب بىلەن.

— ماۋۇ رومكىنىمۇ قويۇڭ، سىز بىلەن بىرگە ئىچكۈمىز بار.

دەررۇ قىزغا قارىدىم. كۆڭلۈمدىن رەت قىلغايسەن ئىلاھىم، دېگەن پىكىر كەچتى. ئىشقىلىپ بۇ قىز توغرىسىدىكى قارىشىمدا خاتالاشمىغاندىم.

قىز ۋىللىدە قىزاردى ۋە تەڭلىكتە قالغان قىياپەتتە:

— كەچۈرۈشىڭلارنى سورايمەن، مەن زادى ئىچىپ باقمىغان، — دېدى.

خۇداغا شۈكرى! تازا قېنىپ نەپەس ئالدىم ۋە قانداقكەن، دېگەن مەنىدە دولقۇنغا قاراپ قويدۇم. ئۇمۇ ماڭا گويا ئالدىرىماي تۇر، دېگەنىدەك كۈلۈپ قويدى-دە، يەنە قىزغا بۇرۇلدى:

— تەكەللۇپ قىلماڭ، خانقىز، مەن ئوبدان بىلىمەن، مۇنداق رېستورانلاردا كۈتكۈچىلىك قىلىدىغانلار ئىچىدە ئىچمەيدىغىنى يوق.

كىرەممۇ ئۇنىڭغا ياردەملىشىشكە ئالدىرىدى:

— سىڭلىم، باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، بىزگە ئوبدان خىزمەت قىلدىڭىز، شۇڭا بىرەر رومكا هاراقنى بىللە ئىچىپ مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرەيلى، دەپ ئويلاشتۇق. ئارتۇق زورلىمايمىز، پەقەت بىر رومكىلا ئىچسىڭىز بولدى.

— ماۋۇ قىزىلدىن ئىچىڭ بولمىسا، — ئۇنىڭغا ئۇلاپلا سۆز قىستۇردى ئەسقەر.

قىزنىڭ رەڭگى قىزىلگۈل رەڭگىگە كىردى. ئاربلاشتۇم كەلدى-يۇ، لېكىن بايىقى ۋەدەمنى ئەسلەپ، ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم.

— كۆڭلۈڭلەرگە رەھمەت، — دېدى قىز هەر بىرىمىزگە بىر-بىرلەپ قاراپ، — مەن هەرقانداق هاراقنى ئاغزىمغا ئېلىپ باقمىغان، ئەپۇ قىلساڭلار.

— پىۋىدىنىغۇ ئىچەرسىز؟ — ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا ئادىتى بويىچە ئالدىراپ قوشۇق سالدى ئەسقەر.

— ئۇنىمۇ ئىچمەيمەن، — قىز كۈلۈپ تۇرۇپ، ئەمما تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

ئەمدى بۇ بىمەنە ئويۇن ئاياغلاشتىغۇ دەپ ئويلىۋېدىم، خاتالىشىپتىمەن. دولقۇننىڭ يېقىلغە نىلىكگە تەن بەرگۈسى كەلمىگەن بولسا كېرەك، شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدا مۇنداق سوئال جاۋابلار بولۇپ ئۆتتى:

— خانقىز، سىزدىن سوراپ باقاي، هاراق ئىچىش قانۇنغا خىلاپمۇ؟

— ياق.

— ئەخلاقتا زىت كېلەمدۇ؟

— ئۇنداقمۇ دېگىلى بولمايدۇ.

— هەببەللى، ئەمىسە، بىزنىڭ بىرەر رومكا بولسىمۇ بىللە هاراق ئىچەيلى دېگەن تەلىپىمىزنى نېمىشقا رەت قىلىسىز؟

— هاراق ئىچىش-ئىچمەسلىك هەركىمنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش، ئۇنىڭغا بىراۋنى زورلىغىلى بولمايدۇ. لېكىن سىلەر خېرىدار بولغىنىڭلار ئۈچۈن قايتا-قايتا ئەپۇ سورىدىم.

دولقۇن بۇ قېتىم دەماللىققا گەپ

uyghurkitap.com

تاپالماي گەۋدىسىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكگە تاشلىدى-دە، تاماكا تۇتاشتۇردى.

— مەن تېخى سىزنى مۇكاپاتلىماقچىدىم، — دېدى ئۇ يەنە ئىخلاسى قايتقاندەك بولۇپ، — ئەمما سىز...

— دولقۇن! — ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئەسقەر، — ئەمدى بولدى قىل، بىز يېڭىلدۇق.

كېرەممۇ ئۇنى قوۋۋەتلىدى:

— شۇنداق، ئەمدى بۇ قىزنى خىجىل قىلغۇرمەيلى.

دولقۇننىڭ چىرايى سەل ئۆڭگەندەك بولدى. ئۇنى ئەمدى توقۇمنى قارىنىغا ئالارمىكىن، بۇ قىزغا بىھۇدە ئازار بېرەرمىكىن، دەپ ئويلىغاندىم، لېكىن ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى.

— ها... ها... ها! — بىردىنلا كۈلۈۋەتتى ئۇ، — راست، بىز يېڭىلدۇق، شۇنچە قىلىپمۇ ئۇنى گەپكە كىرگۈزەلمىدۇق، بەك قەيسەركەن بۇ خانقىز، قول قويدۇم، قول قويدۇم.

راستىنى ئېيتسام، ئۇنى مۇنداق تېز ئۆزگىرەر، يېڭىلگەنلىكىنى مۇنداق ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن تەن ئالار، دەپ خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنمەن. شۇڭا سەل ھەيران بولماي تۇرالمىدىم. بەلكىم ئۇ ھازىر راست سۆزلىگەندۇر ۋە بەلكىم خىجىلچىلىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ساختا ئىپادە كۆرسەتكەندۇر. مەيلى، نېمىلا بولمىسۇن ئۇ يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەردى. ئەڭ مۇھىمى، كۈتكۈچى قىز بىر تەڭلىكتىن قۇتۇلدى. ئىشقىلىپ، بۇ دورەم دولقۇندىن خېلى رازى بولۇپ قالدىم.

مەن يەنە كۈتكۈچى قىزغا قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدا بايىقىدەكلا يېقىملىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

— سىڭلىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — باياتىن بېرى ئۆرەلا تۇردىڭىز. پۇتلىرىڭىز تېلىپ كەتكەندۇ، ماۋۇ ئورۇندۇقتا بىر پەس ئولتۇرۇڭ.

— راست، ئولتۇرۇڭ خانقىز، — ئالدىراپ گېپىمنى تارتىۋالدى دولقۇن، — قورقماڭ، ئەمدى ھاراق ئىچىشكە زورلىمايمىز.

قىز بۇ دورەم تارتىنمايلا تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

— سىڭلىم، — ئەسقەر قىزغا مۇراجىئەت قىلدى، — بۇ رېستورانغا يېقىندا ئورۇنلاشتىڭىزمۇ؟

— ئىككى ئايدىن سەل ئاشتى.

— بۇ ئىشمۇ بوپتۇ، كۈتكۈچىلىكمۇ ئوخشاشلا شەرەپلىك خىزمەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئورۇنلارنىڭ مۇكاپاتىمۇ يۇقىرى بولارمىش.

قىزنىڭ چىرايىدا قىزىللىق ئارىلاش كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى.

— مەن ئەسلى تېببىي تېخنىكۇمنى پۈتتۈرگەنىدىم. لېكىن بۇ شەھەردىن خىزمەت تاپالمىدىم. ئۆيدە ئىككى يېرىم يىل ساقلاپ ئولتۇرۇپ، ئاخىرى مۇشۇ ئىشقا ئورۇنلاشتىم، — دېدى ئۇ.

ئېسىمگە كەلدى، ئۇنى بۇرۇن قەيەردە كۆرگەنلىكىم ئاخىرى ئېسىمگە كەلدى! ئۈچ يىل بۇرۇن جىددىي خاراكتېرلىق سوقۇر ئۈچەي كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ دوختۇرخانىدا ئوپېراتسىيە قىلدۇرغانىدىم. شۇ چاغدا پالاتىدا 5 — 6 نەپەر پراكتىكانت قىز بولىدىغان، ئۇلار كېسەللەرگە بەكمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. ماۋۇ كۈتكۈچى قىز شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىغۇ. ئىسمىنىمۇ بىلەتتىم. بىراق ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئەستا، نېمە بولغىيدى؟... تاپتىم!

— نۇرنىسانغۇ سىز؟ — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ، — مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟

قىز چىرايىمغا ئوبدان بىر سەپسىلىپ قاراپ، خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى:

— نەدىدۇ كۆرگەندەك قىلىمەن. بىراق ئېنىق ئېسىمگە كەلتۈرەلمىدىم.

— X دوختۇرخانىسىنىڭ تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىدە پراكتىكا قىلغان ۋاقتىڭىزنى ئەسلەپ كۆرۈڭا. ئۇ يەردە سوقۇر ئۈچەيى

ئوپېراتسىيە قىلىنغان بىر مۇھەررىر ئېسىڭىزگە كەلدىمۇ؟ ھەتتا ئوپېراتسىيە جەريانىدا سىز بېشىمدا تۇرۇپ مېنى گەپكە سالغان.

قىز بىر پەس قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلاندى-دە، بىردىنلا:

— ئېسىمگە كەلدى، ئېسىمگە كەلدى، نىزام ئاكامكەنسىزغۇ! — دېدى كىچىك بالىلاردەك شادلىنىپ، ئاندىن خىجىل بولغان ھالدا قوشۇپ قويدى، — تونىيالماي قاپتىمەن، ئەپۇ قىلىڭ.

— ياھ، كونا تونۇشلار چىقىپ قالدىغۇ بۇلار، — كۈلۈپ تۇرۇپ گەپنى تارتىۋالدى دولقۇن، — نىزام، سەن ھارامزادىنىڭ بايا بۇ خانقىزنى ھىمايە قىلىپ كېتىشىڭ بىكار ئەمەسكەن-دە!

مەن ئاغىنىلىرىمگە نۇرىمان بىلەن قانداق تونۇشقانلىقىمنى بىرقۇر سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىرىدا نۇرىمانغا مۇنداق دېدىم:

— مەن تېخى سىزنى ئاللىقاچان چوڭ دوختۇرخانىلارنىڭ بىرىدە ئىشلەۋاتقاندۇر، دەپ ئويلاپتىمەن.

— ماڭا ئۇنداق ئامەت نېسىپ بولمىدى، — نۇرىمان غەمكىن ھالدا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— بۇ قانداق گەپ؟ — دەررۇ قىزىشتى ئەسقەر، — ئۇ يىللىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى نەدىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە تەقسىم قىلاتتى. سىزنى نېمە دەپ تەقسىم قىلمىدى؟

— مېنىمۇ مۇشۇ شەھەرگە تەقسىم قىلغان، لېكىن دوختۇرخانىلاردىن ماڭا ئورۇن چىقمىدى.

قارىغاندا نۇرىماننىڭ تەقدىرى كىرەمنىڭمۇ دىققىتىنى تارتقان ئوخشايدۇ:

— مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— سۆزلەشتىم، بەزىلەرنىڭ ئالدىغا ھەتتا بىر نەچچە قېتىم باردىم. ۋەدە بېرىشتى-يۇ، لېكىن نەتىجىسى كۆرۈلمىدى. كېيىن بارمايلا قويدۇم.

ئارىنى بىر پەس سۈكۈت باستى.

— ۋاقىتنچە بولسىمۇ باشقا ۋىلايەتلەرگە بېرىپ تۇرسىڭىز بوپتىكەن، — يەنە جىملىقنى بۇزدى ئەسقەر، — كېيىنچەرەك يۆتكىلىۋالاردىڭىز.

نۇرىمان بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى.

— شۇنداق قىلسامغۇ بولاتتى. بىراق دادام مەن تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقان چاغدىلا ئۆلۈپ كەتكەن. ئىككى بالىنىڭ چوڭى مەن. ئاپاممۇ كېسەلچان بولۇپ قالدى. ئۇنى توققۇز ياشلىق ئىنىم بىلەن تاشلاپ قويالمىدىم.

— ئاپىڭىز خىزمەت قىلامدۇ؟

—H ئىدارىدە تازىلىق ئىشچىسى.

ئەھۋال ئايان بولدى. بىچارە نۇرىمان تۆۋەن قاتلامغا مەنسۇپ ئائىلىدە ئېچىلغان گۈل ئىكەن.

— سىلەرگە بايا كۆپ ئوقۇغاننىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق، مۇھىمى جەمئىيەتتە كۈچلۈك قوللىغۇچىڭىزنىڭ بار-يوقلۇقى، دەپ ئېيتتىمغۇ، — دولقۇن تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ گەپ باشلىدى، — قاراڭلار، بۇ خانقىز ئون نەچچە يىل ئوقۇپ، ئاخىرى يەنىلا كۈتكۈچى بولۇپ قاپتۇ...

— ياق، مەسىلە ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوقلۇقىدا ئەمەس! — دەررۇ ئۇنىڭغا قارشى چىقتى ئەسقەر.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە مۇنازىرە باشلىنىپ كەتتى. كىرەم بولسا بايىقىدەك گاھ ئۇنى، گاھ بۇنى قوللاپ ئولتۇردى. مەن ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسىگە ئارىلاشماي نۇرىماندىن سورىدىم:

— بۇ يەردە ئىشلەۋېرىشنى ئويلامسىز ياكى ئۆز كەسپىڭىزنى قىلغۇڭىز بارمۇ؟

— دوختۇر بولۇش بالىلىق چېغىمدىلا كۆڭلۈمگە ئورناشقان ئارزۇ، — دېدى نۇرىمان پەرىشانلىق بىلەن، — مۇشۇ كۈنلەردە كېچىلىرىمۇ ئۆزۈمنى دوختۇر بولۇپ چۈشەيمەن.

ئەمدى گەپ قىلمىدىم. ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈمدە بىر قارارغا كېلىپ قويدۇم: نۇرىمان چوقۇم بۇ ئارزۇسىغا يېتىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەملىشىمەن. باشلىقلارنىڭ، ھەتتا چوڭ باشلىقلارنىڭ ئالدىغىچە بارىمەن، ئۇنىڭدىنمۇ نەتىجە چىقمىسا خەلقنىڭ مەتبۇئاتىغا مۇراجىئەت قىلىمەن!

— بولدى، بولدى. ئەمدى سەن بىردەم جىم ئولتۇر، نىزام بىلەن قىلىشىدىغان مۇھىم گېپىم بار! — دولقۇننىڭ ئۈنلۈك ئاۋازى يەنە خىيالىمنى بۆلدى.

قارىغاندا بۇ قېتىمقى مۇنازىرىدە ئەسقەر ئۇتۇپ چىققان ئوخشايدۇ، مەغرۇرلانغان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپتۇ.

— ئاداش، سەن بىلەن قىلىشىدىغان مۇھىم بىر مەسلىھەت بار ئىدى، — دېدى دولقۇن ماڭا بىر تال تاماكا ئۇزىتىۋېتىپ، — گېزىتلەرگە قارىسام، بىزنىڭكىگە ئوخشاش شىركەتلەرنى تونۇشتۇرىدىغان ماقالىلەر پات-پات بېسىلىپ تۇرىدىكەن. سېنىڭ گېزىتىڭدە بىزنىڭ شىركەت توغرۇلۇقمۇ بىرەر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنسىكەن، دەپ ئويلاپ قالدۇق. ئەڭ ياخشىسى، ماقالىنى ئۆزۈڭ يازساڭ...

— ھە، ئەمدى گېزىتكە چىققۇڭ كەپ قاپتۇ-دە، — ھەجىيىپ تۇرۇپ سۆز قىستۇردى ئەسقەر.

— سەن بىردەم قوشۇق سالماي تۇرغىنا! — دولقۇن ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلەن قاراپ قويدى.

— نېمە بوپتۇ، باشقىلار ھەققىدىمۇ يېزىشىۋاتىدىغۇ، — دېدى كېرەم ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالغاندەك بولۇپ.

بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقنىڭ يەنە بىر مۇددىئاسى ئاشكارىلاندى. باياتىن بېرى دولقۇننىڭ نېمە ئۈچۈن ماڭا بەكرەك ئىلتىپات كۆرسەتكەنلىكىنى مانا ئەمدىلا چۈشەندىم. ئەسلىدە ئۇ مەندە ياخشى تەسىرات پەيدا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىكەن-دە، لېكىن پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى خاتا دېگىلى بولمايتتى.

— ئورۇنلۇق مەسلىھەتكەن، — دېدىم مېيىغىمدا كۈلۈپ، — لېكىن ئالدى بىلەن شىركىتىڭلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

— يېزىشقا تېگىشلىك ئىشلار سامانىدەك تولا دېگىنە بىزدە.

— راست، سەن دېگەنىدەك بولسا، ماقالە ئوبيوشتۇرساق بولىدۇ. لېكىن ھازىرلا چوقۇم شۇنداق قىلايلى دەپ ۋەدە بېرەلمەيمەن. باشلىقلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي.

— سېنىمۇ ئوبدان رازى قىلىمىز ئاداش، — دولقۇن تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى، — ئەڭ ياخشىسى نېملەرنى يېزىش ھەققىدە ئەتە-ئۆگۈننىڭ ئىچىدە سۆزلەشسەك ئوبدان بولاتتى. نېمىشقا دېسەڭ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن چەت ئەلگە مېڭىپ كېتىمەن.

ئۇنىڭ مەقسىتى تولۇق ئايان بولدى: مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق مەتبۇئاتتا ماختانماقچى، يەنە كېلىپ شىركىتى ئەمەس، ئۆزى! ياق، ئالدىمدا ئولتۇرغان بۇ ساۋاقدىشىم ھەرگىزمۇ ئەينى يىللاردىكى ئانقىپى قۇلاق كەستىگە ئوخشىمايدىكەن. ۋاقىتنىڭ ھىيلە-مىكىر بىلەن يۇغۇرۇلغان سىرلىق ھۆججەتلىرى ئۇنى خېلى مۇللا قىلىپ يېتىشتۈرۈپتۇ.

ئۇنىڭغا قاتتىقراق بىر گەپ قىلغۇم كەلدى-يۇ، ئويلىنىپ كۆرۈپ يەنە ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. خەقنىڭ ئاش-تۇزىنى يەپتىمەن، داستىخان ئۈستىدىلا سەن-پەن دېيىشسەم ياخشى بولمىغۇدەك. بىراق ئۇنىڭ ساختا شان-شەرەپكە ئېرىشىشى ئۈچۈن شوتا بولۇپ بەرگۈممۇ يوق. شۇڭا ئەمدى تەلەپپۇزۇمدىكى بىزارلىق ۋە سوغۇقلۇقنى يوشۇرۇپ قالالمىدىم:

— مېنى رازى قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. مۇھىمى مۇشتىرىلار رازى بولۇشى كېرەك.

دولقۇن كەيپىياتىمدىكى ئۆزگىرىشنى سەزمىدىمۇ ياكى سەزسىمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشتىمۇ، ئەيتاۋۇر تېزلا ئىپادە بىلدۈرۈۋەتتى:

— رازى بولىدۇ، نېمىشقا رازى بولمايدىكەن! ئىسلاھات دولقۇنىدا غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈۋاتقان تۇرساق!

ھەي... ئۇنىڭدىن ئۇخلايلىقچە قۇتۇلغىلى بولمىغۇدەك. بايا ئۇنىڭ مېھمان قىلىمەن دېگەن تەكلىپىنى نېمىشقا چىڭ تۇرۇپ رەت قىلمىغان بولغىيدىم؟

— تەكلىپىڭىنى باش مۇھەررىرگە يەتكۈزەي، — دېدىم ئاخىرى بۇ بىمەنە سۆھبەتنى تېزرەك ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، — بىراق ماقالىنى مېنىڭ يېزىشىم ناتايىن...

— نېمىشقا؟ — سۆزۈمنى بۆلدى دولقۇن.

— چۈنكى ئۇ مۇخبىرلارنىڭ ئىشى، مەن بولسام مۇھەررىر.

دولقۇن ماڭا بىر پەس ئۈنسىز تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن چىرايى تۇرۇلگەن پېتى تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ئارقا-ئارقىدىن ئىككى-ئۈچنى شورىۋەتتى-دە، بۈگۈن مۇشۇ يەردە ئولتۇرغاندىن بۇيان ماڭا تۇنجى قېتىم تەنە قىلدى:

— چۈشەندىم. مېنىڭ توغرامدا گېزىتىڭگە بىرەر نەرسە يېزىشنى خالىمايدىكەن-سەن. شۇنچە قىلغان مېھماندارچىلىقىمنىڭمۇ قىلچە يۈزى بولماپتۇ. خەير، بوپتۇ. سەنسىزمۇ بىر ئىش قىلالارمىز.

— دولقۇن، — دېدىم ئۇنىڭغا تەنە ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ، — مېھمان قىلغىنىڭ ئۈچۈن رەھمەت. لېكىن بىزدە ئېلىپ-بەر، دېگەن گەپ بار، ساڭا قۇرۇق رەھمەت ئېيتساممۇ بولماس. ئەتە كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە مۇشۇ يەردە يەنە بىر قېتىم جەم بولايلى. مەن سىلەرنى مېھمان قىلىمەن.

بۇ تەكلىپىم ھەدېگەندىلا ئۈچەيلەننى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى. ئۇلار ئاۋۋال ماڭا، كېيىن بىر-بىرىگە قاراشتى. ئاندىن نېمىلەرنىدۇ دېيىشكىلى تۇردى.

— سىلەر يەنە ئولتۇرىمىز دېسەڭلار مەيلى. ئەمدى ماڭا رۇخسەت قىلىڭلار، — مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ئەسقەر بىلەن كېرەممۇ ئورنىدىن تۇرۇشتى. دولقۇن بولسا باتنىغان قىياپەتتە ئولتۇرۇۋەردى.

— ئالدىرىما ئىنىم، — دېدى ئەسقەر مېنى يەنە ئولتۇرۇشقا ئۈندەپ، — بايىقى تەكلىپىڭنى ئوبدانراق ئويلىشىپ كۆرەيلى

— گېپىم-گەپ، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن! — ئاندىن نۇرىمانغا بۇرۇلدۇم ۋە قەتئىي ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم، — سىڭلىم ئۈمىدۋار بولۇڭ، ئارزۇيۇڭىزغا چوقۇم يېتىسىز!

نۇرىمان مېنى چوڭقۇر مىننەتدارلىق ئىلكىدە ئۇزىتىپ قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

مۇستاپا مۇھەممەت

# نەسرلەر

## سۆيگۈ

نەۋرەم قۇلىقىمغا ۋارقىراپ سۆزلەيدۇ، ئاران ئاڭلايمەن. قۇياش ۋاللىداپ نۇر چاچىدۇ، ئاران كۆرىمەن، پۇتلىرىم پالەچتەك سۇرۇلىدۇ، ئاران يۇرىمەن، ياستۇققا باش قويىمەن، ئۇيقۇم كەلمەيدۇ. بۇ كۈنلەردە مەن ئۈچۈن تۈنمۇ تۈن، كۈنمۇ تۈن، بىراق...

يۈزلىرى زەپىراندەك سارغايغان، قەددى تالدەك ئىگىلگەن، كۆزىنىڭ نۇرى خىرەلەشكەن، قەدىمى قىسقارغان، قۇلاقلىرى پاڭقاي بولغان مېھرلىك مەھبۇبەم قەلب ئاسمىنىمدا تولۇن ئايدەك، كۆكۈل گۈلزارىمدا جۇلالاپ ئېچىلغان ئەتىرگۈلدەك، سوۋىغان باغرىمغا گۈلخاندەك، ۋۇجۇدۇمغا دەرماندەك، ئارمانلىرىمغا غەمخان ۋە شاپائەت كەنئانىسىدۇر.

شۇڭا، يۈرىكىم يايراپ، تىنىقلىرىم باھارنىڭ خۇش بۇي ھىدىدىن ھۇزۇر ئالىدۇ، مېھرىم دەرياسى ئېگىز تاغ چوققىلىرىنى ئەگىپ ئۆتۈپ، شاۋقۇنلۇق دولقۇنلىرى بىلەن ئۆركەش ياساپ، مەھبۇبەمنىڭ بىپايان ئېكىنزارلىقىغا قۇيۇلىدۇ.

ئېكىنزارلاردا كۆرىمەن، بۇ يەردىكى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان گۈللەر بەرگىدە سۆيگۈنىڭ ساماۋى تامچىسى ئاپئاق مەرۋايىت كەبى يالتىراپ تۇرغان، ياپېشىل يوپۇرماقلار تېنىدە ئۇزاق ھاياتلىقىمىزدا يۈرەكلەرگە سىڭىپ قالغان رەڭلەرنىڭ سىماسى جىلۋىلىنىپ تۇرغان، مېھرلىك قۇياش نۇرى گۈللەر بەرگىدە، يوپۇرماقلاردا زەرلىك لىباس سىياقىدا ھاسىل بولۇپ كۆز قاماشتۇرۇپ تۇرغان. مانا ئۇلار ھاياتلىقىمىزنىڭ روشەن سىماسى.

ھاياتلىق — تەرىپلەپ بولغۇسىز لاتاپەت، سىرلىرىغا يېتىپ بولمىغىدەك سۆيگۈ، مۇھەببەت.

ئۇزاق ھاياتلىق سەپىرىدە مەن مەھبۇبەمگە، ئۇ ماڭا ئىجىل بولۇپ ياشىدۇق. ئىككىمىز ھاياتلىق سەپىرىدە ھالاۋەت ئاپقۇرىنىڭ ئىككى يېنىدا بەھۇزۇر غىزالاندۇق. كۈلپەت ئوچاقلىرىدا تەڭ كۆيۈپ، جىسمىمىزدىن ئىمارەت، مېھرىمىزدىن باغ ياساپ، پەرزەنتلەر سەپىرىگە تۆگە، جىلغىلارغا كۆۋرۈك بولۇپ بەردۇق. ياشلىقىمىز ئۇلاردا قالدى. بىز تەبىئەتتىن يېگى ئىنئام ئالدۇق...

بەللىرىم سىرقىراپ، دېمىم سىقىلىپ، بىئارامىلىق ھېس قىلىشقا باشلىدىم. مەھبۇبەم

مگىبر غەيرەت بىلەن ياستۇق تۈۋىگە كىلىپ يەلپۈشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئىللىق مىھرىنى سەيىر ئەتكەچ، ئۇنىڭ يېقىملىق جامالىغا تەلپۈندىم:

ئۇن سەككىز ياشلىق نازىنىن قىز—بۇلاقتەك بىر جۈپ كۆز، ھىلىلدەك سوزۇك لەۋ، شەپەقتەك يۈز، سەرۋىدەك قامەت، باھار شامالىرىدەك ئىللىقلىق، ئاتەشتەك ھارارەت، ئاپئاپئەك يېقىملىق سۆيگۈ.

## باھار تۈيغۇسى

كائىنات رەڭدار لىباسلارغا ئۇرنىپ، چېچەكلەرنىڭ خۇش بۇي ھىدى دىماغلارغا ئۇرىلىدىغان، نەغمىچى قۇشلار شاخلار ئۈستىدە سەكرەشكىنىچە چۇرۇلشىپ سايرىشىپ، ئېتىزلىرىنى ئۇسا قىلىشنى باشلىغان دېھقانلارغا جۆر بولۇۋاتقان، ئېرىقلاردا ئەگىز سۇلار قىرغاقلاردىكى ئەمدىلا ئۈچ تارتىپ چىقىشقا باشلىغان قىياقلارنىڭ بەرگىنى ھارارەتلىك لەۋلىرى بىلەن سۆيۈپ ئۆتۈشكە باشلىغان، دىللاردا ئۆزگىچە سۆيگۈ ھېسلىرى ئويغىنىپ زىمىستان سوغۇقتىن ئۆيلەرگە بەنت بولۇپ قالغان جانلار كائىناتقا، يېڭى كىلىنچەكتەك يېتىراقاش ئىچىدە نازلىق تولغىنىۋاتقان تەبىئەتكە تەلپۈنۈشكە باشلىغان چاغ — باھار.

بىراق، ھىجرانلىق كۆكۈل سەتھىگە ۋىسال تامچىسى ھەدىيە قىلغۇچى — نازاكەتلىك باھار پەسلى كائىنات ئانىنىڭ تولغاقسىز تۇغۇلدىغان زىبالىق قىزى ئەمەس.

باھار — قۇياش ئاتلىق پىداكارنىڭ ھارارەتلىك نۇر زۇلپىقارى بىلەن زىمىستان سوغۇقنىڭ توسۇن ئېتىنىڭ ئۈچقۇر قاناتلىرىنى پارە-پارە قىلىپ، زېمىنغا رودىپايدەك چاپلاشقان سوغۇق گەۋدىسىنى تېرى-پىرەن قىلىپ، ئېرىتىپ، زېمىننى مېھرلىك سۆيگۈسى بىلەن مەھكەم باغاش ئەتكەندىن كېيىن، دەھشەتلىك بورانلارنىڭ چوققىلارنى تەۋرىتىپ، گىياھلارنىڭ بىلىنى ئېگىپ، بىپايان ئاسماندا يولۋاستەك قۇترىغان بۇلۇتلارنى قوغلاپ سۇرۇپ، قۇياشنىڭ سۆيگۈدىن سوزۇلگەن. شىپالىق نۇرىنى زېمىن ئانىنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان ماڭلايلىرىغا تەقدىم قىلىندىغان پىداكارانە ئەمگەكلىرىدىن كېيىن، ۋاقىت ئىلاھى كونا يىلنى ھىجران قەترىسىدىن ھاسىل بولغان ئارمان شارابلىرى بىلەن ئۇزىتىپ، يېڭى بىر يىلنى غايىۋى ئارزۇلاردىن ھاسىل بولغان گۈلگۈن شارابلار بىلەن قۇتلۇقلاپ، غەيرەت ۋە ئۈمىد قولۋاقلىرىنىڭ ھاياتلىق دولقۇنلىرىدا ئۈركەشلىشگە، ھايات سۆيگۈسى ئىچىدە ئىلگىرىلىشگە جۆر بولىۋاتقان، تەبىئەت ۋە زېمىنىنىڭ ئاشىقى — دېھقانلار، تۈن ئۇيقۇسىدا شېرىن چۈشلىرىنى كۆرۈۋېتىپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ، بىپايان ئېتىزلىقتا ئالماستەك يالتىراپ ياتقان ئاخىرقى قارلارنى ئېغىر دەسسەپ، چېھرىدە قۇياشنىڭ ياقۇت رەڭ رۇخسارى جىلۋىلەنگەندىن كېيىن، نازلىق باھارنىڭ شېرىن ۋىسال چەشمىسى يۈرەك دىۋارلىرىغا سىپىلىپ، ۋۇجۇدىدا سۆيگۈنىڭ نازۇك پەدىلىرى رىتىملىق ئالمىشىپ، ياڭراق كۈي ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، بىپايان داللاردىكى نوتا سۇمبۇللار لېۋىگە سۇ يۈگرەپ، يېشىللىق رەناسىدىن ھامىلدار بولۇپ، قاتتىق تەۋرىگەنلىرىدىن كېيىن كىلىدىغان نازلىق جانان!

مەسئۇل مۇھەررىر **كامىل تۇرسۇن**



# مەسەل، يۇمۇر، ساتىرا

م. سادايى

## كەمتۈك سۆرەتلەر

### دېڭىزنىڭ ئەسكەرتىشى

خەق ماختىنار، سۈنىڭ ئۈستىدە
ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىسى بىلەن.
كۆتۈرۈپلا تۇرمىسام ئامان
ئۈزىدىكىن نېمىسى بىلەن؟!

غەزەپلەنسەم ھەممىسنى تەڭ
كۆمتۈرۈمەن، يۇتۇۋېتىمەن.
بىراق مېنىڭ كۆكسى-قارنىم كەڭ،
ئەپۇچانمەن، تىنچ ئۆتىمەن.

### ئاينىڭ كۆرەڭلىشى

كۆرەڭلىدى ئاي: مەن ئەجەب نۇرلۇق دەپ،
نۇرۇم بىلەن يەرۇ-ئاسمان يورۇق دەپ.

تاڭ سوزۇلدى شەرق ئاستا ئاقىرىپ،
غۇۋالاشتى ئاينىڭ رەڭگى تاتىرىپ.

ئىڭرىدى ئاي: مەن نۇرلانسام شۇ تاپتا،
كۈن قارىداپ، قالمايتتىڭلار ئاپتاپتا.

ئىچمدىكى نۇر-ئاتەشنى چىقارماي،
دەم ئالايچۇ، ئەمدى ئازراق دەم ئالاي...

### قۇيرۇق

سالپىيىپ تۇراتتى ئاتنىڭ قۇيرىقى
لاي-سامان چاپلاشقان چىگىش تورۇقى.

قوشقاچنىڭ تۇمشۇقى ئۇنى چوقۇدى،
نېمانچە مسكىنسەن دېدى، نوقىدى.

قۇيرۇقنىڭ قىللىرى ئاستا مىدىرلاپ،
خۇشالمەن دەپ سۆزلەپ كەتتى كىتىرلاپ:

— بىلەمسەن، مەن قايناق بازارغا چىقتىم،
ئورمانزار-يايلاقتا شىكارغا چىقتىم.

بەيگىدە داڭلاندى تېخى ئېگەم ئات،
سەندە يوق ئۇ شۆھرەت، شۇڭا كۆڭلۈم شاد.

— ئۇ يەردە دەپ يەنە سۆز ئالدى تۇمشۇق، —
سەن قايسى ئىشلاردا قازاندىڭ ئۇتۇق.

— مەن قۇيرۇق، ئېگەمنىڭ كەينىدە بىللە،
تۇرىمەن سۆرىلىپ، ئاشىمەن پەللە.

خىزمىتىم سۆڭگەچكە قونسا چاڭ، چىۋىن،
ئۈركىتىش، پاكىزلاش، ئەمەس بۇ قىيىن.

ئىشىمغا مۇناسىپ «قۇيرۇق» ئاتىقىم،
باشقا نام باب كەلمەس پېقىرغا بەلكىم...

### ئەيىب

ئېگىسىنى دەپ شام
كۆيۈپتۇ ھەر ئاخشام.

سۇنۇق كۆزنەكتىن
ئۆرۈۋېتكەن شامال.
بولمىغاچقا ئامال
شام ئۆچۈپتۇ دەرھال.

ئىگىسى شامالغا
قىلماي ھېچ سەۋەب.
كايىپتۇ: يارىماس
كاساپەت شام، دەپ.

## ئۆكۈزنىڭ پۇشايمىنى

مايىل بولۇپ سۇخەنچىلەر سۆزىگە،
مېنى پاشا ئىلمىدى دەپ كۆزىگە.

پېشانەمگە قونغىنىدا شۇ بىزەڭ،
غەزەپلىنىپ جاكار قىلىپ كاتتا جەڭ.

نىقتىماق بوپ چوڭ دەرەخكە باش بىلەن،
ئۈسكەن ئىدىم تولدى كۆزۈم ياش بىلەن.

چوقاتماقتا ئۆرۈلۈپ ساق مۈڭگۈزۈم،
سۇنۇپ كەتتى، ئەمدى چولاق مۈڭگۈزۈم.

بىراق پاشا ئۇچۇپ كەتتى غىڭ قىلىپ،
شادلىقىنى بۇ ئالەمگە چىڭ قىلىپ.

## قۇرت ۋە ئالما

كىچىككىنە لىچىنكا قۇرت
ئۆملەپ تۇرۇپ،

شامالدا ئۆزىدىن ئۆيدى،
چېچىكى چۈشمىگەن ئالمىنى سۆيدى.

دېدى: ئۈستۈڭدىن چاڭنى سۈپۈرۈپ،
زىيانداشلارنى قوغلىدىم سۈرۈپ.

ئالما ئويلىدى:
ئادىشىم ئوماقكەن،
كۆڭلىمۇ ئاقكەن...

ئىككىسى ئوبدان مۇڭداشتى،
چىڭ قۇچاقلاشتى.

بىر چاغدا ئالمىنىڭ بىر يېرى ئاغرىپ،
يىگىلەپ تاتىرىپ.

تولغىنىپ ساغرىپ،
نىدا قىلدى ئادىشىنى چاقىرىپ:

ھەي كۆيۈمچان ئاداش،
كېسەل ئازابىغا تەس بولدى چىداش.

دوست بولساڭ قېنى،
قۇتقۇزغىن مېنى؟!

قۇرت ئالمىنىڭ ئىچىدىن يېدى،
ئاغرىقنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ ئىدى.

## ئىتنىڭ ئەندىشىسى

ئاشقانىنى بەپ، سۆڭەك غاجاپ ئوبدان تويىمەن،
كارۋان ئۆتسە ئۆچۈم باردەك قاۋاپ قويىمەن.
قاۋىماي جىم ياتاي دېسەم ئەشۇ ئىگەمنىڭ
يارىماس دەپ قوغلىشىدىن بەكمۇ ئۆيىمەن.

## ئوچاقنىڭ ئىقرارى

ھېچ قايسىنى سۆيمەيمەن،
سۆيدۈرىمەن باشقىنى.
ئۆزۈم ئەسلى كۆيمەيمەن،
كۆيدۈرىمەن باشقىنى.
كۆل بولدۇ، پەقەت كۆل،
كۆيۈپ-كۆيۈپ ئاشقىنى.

ۋەلى كېرىم

# باشلامچىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى

«جەمجەت جۇڭغارىيە» ئاتاقلىق يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ يېڭى رومانى، شۇنداقلا يازغۇچىنىڭ شىنجاڭ نېفىتچىلىكىنىڭ شانلىق تارىخى ۋە ھەر مىللەت نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ جەڭگىۋار، قايناق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەڭ يىرىك ئەسىرىدۇر. يازغۇچىنىڭ بۇ ئەسىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان سانائەت-كارخانا ئەدەبىياتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى؛ يازغۇچى قەلىمىنىڭ ئۇسلۇب، قۇرۇلما، بەدىئىيلىك جەھەتلەردە يېتىلگەنلىكىنى نامايەن قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ساقلىقنى ساقلاش، مائارىپ، سودا-سېتىق ساھەلىرىدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجىلەرگە بېغىشلاپ يېزىلغان، سوتسىيالىزم كىشىلىرىنىڭ ئارزۇ، غايە، تۇرمۇش قارىشى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇردى. لېكىن سانائەت سېپىدە جاپالىق ئىشلەپ، بارلىقىنى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا بېغىشلاپ تەر تۆكۈۋاتقان ئىشچى قېرىنداشلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز ئىجاد قىلىندى، بۇ تېمىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر يوق دېيەرلىك بولدى.

قەييۇم تۇردى ئۇيغۇر سانائەت - كارخانا ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىپ، ئۇنۇملۇك ئىشلەپ كېلىۋاتقان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ يېقىنقى ئون نەچچە يىل مابەينىدە قاراماي، مايتاغ كان رايونىدىكى ئىشچىلار ئارىسىدا تىرىشىپ تۇرمۇش ئۆگىنىپ، بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى ياراتتى. يازغۇچى «بوغدا ئاتا» ناملىق پوۋېستىدا شىنجاڭ نېفىتچىلىكىنىڭ ئاتىسى — سېلىم بوۋاي ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىپ چىقتى؛ ئۆزىنىڭ بۇۋاستە تەسىراتى نەتىجىسىدە «ئىنژېنېر ئەلىنىڭ ھېكايىسى» ناملىق پوۋېستىنى يېزىپ چىقىپ، نېفىتلىككە بارلىقىنى بېغىشلىغان نېفىت ئىنژېنېرى ئەلىنىڭ روھىي دۇنياسىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. يۇقىرىقى ئەسەرلەر يازغۇچىنىڭ سانائەت تېمىسىغا بېغىشلانغان دەسلەپكى ئىجادىي مېۋىلىرى ئىدى. ئۇ ئون يىل ئىزدىنىش، تۇرمۇش ئۆگىنىش، نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىڭىپ كىرىش نەتىجىسىدە سانائەت تېمىسىغا بېغىشلانغان يىرىك ئەسەر — «جەمجەت جۇڭغارىيە» تىرىلوگىيىسىنى يازدى.

تىرىلوگىيىنىڭ بىرىنچى تومى — «قامەتلىك گىلتاغ»دا شىنجاڭ نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ 1936-يىلدىن 1945-يىلغىچە بولغان 10 يىللىق تارىخىي مۇساپىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ھازىرقى زامان نېفىتچىلىكى — شىنجاڭ تارىخىدىكى زور يېڭى ۋەقە. شىنجاڭدا ئۇيغۇر

قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرى نېفىت ساھەسىگە بىرقەدەر مەركەزلەشكەن. شىنجاڭ نېفىتچىلىكى قاراماي، مايتاغنى نېچىشنى مەركەز قىلغان. ئۇ يەردە بىر ئەۋلاد ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنى يېتىشىپ چىققان. يازغۇچى بۇ ئەسىردە كونا جەمئىيەتتە ئىت-ئېشەك ئورنىدا خورلانغان ھەر مىللەت ئىشچىلىرىنىڭ ئوبرازىنى تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن ھالدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. يازغۇچى شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى تارىخىي ۋەزىيەت بىلەن پىششىق تونۇشقان، ياراتقان ئوبرازلىرى ۋە پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتى، ئۈمىد، ئارزۇسى تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلىنغان ئاساستا تەسۋىرلەنگەن. ئەينى دەۋردە شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئەھۋالى قانداق ئىكەنلىكى؛ جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا تولغىنىۋاتقان مىللەتنى قۇتقۇزۇشنى كۆزلىگەن ئىلغار زىيالىيلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىش-پائالىيەتلىرى ۋە چىدىغۇسىز زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە ئىڭراۋاتقان جاپاكەش خەلقنىڭ مۇڭ-زارى؛ ئازادلىققا، ئەركىنلىككە تەشنا قەلبى، قىسقىسى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئەھۋالى جانلىق يارىتىلغان تىپىك ئوبرازلار ئارقىلىق روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

رومانىنىڭ ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، قۇرۇلمىسى پۇختا بولۇپ، يازغۇچى تەرتىپلىك بايان ۋە قىستۇرما بايان شەكلىنى تەڭ قوللىنىپ، خىلمۇ خىل سەرگۈزەشتە، ئۆزگىچە مىجەز-خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازىنى كىتابخانلار كۆز ئالدىدا خۇددى تىرىك ئادەملەردەك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

— مەشرەپ — رومانىنىڭ باش قەھرىمانى، رومانىنىڭ مۇرەككەپ سيۇژىتى مەشرەپنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى، سەرگۈزەشتىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايىدۇ. مەشرەپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چەت بىر يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن نامرات ئىجارىكەش دېھقان ھاشىم بوۋاينىڭ ئوغلى. يۇرت چوڭى ئىمىن بەگ ئۇلارنىڭ تۆت مو يېرىنى ئاچكۆزلەرچە يۇتۇۋالىدۇ ۋە مەشرەپنىڭ سىڭلىسى نۇرسىمانىنى تۇيۇقسىز بۇلاپ كېتىدۇ. شۇڭا ھاشىم بوۋاي ئايالى رابىخان، ئوغلى مەشرەپنى كەينىگە سېلىپ، ئادالەت ئىزدەپ ئىمىن بەگ ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ. ئاخىرىدا مىگبېر جاپالار بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ ۋە شېڭ دۇبەنگە ئەرز سۇنماقچى بولغاندا، قاتتىق تاياققا قالىدۇ. ھاشىم بوۋاي تاياق زەربىسىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. مەشرەپ ئاتا-ئانىسى ۋە سۆيۈملۈك سىڭلىسىدىن ئايرىلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ سوغۇق ھۇۋلىغان كوچىلىرىدا يېتىم قالىدۇ. مەشرەپنىڭ ۋۇجۇدىدا قانخور ھۆكۈمرانلاردىن ئۆچ ئېلىشتىن ئىبارەت پۈتمەس-تۈگىمەس غەزەپ ئوتى يالقۇنجاپ تۇرىدۇ. ئۇ راشىدىن ئەپەندىنىڭ ئاتىلارچە يار-يۆلەكتە بولۇشى بىلەن ھۆكۈمرانلارنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇشقا باشلايدۇ. يازغۇچى مەشرەپ ئوبرازىنى يارىتىشتا ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن ئۆسمۈر بالىنىڭ ساددا خىياللار بىلەن تولغان، ھەممە نەرسىگە ھەيران قالىدىغان بالىلارچە روھىي دۇنياسىنى بالىلارغا خاس ئاددىي، چۈشىنىشلىك تىل ئارقىلىق ئەپچىللىك بىلەن ئېچىپ بېرىدۇ.

مەشرەپ باشقىلارنىڭ دەۋىتى ۋە سىڭلىسىنى ئىزدەش سەۋەبى بىلەن ئەمەت، مەھەممەتجانلارغا ھەمراھ بولۇپ، مايتاغ نېفىتلىكىگە كېلىپ ئىشچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ جايدىكى ئۆتكۈر سىنىپىي زىددىيەت، جاپاكەش ئىشچىلارنىڭ ئېگىلمەس-سۇنماس

روھى ۋە بېشىدىن ئۆتكەن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلار مەشرەپنى تەربىيىلەيدۇ. چىدامىلىق، غەيرەتلىك قىلىپ تاۋلايدۇ. مەشرەپ ئاخىرى سوپاخۇن لىيەنجاڭنىڭ قىسمىغا ئەگىشىپ، ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا قوشۇلۇپ، مىللىي ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلىدۇ. يازغۇچى مەشرەپ ئوبرازىنى يارىتىشتا ئۇنىڭ چەت بىر يېزىدا تۇغۇلۇپ نامراتلىقتا ئۆسكەنلىكى، يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قاتمۇ قات زۇلۇمى ئاستىدا ئېيتقۇسىز زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، ساددا، ھۆكۈمرانلارغا قەھرى-غەزىپى كۈچلۈك، مىللىي ئازادلىققا، ئەركىنلىككە تەشنا خاراكتېرىنى، ئۆزگىچە خاس روھىي دۇنياسىنى، ئالىيجاناپ ئەخلاقىي-پەزىلىتىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. يازغۇچى مەشرەپ خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى مۇناسىپ بەدىئىي مۇھىت بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھەر تەرەپلىمە قېزىپ، مەشرەپ ئوبرازى ئارقىلىق كىتابخانلار قەلبىدە زىلزىلە پەيدا قىلغان.

راشىدىن ئەپەندى بىلەن سابىروۋ ئەينى دەۋردىكى قىيىن شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن زىيالىيلىرىمىزنىڭ تىپىك ئوبرازى، راشىدىن ئەپەندى ئاق كۆڭۈل، مىللەت ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان، ئاجىزلارغا ياردەم قولىنى ئايىماي سوزىدىغان ئېسىل ئادەم. ئۇ دائىم ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، سىياسىي ۋەزىيەت، جەمئىيەت ئەھۋالى توغرىلىق پىكىر يۈرگۈزىدۇ، مىللەتنى، ۋەتەننى زۇلمەت قوينىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزمەي كۆرەش قىلىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىدا ئەمگەكچى خەلققە نىسبەتەن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن سالماقلىق، پەسكەش ھۆكۈمرانلارغا نىسبەتەن يۈتمەس-تۈگمەس غەزەپ ئوتى يالقۇنجاپ تۇرىدۇ.

سابىروۋ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن زىيالىي، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋەتەن تۇپرىقىدا زامانىۋى سانائەت بازىلىرىنى قۇرۇپ، ۋەتەننى، خەلقنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت بىر ئوت يالقۇنجايدۇ. ئۇ مەخپىي ھالدا ئىنقىلابىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ھەتتا ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىدىن يانمايدۇ.

يازغۇچى راشىدىن ئەپەندى، سابىروۋ ئوبرازلىرىنى يارىتىشتا ئۇلارنىڭ سىرتقى قىياپىتى، گەپ-سۆزلىرى زىيالىيلارغا خاس بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلارنىڭ بىر قاتار تەسىرلىك كەچۈرمىشلىرىنى، ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەسۋىرلەپ، ئۇلارنى خۇددى كۆز ئالدىمىزدا ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

نامان تايغان ئوبرازى بۇ رومانىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. بۇ پېرسوناژنىڭ تەن قۇرۇلۇشىنىڭ يوغان، بەرجەس بولۇشى كىتابخانلارنى ھەيران قىلسا، ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئېيتقان ئاجايىپ دانا سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكىتى كىشى قەلبىدە سۆيۈنۈش پەيدا قىلىدۇ. ئۇ باشقىلارغا يېلىنماسلىق، قاتتىق-قۇرۇق تەنە ئاڭلىماسلىق مەقسىتىدە نېفىت ئىشچىسى بولۇپ تىرىشىپ ئىشلەيدۇ ۋە نۇرغۇن ئىشچىلارغا يار-يۆلەك، ھەمدەمدە بولىدۇ. يامانغا يالۋۇرمايدۇ. ياۋاشنى بوزەك ئەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يۇرتىغا نىسبەتەن كۈچلۈك مۇھەببەت ۋە ئازادلىق، ئەركىنلىككە تەلپۈنۈش روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. يازغۇچى بۇ ئوبراز ئارقىلىق ئىدىيىدە ئازادلىققا

ئېرىشكەن، ھۆكۈمرانلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى كۆرگەن، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن بىر جاپاكەش ئىشچىنىڭ ئازادلىققا بولغان تاقەتسىز خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. يازغۇچى بۇ ئوبرازنىڭ ئەمەلىي پائالىيتى بىلەن باي روھىي دۇنياسىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ئوبرازنىڭ مۇكەممەللىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن يەنە بىر مۇھىم ئوبراز روزى دۇيجاڭدۇر. ئۇمۇ نامان تايغانغا ئوخشاش ئادالەتسىز زامان كاساپىتىدىن قېقىلىپ-سوقۇلۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى نېفىت ئىشچىسى بولۇپ قالغان. لېكىن ئۇنىڭ خاراكتېرىگە قېنى قىزىقلىق، قاراملىق قىلىش بىلەن ئاق كۆڭۈللۈك، ساددىلىق سىڭىپ كەتكەن.

روزى دۇيجاڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىشچىلارنى خورلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، ئۇ ئىشچىلارنى نامايىشقا ئۇيۇشتۇرىدۇ. يازغۇچى روزى دۇيجاڭنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھەرقايسى تەرەپتىن ئەتراپلىق ئېچىپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ ئوبراز ئارقىلىق ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا، ئىنقىلابىيلىققا ئىگە خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

روماندا يەنە ئەمەت، مەھەممەتجان، چىڭ سۇڭ، لىۋباخان قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازىمۇ تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئوبرازلار گەرچە يۇقىرىدا تەھلىل قىلىنغان ئوبرازلاردەك كەڭ ۋە مەركەزلىك تەسۋىرلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئەينى دەۋر ئىجتىمائىيىتىنىڭ مەلۇم تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە، روماننىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ۋە پېرسوناژلارنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئۈنۈملۈك رول ئوينىغان، ئالايلۇق، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەمەت، مەھەممەتجانلارنىڭ تەقدىر-سەرگۈزەشتلىرى مەشرەپنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار مەشرەپ ئوبرازىنىڭ مۇكەممەللىشىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

روماندا ئاز بولمىغان سەلبىي پېرسوناژلار ئوبرازىمۇ يارىتىلغان، بۇ جەھەتتە ئەينى چاغدا قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان جاڭ خەيتىڭ ئوبرازى ئالاھىدە گەۋدىلىك.

جاڭ خەيتىڭ — ئاچكۆز، نەپسانىيەتچى، يېگى پىكىر ئېقىمىغا، ئىلغار زىيالىيلارغا چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرىدىغان، مىللەتلەرنى ئاياغ-ئاستى قىلىپ يەكلەپ، مىللىي زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك نەپ ئالغۇچى ھىيلىگەر، ئىككى قولى نۇرغۇن بىلىملىك زىيالىي، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان قانخور جاللات، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پارازىت ئەمەلدارلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇ ئەمدىلا ئۇسۇپ يېتىلگەن نېفىت مۇتەخەسسىسى سابىروۋنى قەستلىپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگۈزىۋېتىدۇ. ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەۋاتقان كۆپ تىللىق زىيالىي راشىدىن ئەپەندىنىڭ ئەركىن خىزمەت ئىشلىشىگە يول قويمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەر تەرەپتىن پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ. ئۇ گومىنداڭنىڭ قاراملىق بىلەن چوڭ مىللەتچىلىك قىلىدىغان ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋەكىلىدۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ياۋايى ھەم نادان، كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار پەقەت ھۆكۈمەتكە قويدەك ياۋاش بولۇپ ئىتائەت قىلىش كېرەككى، زۇلۇم قانچە ئېغىر بولۇپ كەتسىمۇ قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكى كېرەك! ئۇنىڭ رەزىل قىياپىتىنى تۆۋەندىكى قۇرلاردىن ئېنىق

كۆرۈۋالىمىز :

« ئىنژېنېر ئەپەندى، سىزمۇ قىزىقكەنسىز، ‹ قاراساسلىق › بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغان دېگىنىڭىز نېمىسى؟ خەق ئەخمەق، نادان تۇرسا... ئۇنىڭ ‹ قارا ئالتۇن › غىچىلا ‹ ئامېرىكا دوللىرى › ئىكەنلىكىنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن! »

بۇ قۇرلار ئارقىلىق يازغۇچى جاڭ خەيتىڭ خاراكتېرىدىكى رەزىللىكنى، ئۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى يەكلەيدىغان، پەس كۆرىدىغان قىياپىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىغان.

« — بولدى قويۇڭ، شۇ ئالۋاستى چۆللۈكنى، — دېدى جاڭ خەيتىڭ قانداقتۇر بىزارلىق كەيپىياتى بىلەن قولىنى شىلتىپ، — ئۇ دەشتى-باياۋانغا ئابراكوۇ قىزىقمىسا قىزىقماۋەرسۇن، مەن تېخىمۇ قىزىقمايمەن. لېكىن مېنىڭ بىر نەرسىنى بىلگۈم كېلىدۇ. ئۇ يەرگە ئابراكوۋدىن باشقا ئىنسان قەدەم باسمىغان دېگەن گەپ راستمۇ؟...

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ئېنژېنېر.

— نېمە! ئۇنداق ئەمەس دەمسىز؟ — جاڭ خەيتىڭ قانداقتۇر مەنستمەسلىك بىلەن بويىنىنى قېقىپ تۇرۇپ سورىدى، — ئەمىسە ئۇ يەردە ئادەم بارمۇ؟

— بار، يەنە تېخى ئېپتىدائىي نېفتچى...

— بەللى غەلىتە گەپقۇ بۇ! ئۇ يەردە ئالۋاستىلار نېفتچىلىك قىلامدىكىنا!...»

مانا بۇ دىئالوگلاردا جاڭ خەيتىڭنىڭ ئەخمەق، نەپسانىيەتچى، ئاچكۆز خاراكتېرى ئېچىپ تاشلانغان. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى پەقەت ئەخمەقلىق بىلەن ئېيتىلغان بولۇپ، كۆچلۈك ئىلمىي ۋە ئەمەلىي پاكىتلار ئالدىدىمۇ ئالجىپ يۈرۈيدىغان ئېپلاس ئەمەلدارلارنىڭ سىماسىنى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرىدۇ.

روماندا يەنە نۇرغۇنلىغان سەلبىي پېرسوناژلار ئوبرازى يوشۇرۇن لىنىيە ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئەسەردىكى ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ سۆزلىرىدىلا تىلغا ئېلىنىدۇ. يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە قوللانغان ئاشكارە لىنىيە بىلەن يوشۇرۇن لىنىيە پېرسوناژلارنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بەزىدە بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، بەزىدە ئەسەر سيۇژىتىنىڭ ئەگرى-توقاي راۋاجىدا ئايرىم كۆزگە چېلىقىپ، ئەسەردىكى ئىجابىي، سەلبىي پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

رومانىنىڭ ئۈچىنچى بابى شىنجاڭ نېفتچىلىكىگە يول ئاچقۇچى، يەنى ئېپتىدائىي نېفتچى سېلىم بوۋاينىڭ سەرگۈزەشتىسىگە بېغىشلانغان. خۇددى « يۈسۈپ-زىلەيخا » قىسسىسى ۋە « قىسسەسۇل ئەنبىيا » رومانغا ئوخشاش ئىنتايىن گۈزەل چىققان بۇ باب تىل جەھەتتىن قاتتىق تاۋلانغان، رومانىنىڭ ئەڭ ياخشى، پاساھەتلىك يېزىلغان قىسمى ھېسابلىنىدۇ. سېلىم بوۋاي « قىسسە » سىنى ئوقۇغىنىمىزدا، رومانىنىڭ ئالدىنقى ئىككى بابىدىكى ۋەقەلىكلەر پۈتۈنلەي ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ، پەقەت مۇشۇ ۋەقەلىك ئىچىگىلا كىرىپ كېتىمىز. « قىسسە » تۈگىگەندە ئاندىن بۇ ۋەقەلىك رومانىنىڭ بىر بۆلىكى ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزگە ئالىمىز.

سېلىم ئەسلى قەشقەرنىڭ تۈمەن دەرياسى بويىدا تۇغۇلغان، يۇقۇملۇق كېزىك كېسىلى تۈپەيلىدىن ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئاتۇشنىڭ مۇج يېزىسىدىكى يېزا ئاقساقىلى

خوجا يۈز بېشىنىڭ مال باققۇچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ، سېلىم رەڭگى-روپى تۈزۈك، تەندرۇست، ئىشچان، زېرەك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، راۋابنى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگىدەك چالىدىغان بولغاچقا، يۈز بېشىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئايگۈل ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، ئايگۈل زۇلۇمغا قارشى، ئەركىن مۇھەببەتكە ئىنتىلىدىغان، ئىنتايىن گۈزەل، ئاق كۆڭۈل قىز، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى كۈنسايىن ئۇلغىيىپ بارىدۇ ۋە كۆپ ئۆتمەستىنلا باشقىلار تەرىپىدىن سېزىلىپ قالىدۇ. خوجا يۈز بېشى بۇ ئىشقا جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى زاكىسىدىلا تۇنجۇقۇش ھالىتىگە بېرىپ قالىدۇ. ئەركىن مۇھەببەتكە تەشنا ئىككى يۈرەك ئاخىرى كىندىك قانلىرى تۆكۈلگەن يۇرتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. مىڭبىر جاپادا ئىلىغا بارىدىغان كارۋانغا خىزمەتچى بولۇپ، شىمالغا ئۆتۈپ كېتىدۇ ۋە بىر قېتىملىق قىرغىندىن ئامان قېلىپ، جىمجىت، بىپايان جۇڭغارىيە قوينىدا نەچچە يىلنى ئۆتكۈزىدۇ. ئايگۈل بىر قېتىملىق قاتتىق بوراندا قېلىپ ساقىيالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. سېلىم بوغا-ماراللارغا ھەمراھ بولۇپ، بىر يىلنى ئۆتكۈزىدۇ، كېيىن بىر ئانا كېيىكنىڭ يول باشلىشى بىلەن سېھىرلىك ماي بۇلاقلىرىغا يولۇقۇپ قالىدۇ ۋە شۇ يەردە بۇ مايلارنى سۈزۈپ ئېلىپ، ئەتراپتىكى خەلقلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. سېلىم بوۋاي نېفىت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان كىشى. ئۇ بىر ئۆمۈر ماي بۇلاقلىرى بېشىدىن ئايرىلماي ماي چەككىلەيدۇ. بۇ كىشىنىڭ ھازىرغىچە تىللاردا داستان بولۇشى ئۇنىڭ مۇشۇ تۆھپىسىدىندۇر. يازغۇچى سېلىم بوۋاي ئوبرازىنى يارىتىشتا ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولۇشىغا دىققەت قىلغان.

يازغۇچى بۇ روماندا زور تارىخىي ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلارنى ئەينى دەۋردىكى تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن ھالدا بىرقەدەر جانلىق تەسۋىرلىگەن.

شىڭ شىسەي بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا يېرىكلىشىش پەيدا بولغان چاغدا، شىڭ شىسەي جاللاتلىرى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى يەرلىك ئىلغار پىكىرلىك، ئىرادىلىك كىشىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدى، دېگەندەك يوقلاڭ باھانىلەرنى تېپىپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇناسىۋەت ئۈزمەكچى بولغانىدى. ئاق كۆڭۈل مۇتەخەسسىس كىنادى مىخايلوۋىچ مۇشۇ ئىشقا جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، چېقىمچى زەينۇل تىلماچنىڭ رەزىللىكىنى بىر يولدىلا ئېچىپ تاشلايدۇ.

چىدىغۇسىز سىنىپىي زۇلۇم ئاخىرى شىنجاڭ خەلقىنى قوزغىلىپ ھۆكۈمرانلارنىڭ تاجۇ-تەختىنى گۇمران قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. 1944-يىلى نىلقىدىن باشلىنىپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە كېڭەيگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بۇنىڭ روشەن دەلىلى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بولدى. ئازادلىق، ئەركىنلىككە تەشنا خەلق پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ياقلىدى. ھەتتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدە، ھەربىي سېپىدە ۋە باشقا ساھەلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر ئويغىنىپ، يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ھالدا ئىنقىلابنى قوللىدى. بىر ئامال قىلىپ مىللىي ئىنقىلابنىڭ ئوچىقى — غۇلجىغا يىغىلدى. روماندا يارىتىلغان سوپاخۇن ئوبرازى يۇقىرىقى سۆزلىرىمىزنىڭ جانلىق دەلىلى. سوپاخۇن تارىخىي شەخس بولۇپ، ئەسلىدە گومىنداڭ ھەربىي سېپىدە لىيەنجاڭ دەرىجىلىك ئەمەلدار ئىدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغالغاندىن كېيىن، گومىنداڭ تەرىپىدىن مايتاغقا

ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشقىلى ئەۋەتىلگەن. ئۇنىڭ قەلبىدە ھۆكۈمرانلارغا بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىك، ئازادلىق، تاڭ نۇرىغا بولغان چەكسىز ئىنتىلىش ئوتى يالقۇنجىغاچقا، ئاخىرى ئۇ ھەر خىل توسالغۇ، قارشىلىق ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىلىرىنى يېڭىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، مىڭبىر جاپالار بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ ۋە كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ. رومانىنىڭ سوپاخۇننىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىگە بېغىشلانغان قىسمىدا زىددىيەت، توقۇنۇشلار ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. سوپاخۇننىڭ مايتاغقا ئەۋەتىلگەندىن كېيىنكى زىددىيەتلىك ئىچكى دۇنياسى، ئوي-پىكىرلىرى، ئىگىلمەس-سۇنماس ئىرادىسى چىن تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ ئايالى تۇخاننىڭ جەڭگىۋار ئۇيغۇر ئاياللىرىغا خاس قەيسەر روھى سوپاخۇن ئوبرازىنىڭ تېخىمۇ يارقىن گەۋدىلىنىشىگە تۈرتكە بولغان.

«قامەتلىك گىلتاغ» نىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە سۆز ئاچقىنىمىزدا، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختا، ۋەقەلىكىنىڭ قىزىقارلىق ۋە تىلىنىڭ راۋان ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. رومان سېيۇژىتى شۇ چاغدىكى ئىنقىلابىي كۈرەش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى، مۇرەككەپلىشىشى بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ.

بۇ ئەسەردە مىللىي ئالاھىدىلىك بىر قەدەر روشەن ئىپادىلەنگەن. مەيلى ئىجابىي پېرسوناژلار بولسۇن، مەيلى سەلبىي پېرسوناژلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە مىللىي ئالاھىدىلىك چاقناپ تۇرىدۇ. رومانىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۆز نۆۋىتىدە ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. يازغۇچى قازاق، موڭغۇل، رۇس قاتارلىق مىللەتلەرنى تەسۋىرلەشتە ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپەت تەسۋىرى بىلەن ئىچكى كەچۈرمىش تەسۋىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزگە خاس ئۆرپ-ئادەتلىرىنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن.

بۇ رومانىنىڭ تىلىدىمۇ ئۆزگىچىلىك بار. يازغۇچى قەييۇم تۇردى جانلىق تىلغا يېقىن، ئاددىي، ئوبرازلىق، ئېنىق سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلەتكەن، ئەسەرنى ئوقۇغان كىتابخان يازغۇچىنىڭ تىل ئۇسلۇبىغا ئىختىيارسىز قايىل بولىدۇ. بۇ رومانىنىڭ ماڭا بەرگىنى ناھايىتى كۆپ ئىدى، ئەپسۇس يازالىغىنىم مۇشۇنچىلىك بولدى. بەزى تەھلىللىرىمدە ئاز بولمىغان يېتەرسىزلىكلەر بولۇشى مۇمكىن. ھۆرمەتلىك كىتابخانلارنى پىكىر قاتناشتۇرۇپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر **ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

پازىل قادىر

# يازغۇچى ۋە ئۇنىڭ بۇرچى

دەۋرىنىڭ «سەزگۈسى، قۇلىقى، كۆزى ۋە يۈرىكى» ھېسابلىنىدىغان يازغۇچىنىڭ قەلبىدە ھامان دەۋرنىڭ جۇشقۇن ساداسى ياڭراپ تۇرىدۇ. بۇنداق يازغۇچىلارنىڭ بۇرچى ھەقىقەت ئالدىدا دۇدۇقلىماسلىق، تۇرمۇشقا نىسبەتەن رەڭۋازلىق قىلماي، ئۆز خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى، تەلەپ-ئارزۇسىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت. ۋۇجۇدىدا خەلقىنىڭ سۆيگۈسى، تومۇرىدا دەۋرىنىڭ قېنى ئۆركەشلەپ تۇرغان ئەدىبلەرنى خەلقىمىز چىن قەلبىدىن سۆيىدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتى سېپىدە تىنىمسىز ئەمگەك قىلىپ مول مەنىۋى بايلىق يارىتىۋاتقان ئەخەت تۇردى ئەنە شۇنداق تۆھپىكار يازغۇچىلارنىڭ بىرى.

ئەخەت تۇردى — ئەينى يىللاردا «تارىم» ژۇرنىلىدا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان «گۇرۇچ» ناملىق ھېكايىسى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان. ئۇ شىنجاڭ داشۆنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكولتېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا چوڭقۇر، سىستېمىلىق بىلىم ئېلىش بىلەن بىللە، ئوتتەك قىزغىنلىق ھەم يۈكسەك شىجائەت بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئاتلانغان. ئۇ ئاشۇ يىللاردا «ھاياتنىڭ باشلىنىشى»، «ئازاد زاماندىن ئايلىناي»، «بىزنىڭ ئەۋلاد» قاتارلىق ھېكايىلارنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقى سېپىدىكى ئۈمىدلىك ياش كۈچلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغانىدى. ھازىر قارايدىغان بولساق، ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن، ئىقتىدارلىق يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ 1980-يىلدىن كېيىن، ئاساسىي كۈچىنى پوۋېست ئىجادىيىتىگە قاراتتى. ئۇ بۇ يىللاردا «قىيانلىق دەريا»، «باھاردىكى جۇدۇن»، «مۇزلىغان يۈرەك»، «سەبىيلەر پاجىئەسى»، «قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا»، «ئەلۋىدا، كۆز يېشىم»، «ئاھ، ناخشا» قاتارلىق پوۋېستلارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق پروزىمىزدىكى بىر خىل قېلىپ ۋە قاتماللىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، رېئال تۇرمۇشنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلىقىغا قاراپ يۈزلەندى. ئۇنىڭ پوۋېستلىرى ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتلەردە روشەن خاسلىققا ئىگە. «قىيانلىق دەريا» ئۇنىڭ تۇنجى پوۋېستى بولۇپ، يازغۇچى بۇ ئەسىرىدە 1975-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن رېئال ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ يېڭى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشىلاش يولىدا دادىل كۈرەش قىلىۋاتقان جاسارەتكە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلاش يولىدىكى غايەت زور ئاكتىپلىقى ۋە قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىپ، پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان «سول» لۇشيەن ۋەكىللىرىگە كۈچلۈك نەپرەت ئوقۇيدۇ. بۇ، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىۋاتقان ۋاقىتتىكى يېزا

تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولغان زىددىيەتلەرنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ دەۋرگە نىسبەتەن جەڭگىۋار روھ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئەسەردىكى «قىيانلىق دەريا» ئالغا ئىلگىرىلەش ھالىتىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يارىتىلغان توختى چاۋار، ئابلا نىياز، ئەشرەپ بوۋا، ھاشى كوممۇنىست، زوللا، تاشماق، سەيدىن قارى قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ خاراكتېرىمۇ شۇ مەركىزىي زىددىيەتنى چۆرىدىگەن ھالدا قەدەممۇ قەدەم راۋاجلىنىدۇ. توختى چاۋار، ئابلا نىياز، ئەشرەپ بوۋا، ھاشى كوممۇنىست قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئاما بىلەن ئىنتىپاقلىششى، ئاممىدىن ئۆگىنىش، ئاممىغا تايىنىشتىن ئىبارەت رەھبەرلىك ئىستىلى، باتۇرلۇق، ئىشچانلىق، ئادىللىق، كەمتەر ۋە سەممىيلىككە ئوخشاش ئېسىل ئەخلاقىي-پەزىلىتى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيلەنسە، باست، زوللا، تاشماق، سەيدىن قارى قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىكى قاباھەت، يامانلىق، ساختىلىق غەزەپ بىلەن قامچىلىنىپ، گۈزەللىكنىڭ ھامان رەزىللىكنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ ئوبرازلار ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتلەر كۆرىشى توختى چاۋار ۋەكىللىكىدىكى توغرا لۇشيەن بىلەن باست ۋەكىللىكىدىكى خاتا لۇشيەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇتلەق كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان شىددەتلىك قارىمۇ قارشىلىقنى شەكىللەندۈرىدۇ.

توختى چاۋار ئۆگەن دەرياسى بويىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن قابىلىيەتلىك، بەلگىلىك تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە، خەلقنىڭ باياشادلىقى ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەممە نەرسىنى قۇربان قىلغان، قەيسەر، مۇھەببەت-نەپرىتى ئېنىق، ئۈمىدۋار، قەتئىي ئىرادىلىك كوممۇنىست، ئۇنىڭ «ۋەتىنىمىزنىڭ شۇ بىر پارچە زېمىنىدا يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ داقا-دۇمباقلىرىنى ياڭرىتىپ دەۋر تەلىپىگە، خەلقنىڭ ئۈمىدىگە لايىق بىر ئىش قىلىش» غايىسى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان بولۇپ، ئۇ ھەممە ۋاقىتتا ئاشۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بۇ خىل دۇنيا قاراش ئۇنىڭ پۈتكۈل ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۇ «سول» لۇشيەنگە قارشى كۆرەشتە قىلچە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتنى كۆزلىمەي، پارتىيە مەيدانىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىغان قارا نىيەت» باستقا قارشى باتۇرلارچە كۆرەش قىلىدۇ. باست گەرچە پارتىيە ئەزاسى بولسىمۇ، پۈتۈن ئۆمرى ھوقۇق ئۈچۈن كۆرەش ۋە تامغا چۈشەش بىلەن ئۆتكەن بولۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى خالىغانچە ئاياغ-ئاستى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن خالىغانچە پايدىلىنىپ، خاتا قاراشلىرىنى توغرا قاراشلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدۇ. باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. قولىغا كىرگۈزۈۋالغان ھوقۇقنى ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش، ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرنى ئۆستۈرۈش، ئەگەشمىگەنلەرنى ئۇجۇقتۇرۇشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ لەنگەردىكى گۇماشتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، «قۇيرۇق كېسىش» ھەرىكىتىنى قوزغاپ، دېھقانلارنىڭ شەخسىي چارۋىلىرى ۋە قالدۇرۇق يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆرەش ئىرادىسىنى سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغاندا، توختى چاۋار مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، باستنىڭ سۇيىقەستىگە ۋاقتىدا زەربە بېرىدۇ.

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ياچېيكا شۇجىسى توختى چاۋارنىڭ ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشقا بولغان ئىشەنچ، ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇ خەلق مەنپەئەتنى ئاياغ-ئاستى قىلغۇچىلار تارىخنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. گەرچە ئۇ ئاشۇ يىللاردىكى

ئىجتىمائىي شارائىت تۈپەيلىدىن بەزىدە مەغلۇپ بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما مەنىۋى جەھەتتىن يەنىلا ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەقىقىي كومپارتىيە ئەزالىرىغا خاس بولغان ئالاھىدىلىك نۇر چاچىدۇ. ئۇ باسىت تەرىپىدىن قاتتىق تەقىپ قىلىنغان، يولسىزلىق بىلەن قاماپ قويۇلغان، ھەتتا بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، تارىمغا سۈرگۈن قىلىنغان چاغلاردىمۇ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى بوشاشتۇرماي «ئىشەنچىنى، ئېتىقادىنى يوقىتىش جاننى يوقىتىش بىلەن باراۋەر» دەپ قاراپ، دېھقانلارنىمۇ ئاشۇ يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن يېتەكلەيدۇ، تەربىيىلەيدۇ. ھەر بىر مەسىلىگە ئەمەلىيەتتىن جاۋاب ئىزدەيدۇ. ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتىدە ئاممىنىڭ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئوبراز ئوقۇغۇچىنىڭ كۆز ئالدىدا دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، بارلىق پۈتلىكاشاڭلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان گىگانت ئادەم سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، يازغۇچىنىڭ «باھاردىكى جۇدۇن»، «مۇزلىغان يۈرەك»، «سەبىيلەر پاجىئەسى»، «قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا»، «ئەلۋىدا، كۆز يېشىم»، «ئاھ، ناخشا» قاتارلىق پوۋېستلىرى پروزا ئىجادىيىتىدىكى يېڭى ئىلگىرىلەشنى كۆرگىلى بولىدىغان مەنىۋى مەھسۇلاتلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ «باھاردىكى جۇدۇن» پوۋېستىمۇ رېئال يېزا تۇرمۇشىدىن ئېلىپ يېزىلغان ھەم شۇ چاغدىكى داۋالغۇپ تۇرغان يېزىلارنىڭ ۋەزىيىتىگە، تەقەززاسىغا ئاكتىۋال جاۋاب بەرگەن مۇنەۋۋەر ئەسەر.

«مۇزلىغان يۈرەك» پوۋېستى تېخىمۇ ئۆزگىچە يېزىلغان بولۇپ، يازغۇچى ئەسەرنىڭ سيۇژېت بۆلەكلىرىنى ئادەتتىكىچە تەرتىپ بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆزگىچە، جانلىق، قىزىقارلىق، ئەگرى-توقاي، دولقۇنسىمان تەشكىللەپ، ئىنسان قەلبىدىكى گۈزەللىكلەرگە قايناق ھېسسىيات بىلەن مەدھىيە ئوقۇپ، رەزىللىكلەرگە نەپرەت ياغدۇرىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ خىيال ۋە ئەسلىمىسى ئارقىلىق بېرىلگەن ۋەقەلىكلەرمۇ جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن، ئەسەرنىڭ كېيىنكى كولمىناتسىيە بۆلىكى ئۈچۈن قىزىقارلىق يىپ ئۇچىنى قالدۇرۇپ، ۋەقەلىكلەرنى بىر-بىرىگە زىچ گىرەلەشتۈرۈپ، پوۋېستنىڭ كولمىناتسىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. نەتىجىدە ئاپتورمۇ ئەينى شارائىتتىكى كىشىلىك تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مۇرەككەپ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، پوۋېستنىڭ زوقلاندۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ بارلىق ساختىلىقلار ئۈستىدىن جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى قايىل قىلارلىق ھالدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يازغۇچى ئەخەت تۇردى تۇنجى ھېكايىسى — «گۈرۈچ» تىن ھېسابلىغاندا، ھازىرغىچە 35 يىللىق ئىجادىيەت يولىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ كەڭ كىتابخان ۋە ئوقۇغۇچىلارغا بەرگەن ئىجادىي مېۋىسى كۆپ، رەڭدار ۋە خىلمۇ خىلدۇر. ئۇنىڭدا ھېكايە، پوۋېست، رومان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تۇرمۇشتىكى ھەرخىل ناچار ئىشلار ۋە بولمىغۇر ھادىسىلەر كەسكىن تەنقىد قىلىنغان ساتىرىك ۋە يۇمۇرىستىك ئەسەرلەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ روشەن مىللىيلىك ۋە قويۇق دەۋر روھىغا ئىگە بولغان بۇ ئەسەرلىرى مەيلى مەزمۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن، مىللىي پروزىمىز باغچىسىدا ئۆزگىچە پۇراق چاچتى. يازغۇچى تۇرمۇشنى ئىنچىكلەپ كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىكى ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا سېزىپ، ئىجتىمائىي ئۇنۇمى زور بولغان، خاراكتېر ۋە پىسخىك جەھەتتىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان

پېرسوناژلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى ياراتتى. بۇ ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئۆگىنىش ھەم تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان كۆپلىگەن يېڭى ئىزلىنىشىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مەسىلەن، ئۇنىڭ «خەير-خوش، توققۇز كۈنلۈك ماكان» ناملىق ھېكايىسىنى ئىسلاھات دەۋرىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۆسۈش خاراكتېرلىك ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھېكايىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا جەمئىيەتنە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولۇۋاتقان بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆزىنىڭ ئېنىق قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسلاھاتنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش غايىسىنى ئىپادىلەپ، ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، ئىسلاھات دەۋرىدىكى رېئاللىقنى ئىسلاھاتچىغا خاس يېڭى ئىدىيە بىلەن كۆزىتىپ، ئىسلاھات ئېقىمى قارىمۇ قارشىلىقلارنىڭ بىرلىكى ئىچىدە راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەشكە تىرىشقان.

شۇنى ئالاھىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئەخەت تۇردىنىڭ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. يازغۇچى بۇ رومانىدا قەشقەر خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆزلىكىدىن تەشكىللىنىپ، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى روشەن يورىتىپ بەرگەن. ئەينى دەۋردىكى ماھىيەتلىك ئىجتىمائىي، سىياسىي، دىنىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىشقا يۈزلەنگەن مەلۇم تارىخىي چوڭقۇرلۇققا ئىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۈچۈن ئابىدە تىكلىگەن. رومانىدا بايان قىلىنغان ۋەقە ھەم شەخسلەر خىلمۇ خىل زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن تارىخىي شارائىتتىكى تۇرمۇشتىن قېزىپ چىقىرىلغاچقا، كىشىلەرگە چىنلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. رومانىنىڭ ۋەقەلىكى ئەگرى-توقاي، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، قىزىقارلىق ۋە ئىخچام بولۇپ، پېرسوناژلار ئوبرازى بىر قەدەر جانلىق، تەسىرلىك يارىتىلغان. ئۇلارنىڭ ھايات ھەرىكىتىدىكى زۆرۈرىيەت ھەم تەسادىپىيلىق ئامىللىرى پېرسوناژلارنىڭ خاسلىقىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

يازغۇچى پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىكى زىددىيەتنى قېزىشنى تىپىك ئوبراز يارىتىشنىڭ نۇقتىسى قىلىپ، باتۇق، نازاكەت خېنىم، مامۇت قۇرغۇي قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى، پسىخىك ھالىتى ۋە ئەخلاقىي-پەزىلىتى جەھەتتىكى مۇرەككەپلىكنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، رومانىنىڭ باش قەھرىمانى باتۇق ئىرادىلىك، ئاق كۆڭۈل، باتۇر، مەرد بولۇش بىللە، يەنە قارام، ساددا، شەخسىيەتچى ھەم شاللاقراق يىگىت، لېكىن ئۇنىڭ مۇھەببەت-نەپرەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغاچقا، ھەمدەمبەگدەك مۇشتۇمزورلاردىن ئۆچ ئېلىش، ئادالەتنى ياقلاش مەقسىتىدە قارشىلىق كۆرسىتىش يولىغا قەدەم قويغان. ئۇ نادان ھەم قارام بولغاچقا، قارشىلىق كۆرسىتىش يولىدا نۇرغۇن ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ھەتتا ھەمدەمبەگنىڭ قىزى خان بۇۋىگە يولسىزلىق بىلەن چېقىلىشتەك خاتالىقلارنىمۇ سادىر قىلىدۇ.

ئادەم ــ ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى، رېئال ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسى زىددىيەتلىك، كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك بولغاچقا، مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى بەدىئىي ئەسەردە روشەن يورىتىپ بېرىش يازغۇچىدىن ئالاھىدە بەدىئىي ماھارەتنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. باتۇق مەيلى قاراملىق قىلىپ نەتىجە

يارىتسۇن ياكى نادانلىق بىلەن يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارسۇن. ئومۇمەن يازغۇچى 40-يىللاردىكى دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ كىشىنىڭ بۇ يادرولۇق جانلىق ئوبرازىنى يارىتىپ، كىتابخانلارغا چىنلىق تۇيغۇسى بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى جەلب قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە كونا ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىكى باش قەھرىمانىنى نۇقسانسىز، ھەممە نېمىسى ياخشى، سەلبىي شەخسلەرنى پۈتۈنلەي يامان قىلىپ تەسۋىرلەشتەك قاتمال ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

گەرچە رومانىنىڭ باش قەھرىمانى باتۇقتا بەزى خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلەر بولسىمۇ، كۈرەش جەريانىدا نۇرغۇن ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. قۇتلۇق ئەپەندى قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا قەدەممۇ قەدەم ئۆزگىرىپ ۋە چېنىقىپ، ئاخىرىدا ئادالەت يولىدا جېنىنى پىدا قىلىشقا، ئىنقىلاب قىلىپ دۈشمەنلەرنى يوقاتمىغىچە قورالنى ھەرگىزمۇ تاشلىماسلىققا ئىرادە باغلىغان ئاڭلىق كۈرەشچىگە ئايلىنىدۇ.

يازغۇچى بۇ ئوبرازنى سۈرەتلىگەندە ئۇنىڭ ھەرىكەت-پائالىيىتىنى كونكرېت تەسۋىرلەپلا قالماستىن، بەلكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ئادىتى، ئوي-خىيالى قاتارلىقلارنىمۇ كونكرېت تەسۋىرلەپ، بۇ ئوبرازنىڭ خاراكتېرىدىكى مۇھىم ھالقىلارنى ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشقان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ساقچى ئەمەلدارى ھاپىز غوجا، نازاكەت خېنىم، بارات چەكەدى، تۇردى راجى، دانىش ئىمام قاتارلىقلارنىڭ روھىي ھالىتى ۋە خاراكتېرى كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە قىلىنغان. بولۇپمۇ يۇقىرى تەبىقىدىكى ئائىلە ئايالى نازاكەت خېنىم دۆلەتمەن ئائىلىدە ئەركە چوڭ بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە بەزى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن خەلق دۈشمىنى ھاپىز غوجىغا باغلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدا ئۆزىگە خاس خۇلق-مىجەز، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئادىتى ۋە مۇرەككەپ پسىخىك ھالەت بولغاندىن تاشقىرى، ھاپىز غوجا بۇ ئايالنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىدە پىرقە جاسۇسى بولۇشقا قىستايدۇ. نازاكەت خېنىم بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ غۇرۇرىغا زىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى قەتئىي رەت قىلىدۇ، ئەمما ئۇ، ھاپىز غوجا تەرىپىدىن ئاياغ-ئاستى قىلىنىدۇ. كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى ئەمەلىيەت ئارقىلىق نازاكەت خېنىم ھاپىز غوجا قاتارلىقلارنىڭ ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈشەندىلىرى، بىگۇناھ ئېرىنىڭ قاتىللىرى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندىلا، ئۇلاردىن قاتتىق سەسكىنىدۇ.

گەرچە نازاكەت خېنىم ھاپىز غوجىدەك خەلق دۈشمىنى تەرىپىدىن بىر مەزگىل ئاياغ ئاستى قىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ نومۇسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋەتمەيدۇ. بەلكى ئۆزىنىڭ ئالدانغان ھەم ناھەق خورلانغانلىقىنى بىلگەندە ھاپىز غوجىدىن ئىبارەت چايانىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ، ئۆزىدىنمۇ نەپرەتلىنىدۇ. باتۇقنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، نازاكەت خېنىمنىڭ قەلبىدە ھەقىقىي ئىنسانىي مۇھەببەت جۇش ئۇرىدۇ. ئەمما «يۈرەك-باغرىنى كاۋاپ قىلغان بۇ نازۇك، سىرلىق تۇيغۇلىرىنى خۇددى دېڭىز ئاستىدىكى يىگىنىدەك مەخپىي ھەم پىنھان تۇتۇش»قا مەجبۇر بولىدۇ. چۈنكى «ئۇ ئۆزىنىڭ ئاق ھەم يۇمشاق جىسمىنى باتۇقنىڭ مۇھەببىتى ئالدىدا پاك ھېسابلىمايتتى. گويا ئېيتقۇسىز ئەيىبى باردەك ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇ گۈزەل قىزلىقىنى، كىرسىز پاك قەلبىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ياخشى كۆرۈپ سۆيگەن ئادىمىگە تەقدىم قىلالماي،

www.uyghurkitap.com

ئاللىقانداق يات، كۆڭۈلسىز بىرىنىڭ قولىدا پايخان قىلىنىۋەتكەنلىكىگە ئۆكۈنەتتى، ئېچىناتتى». شۇنىڭ ئۈچۈن نازاكەت خېنىم ھەسرەتلىك پۇشايمان ئىلكىدە پۈچۈلىنىدۇ. ئۇنى فېئوداللىق قائىدە-يوسۇنلار، دىنىي ئەقىدە ۋە ئائىلە قارشىنىڭ بوغۇشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ ئارام بەرمەيۋاتقان مۇھەببەت تەشنالىقى ۋە باللىق چاغلىرىدىن باشلاپ شەكىللەنگەن ئۆزىگە خاس خاراكتېر بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر قاتتىق ئازابلايدۇ. مانا مۇشۇنداق قاتمۇ-قات ئازابلىنىش ئىچىدە نازاكەت خېنىمنىڭ خاراكتېرىدىكى نۇرلۇق تەرەپلەر ئاستا-ئاستا روشەنلىشىپ، كېيىنچە باتۇق قاتارلىق ئىنقىلابچىلارغا ئاكتىپ ياردەم بېرىدۇ ھەم شۇ يولدا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ناملىق بۇ رومان تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر ئىچىدە بىرقەدەر گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ئۇ تارىخىي تۇرمۇشنى ئايرىم پاكىتلار بىلەن دەلىللەش ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى تىپىك شارائىتتا يارىتىلغان تىپىك ئوبرازلار ئارقىلىق يورىتىپ، ئەينى دەۋردىكى قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېغىر كۈنلەردىمۇ تەقدىرداش ۋە مەسلەكداش بولۇپ، مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلغانلىقىنى، ئىنقىلابىي كۈرەشلەردە مىللەتلەر ھەمكارلىقىنىڭ غايەت زور رول ئوينىغانلىقىنى، خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىش يولىدا ئېلىپ بارغان جاپا-مۇشەققەتلىك كۈرەشلىرىنى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى بۇ تارىخىي تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى ۋە تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى توغرا بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئۇ بىزنى چوڭقۇر ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسىگە ئىگە قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىمىزنى ئۇرغىتىدۇ.

يېقىندا يازغۇچى ئەخەت تۇردى كىتابخانلارغا ئۆزىنىڭ «ھايات شۇنداق» ناملىق ئىككىنچى رومانىنى تەقدىم قىلدى.

يازغۇچى بۇ روماندا ھايات ۋە ئۇنىڭ چەكسىز قەدىر-قىممىتىنى، ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ تەڭداشسىز ھاياتىي كۈچىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى، نېمىنىڭ گۈزەل ۋە سەتلىكىنى، نېمىنىڭ پاك ۋە چىركىنلىكىنى ھەر خىل جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ ھەم ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرغان نەرسىنىڭ گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىدۇ.

يازغۇچىنىڭ رېئال تۇرمۇشقا نىسبەتەن كۆزىتىشى، بايقىشى چوڭقۇرلاشقان ۋاقىتتىلا، ئاندىن ئۇ ئىجادىيەت بوسۇغىسىدىن ئىشەنچلىك ئاتلاپ كىرەلەيدۇ. يازغۇچى «ھايات شۇنداق» رومانىدا ئىجادىيىتىنىڭ ئەنە شۇ باسقۇچلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باسقان. تۇرمۇشتا مەرۇپ ئاقساقالدەك ناپاك، شەخسىيەتچى، خۇنۇك ئادەملەرلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە مەزمۇت تۇرىدىغان ھامۇت كەنجىدەك پاك، شەخسىيەتسىز، گۈزەل ئارزۇ-تىلەكلەرگە ئىگە ئادەملەرمۇ بار. بۇنداق ئادەملەر ئۆزىنىلا ئەمەس، باشقىلارنىمۇ قەدىرلەيدۇ. ھەر قاچان ئۇچۇق-يورۇق بولالايدۇ. ئەمەلىي خىزمەتلەرنى مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدۇ.

بىز رومانىنى ئوقۇۋېتىپ، گۈزەل ئارزۇ-ئۈمىدلەرگە تولغان، ساداقەت ۋە سەممىيەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان ھىدايەت، ۋاسىل ئەپەندى، ھامۇت كەنجى، خانقىز، مۇختەر، شۆھرەت قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن تۆھمەت قىلىنغان، ھاقارەتلەنگەن ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان تەقدىرىدىمۇ، ھايات ئۈچۈن

تىنماي كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ سەممىي-ساداقەتلىكى، سەۋرى-تاقەت، راستچىل، كەڭ قورساق، ئىزدەنگۈچىلەرگە خاس پىداكارلىق روھى بىلەن خەلق ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە ئىناۋەت تاپقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، تەسىرلەنمەي تۇرالمايمىز. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ سۆيۈملۈك پەزىلەت ئىگىلىرى، ئۇلار ئۆزىنىڭ سەممىيلىكى، قىزغىنلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن خەلق ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقان ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر. ئۇلارنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى مەنىۋى جەھەتتىكى بايلىقى، ئاپەت قۇشلىرى ئالدىدىكى پەزىلىتى، توسالغۇلار ئالدىدىكى ئۈمىدۋارلىقى، ھەسەت ئالۋاستىلىرى ئالدىدىكى باتۇرلىقىدۇر!

روماندىكى مەرۇپ ئاقساقال ئوبرازى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان، رېئال تۇرمۇشىمىزدا مەرۇپ ئاقساقال، ئەدھەم، سالمان، ھېكمەت سوپى، جاڭ داتۇ ۋە گۇلجانغا ئوخشاش خاراكتېردىكى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىپ، ئەقىل-ھوشىنى يوقىتىپ، ۋىجدانىنى سېتىشتىن يانمايدۇ. جانلىق تۇرمۇشتىن ئېلىنغان بۇ كونكرېت ئوبرازلار بىزنىڭ ھېسسىياتىمىزغا تەسىر كۆرسىتىپ، بىزنى رەزىللىكتىن يىرگەندۈرىدۇ. ئاپتور ئەسەردە ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك ۋە سۇيىقەستلىك قىلمىشلارغا ئۆتكۈر تىغ سانجىش ئارقىلىق كىشىلەرنى سۇيىقەست، كۆرەلمەسلىك ۋە ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت ئىللەتلەرگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

قىسقىسى، «ھايات شۇنداق» رومانى سەنئەتنىڭ ھاياتى ۋە تۈپ ئىرقى بولغان تۇرمۇش چىنلىقىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان، تۇرمۇش چىنلىقىدا يىلتىز تارتقان، باي ۋە كەڭ تۇرمۇشتىن ئېلىنغان ماتېرىياللار ئاساسىدا بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش، ئىخچاملاش ۋە تاللاش ئارقىلىق تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ياخشى رومان.

يىغىپ ئېيتقاندا، يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۇنىڭ مۇستەقىل ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. مېنىڭچە، بۇنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، يازغۇچى ئەخەت تۇردى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بەدىئىي ئىجادىيەتكە بېغىشلاشقا جۈرئەت قىلىشتەك پىداكارلىق روھ ۋە ئىزدىنىشىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىجادىيەتتە خاس يول تۇتۇپ، زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى يېتەرلىك خاسلىق ۋە ھاياتىيلىققا ئىگە قىلىپ، كىشىلەر تېخى سەزمىگەن يېڭى نەرسىلەرنى ھەر تەرەپلىمە روشەن ئېچىپ بېرىش يولىدا ئىزدەندى. شۇ ئارقىلىق ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىك خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئادەم ۋە ئۇنىڭ باي، مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى، يوشۇرۇن ئىچكى دۇنياسى ۋە نازۇك ھېسسىياتىنى ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ھەر قانداق ۋاقىتتا يېڭى تۈيۈلىدىغان، ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمايدىغان يېڭى ۋە قىزىقارلىق تۇرمۇش مەزمۇنىنى ياراتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى نۇردۇن ھاكىم، ياسىن جىگلى، باتۇق، نازاكەت خېنىم، مەرۇپ ئاقساقال، ئەدھەم قاتارلىق ئوبرازلار ئۆزىگە خاس ھايات قىممىتىگە ئىگە بولغان يېڭى، ئىندىۋىدۇئال ئادەم سۈپىتىدە كىتابخانلارنىڭ ئېسىدە ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئوبرازلار ئوقۇغۇچىنىڭ كۆز ئالدىدا رېئال ھاياتنىڭ قاينىمىدىن ئۇزۇپ چىققان تىرىك ئادەم سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا يېڭى تۇيغۇ ۋە يېڭى تەسىراتلارنى پەيدا قىلىدۇ.

ئىككىنچى، يازغۇچى يېتەرلىك تۇرمۇش بىلىمگە ۋە بەلگىلىك بەدىئىي ماھارەتكە

ئىگە. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە مىللىي ئالاھىدىلىك، كومىدىيىلىك ئۇسلۇب ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە سادىقلىق بىلەن ۋارىسلىق قىلىنغان.

ئۈچىنچى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە ئاپتور شەكىلۋازلىققا بېرىلمەي، رېئالىزملىق ئۇسۇل بىلەن ھايات ۋە ئادەملەر پائالىيىتىنى ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن زىچ باغلايدۇ. بۇ ھال ئۇنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئالاھىدە تەرەپلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش، بىلىش ۋە ئۆز ئىجادىيىتى ئۈچۈن يېڭى بەدىئىي ھەقىقەتلەرنى كۆپلەپ قېزىپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

تۆتىنچى، ئەخەت تۇردى تىل ئىشلىتىش جەھەتتە ئۆزىگە خاس ماھارەتكە ئىگە يازغۇچى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى شوخ، يېقىملىق، يۇمۇرلۇق، مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە باي ھەم ئوبرازلىق بولۇپ، كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە پېرسوناژ تىلى بىلەن ئاپتور تىلى بىر-بىرىدىن روشەن پەرق قىلىنىدۇ. يازغۇچى پېرسوناژلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان سەرگۈزەشتىسى، تۇرمۇش ئادىتى، كەسپى، سەۋىيىسى، ئىندىۋى ھېسسىياتى ۋە پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن، ئۇلارنى پەقەت ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان ئىندىۋىدۇئال تىل بىلەن سۆزلىتىپ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلىك ئىپادىلەيدۇ. ھەر بىر پېرسوناژنىڭ تىلى ئۆزىنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىگە تازا ماس كېلىدۇ. بايان تىلىمۇ مۇئەييەن خاسلىققا ئىگە. يازغۇچى بايان قىلغۇچىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پېرسوناژلار ھەم ۋەقەلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى، باھاسىنى ھەم ئىندىۋى ھېسسىياتىنى مەركەزلىك ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ بەزى بايانلىرىدا قىزغىن مېھرى-مۇھەببەت ۋە ئالقىش تۇيغۇلىرى ئۇرغۇپ تۇرسا، بەزى بايانلىرىدا ئۆتكۈر ھەجۋىي ھەم نەپرەتلىنىش كەيپىياتلىرى سېزىلىدۇ.

بەشىنچى، يازغۇچىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭدا سەنئەتكارغا خاس جاسارەتنىڭ بولغانلىقىدا، ئۇ ھايات ۋە ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەچكە، تۇرمۇش ۋە كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى چىن ۋە ھەققانىي ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ ئەسەر قەھرىمانلىرىنى يۈكسەك، مۇكەممەل، ئەيىبسىز يارىتىشتەك بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىپ، تۇرمۇش رېئاللىقىدا، ھەقىقەت ۋە خەلق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇشتا قەتئىي، جۈرئەتلىك بولدى.

دېمەك، ئۆزىنى بەلگىلىك بىلىم ئاساسىغا ئىگە قىلىپ، مۇئەييەن ئىجادىي ئاڭلىقلىقنى يېتىشتۈرگەن تۆھپىكار يازغۇچى ئەخەت تۇردى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مىللىي ئەدەبىياتىمىزغا مۇناسىپ تۆھپە قوشۇپ، كىتابخانلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. بىز يازغۇچىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەققىي سەنئەتكارغا خاس جاسارەت ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى ۋە يۈكسەك پەللىسىگە چىقىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بۇرچ تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ-ياشنىشىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

مەھەممەتتۇرسۇن ئېلى

# «ئەدەبىي ئىجادىيەت پرىنسىپلىرى» ناملىق كىتابتىكى مەنتىقسىزلىك ۋە مۈجمەللىكلەر

1990-يىلى 8-ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «ئەدەبىي ئىجادىيەت پرىنسىپلىرى» ناملىق بىر كىتابنى نەشر قىلدى. بۇ كىتابقا 1979-يىلدىن بۇيان ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان يولداش ھېزىم قاسىمنىڭ بىر قىسىم ماقالىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ، ئوبزورچىمىزنىڭ نۇرغۇن نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ھەققىدە ئىلمىگە، ئەمەلىيەتكە، مەنتىقىگە زىت، خاتا كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى بايقىدىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم ماقالىلار «تارىم» ۋە «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلىندى. بۇلاردىمۇ ئوبزورچىمىز ئۆز كىتابىدا سادىر قىلغان خاتالىقلار تەكرارلانغان، ھەتتا كۆپەيگەن.

**بىرىنچى، سۇبيېكت، ئوبيېكت ۋە سۇبيېكتىپ، ئوبيېكتىپ كاتېگورىيىلىرىنىڭ مەنىسىنى ئاڭقىرالمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان مۈجمەللىك ۋە مەنتىقسىزلىكلەر**

مەلۇمكى، سۇبيېكتىپ دېگىنىمىز ئادەمنىڭ ئېڭى، سەزگۈسى، روھى، ئىدىيىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

سۇبيېكت بولسا، ئەمەلىيەت پائالىيىتى ۋە بىلىش پائالىيىتىنىڭ ئاتقۇرغۇچىسى ھېسابلانغان، ئەمەلىيەت ھەم بىلىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، ئاڭغا ئىگە ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. ئاڭلىق پائالىيەتچانلىق بىلەن ئىجادچانلىق سۇبيېكتنىڭ ئەڭ توپ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ خىل پائالىيەتچانلىق ۋە ئىجادچانلىق سۇبيېكتىپ ئاڭنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاڭ سۇبيېكتنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيىسى، بىراق ئاڭنى سۇبيېكتقا تەڭلەشتۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ئوبيېكت سۇبيېكتنىڭ بىلىش پائالىيىتى ھەم ئەمەلىيەت پائالىيىتى دائىرىسىگە كىرگەن نەرسىلەرنى، سۇبيېكت پائالىيىتىنىڭ ئوبيېكتىنى كۆرسىتىدۇ. تەبىئەت دۇنياسى بىلەن جەمئىيەت ئوبيېكتنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى. ئەمما شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن جەمئىيەت پەقەت ئوبيېكتلا بولالايدۇ. سۇبيېكتقا ئايلىنالمايدۇ. ۋاھالەنكى ئادەم بولسا، ھەم سۇبيېكت، ھەم ئوبيېكت بولالايدۇ، ھەتتا روھىي ھادىسىلەرمۇ نۆۋىتى كەلگەندە ئوبيېكتقا ئايلىنالايدۇ. مەيلى تەبىئەت دۇنياسى بولسۇن، مەيلى ئىنسانلار جەمئىيىتى بولسۇن، مەيلى ماددىي ھادىسىلەر بولسۇن، مەيلى روھىي ھادىسىلەر بولسۇن، ئۇلار ئادەمنىڭ پائالىيەت دائىرىسىگە كىرگەنلا بولسا ھەممىدە بۇ خىل پائالىيەتنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلانغانلا بولسا، ئوبيېكت بولۇپ ھېسابلىنىۋېرىدۇ.

ئوبيېكتىپ دېگىنىمىز، ئادەمنىڭ ئېڭىدىن تاشقىرى تۇرغان ماددىي دۇنيانى كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، ئوبيېكت، سۇبيېكت ۋە ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ دېگەن ئاتالغۇلار ئۆزئارا پەرقلىنىدىغان، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان پەلسەپىۋى كاتېگورىيىلەر، شۇڭلاشقا ئۇلارنى خالىغانچە ئارىلاشتۇرۇپ ياكى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەپسۇسكى ئوبزورچىمىز ئۆز ماقالىلىرىدا ئۇلارنى كەلسە-كەلمەس ئىشلەتكەن.

ئۇ ئەدەبىياتنى بىردەم سۇبيېكتشۇناسلىق دېسە، بىردەم «ئەدەبىيات سۇبيېكتىپشۇناسلىق» دەيدۇ. يۇقىرىدا بىز سۇبيېكت ئادەمنى كۆرسىتىدۇ، سۇبيېكتىپ بولسا ئاڭنى، روھنى كۆرسىتىدۇ دېدۇق. ئۇنداقتا ئوبزورچىمىزنىڭ ئەدەبىيات سۇبيېكتشۇناسلىق دېگىنى ئەدەبىيات ئادەمشۇناسلىق دېگىنى بولىدۇ. ئەدەبىيات سۇبيېكتىپشۇناسلىق دېگىنى بولسا، ئەدەبىياتنى ئاڭشۇناسلىق، روھشۇناسلىق دېگىنى بولىدۇ. ئوبزورچىمىزنىڭ قايسى گېپى راست، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇ بىردەم سۇبيېكتنىڭ بىلگۈچى، ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەمنى، ئىنسانىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، ئىنسان سۇبيېكتى، ئادەم سۇبيېكتى، يازغۇچى سۇبيېكتى دېگەندەك مۇجمەل ئاتالغۇلارنى تىلغا ئالسا، بىردەم سۇبيېكتنىڭ ئاڭغا، ئىرادىگە ئىگە ئادەمنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، سۇبيېكتنى ئاڭ، ئىرادە دەپ ئىزاھلايدۇ. ئوبزورچىمىز يەنە يازغۇچىنىڭ بىلىش دائىرىسىگە، ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسىگە كىرىدىغان، يازغۇچى بىلمەكچى ھەم ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان، ئوبرازنى، تىپنى ياراتماقچى بولغان ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ يازغۇچىنىڭ بىلىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا مۇشۇ سۈپەتتە سۇبيېكت كاتېگورىيىسىدىن چىقىپ ئوبيېكت كاتېگورىيىسىگە كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ھەمدە ئوبيېكت دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئۇقالماي، «ئوبرازى يارىتىلىدىغان سۇبيېكتلار»، «سۇبيېكتلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا»، «پېرسوناژ تىپى قىلىدىغان سۇبيېكت»، «مەلۇم خىلدىكى سۇبيېكتلارنىڭ ئوبرازى قىلىپ يارىتىلىدىغان مۇنداق سۇبيېكتلار...»، «پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلىدىغان سۇبيېكت» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ. بۇلارنى ئاز دېگەندەك تېخى ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىمۇ «سۇبيېكت» ياكى «سۇبيېكت پېرسوناژ» دەپ ئاتايدۇ.

ئوبزورچىمىز ماددا، مەۋجۇدىيەت، سۇبيېكتىپ، ئوبيېكتىپ، سۇبيېكت، ئوبيېكت، ماتېرىيالىزم، ئىدىئالىزم دېگەنگە ئوخشاش پەلسەپىۋى ئاتالغۇلارنى كۆپلەپ ئىشلىتىسە ماقالە، ئوبزورلار ھەشەمەتلىك، دەبدەبىلىك بولىدۇ، ئۇلار ماقالە، ئوبزورلارغا چەكگۈۋارلىق تۈسى بېرىدۇ دەپ قارامدۇ-قانداق؟ شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئالدى بىلەن ھەر بىر پەننىڭ ئۆزىگە خاس ئاتالغۇلىرى بولىدۇ. سۇبيېكت، سۇبيېكتىپ، ئوبيېكت، ئوبيېكتىپ قاتارلىق ئاتالغۇلار پەلسەپىگە خاس بولغان بىلىش نەزەرىيىسى كاتېگورىيىلىرى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدە ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن ئادەملەرنى ئوبراز، پېرسوناژلار، پېرسوناژلار ئوبرازى، تىپ دېگەندەك خاس ئاتالغۇلار بىلەن ئاتايدۇ. شۇڭا ئوبزورچىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە يېزىلغان، يېزىلىدىغان ئادەملەرنى، تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنى پەلسەپىۋى ئاتالغۇلار بىلەن ئاتىشىنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. مۇبادا ئوبزورچىمىز زادى مۇشۇنداق ئاتىمىسام بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالسا، ئۇ چاغدا ئەدەبىي ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ، يارىتىلغان

ئوبرازلارنى ئوبيېكت دەپ ئاتسا مۇۋاپىق بولىدۇ. چۈنكى ئەدەبىي ئەسەردىكى ئوبراز، پېرسوناژلار ھەم يازغۇچى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئىجاد قىلىنغان ئوبيېكت، ھەم كىتابخانىنىڭ زوقلىنىش، بىلىش ئوبيېكتى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان، ئىجاد قىلىنغان پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ مەنبە جەھەتتە ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇشتىن كېلىدىغانلىقىنى، ئىجاد قىلىنىش جەريانىدا گەرچە يازغۇچىنىڭ غايىسى، ھېسسىياتى، ئىدىيىسى قاتارلىق سۇبيېكتىپ ئامىللىرى سىڭدۈرۈلسىمۇ. بىراق ئىجاد قىلىنىپ بولغاندىن كېيىنلا بىر خىل ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتكە ئايلىنىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنى سۇبيېكتىپ پېرسوناژ دەپ ئاتاشنىڭ زادىلا ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى، بۇنداق قىلغاندا سۇبيېكتىپنى ئوبيېكتىپنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنلىك بولىدىغانلىقىنى، پېرسوناژلارنى سۇبيېكتىپ پېرسوناژ ھەم ئوبيېكتىپ پېرسوناژ دەپ تۈرگە ئايرىشنىڭ قىلچىمۇ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىرىپ قويغان بۇ ئوبزورچىمىز «سۇبيېكتىپ پېرسوناژ» دېگەن بىر يېڭى ئاتالغۇنى كەشىپ قىلىدۇ.

تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، ئوبزورچىمىز «سۇبيېكت ئوبيېكتنىڭ ئاكتىپ ئىنكاسى» دېگەن يېڭى بىر كۆز قاراشنىمۇ كەشىپ قىلىدۇ ھەم ئۇنى ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر دەپ ئاتىۋالىدۇ. ئەمما ماتېرىيالىزم سۇبيېكتىپ ئوبيېكتىپنىڭ ئاكتىپ ئىنكاسى دەپ قارايدۇكى، ھەرگىزمۇ سۇبيېكت ئوبيېكتنىڭ ئاكتىپ ئىنكاسى دەپ قارىمايدۇ. ماتېرىيالىزمچىلار سۇبيېكت بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ، ئوبيېكت بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ پەرقىنى بىلىدۇ.

بىرىنچىدىن، تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى شەيئى، ھادىسىلەر ئىنسانلارنىڭ بىلىش پائالىيىتى ۋە ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ دائىرىسى ئىچىگە كىرگەن چاغدا ئۇلارنى بىلگۈچى، ئۆزگەرتكۈچى، قانۇنىيەتلىرىنى بىلگۈچى ئاڭلىق ئادەمگە نىسبەتەن ئوبيېكت بولىدۇ. ئادەم ئۇلارغا نىسبەتەن سۇبيېكت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سۇبيېكت ئوبيېكتنىڭ ئاكتىپ ئىنكاسى دېيىش ئەمەلىيەتتە ئادەم تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىنكاسى دېگەنلىك بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئادەمنىڭ ئۆزى ھەم سۇبيېكت، ھەم ئوبيېكت بولالايدۇ. بىر پسىخولوگ مەلۇم بىر ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيەت جەريانى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسا ياكى مەلۇم بىر دوختۇر مەلۇم بىمارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسا، پسىخولوگ بىلەن دوختۇر تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈۋاتقان ئۇ ئادەملەر پسىخولوگ بىلەن دوختۇرغا نىسبەتەن ئوبيېكت ھېسابلىنىدۇ ياكى دوختۇر بىلەن پسىخولوگنىڭ ئوبيېكتى بولىدۇ. دوختۇر بىلەن پسىخولوگ بولسا، ئاشۇ ئوبيېكتلارنىڭ سۇبيېكتى بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ يازغۇچى — سەنئەتكارلار تەسۋىرلەۋاتقان ئادەملەر شۇ يازغۇچى — سەنئەتكارلارنىڭ ئوبيېكتى بولىدۇ. يازغۇچى، سەنئەتكارلار سۇبيېكت ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئوخشاشلا ئىككى ئادەمنىڭ بىرى ئوبيېكت، يەنە بىرى سۇبيېكت بولىدۇ. ئەمما ئوبزورچىمىز ئوتتۇرىغا قويغان «سۇبيېكت ئوبيېكتنىڭ ئاكتىپ ئىنكاسى» دېگەن ئاتالمىش «ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەر» دىن ئادەم ئادەمنىڭ ئىنكاسى دېگەن يەكۈن چىقىدۇ. ئېنىقكى، ماتېرىيالىزم ھەرگىزمۇ بۇنداق بىمەنە سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ئوبيېكت بىلەن سۇبيېكت قارىمۇ قارشىلىقىنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارشىلىقى پەقەت بىلىش نەزەرىيىسى دائىرىسىدىلا مۇتلەق ئەھمىيەتكە ئىگە. ئادەتتە ئوبيېكت سۇبيېكتقا بېقىنمىغان ھالدا ئوبيېكتىپ

www.uyghurkitap.com

رەۋىشتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. سۇبيېكت ئوبيېكتقا قارىتا پاسسىپ، ئۆلۈك پوزىتسىيىدە ئەمەس، بەلكى ئاكتىپ، پائالىيەتچان پوزىتسىيىدە بولىدۇ. سۇبيېكت ئۆز ئېھتىياجى، تەجرىبىسى بىلەن ئوبيېكتنى تونۇش داۋامىدا ئىزچىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئوبيېكتنى ئۆزىنىڭ تۈرلۈك تېما ۋە ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئايرىپ، پەقەت ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنىلا ئىگىلەيدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن سۇبيېكت ھەرگىزمۇ ئوبيېكتنىڭ ئەكسىچە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ دېگەن مەنە چىقمايدۇ.

## ئىككىنچى، ئىدراك ھەققىدىكى يېڭى كۆز قاراش

مەلۇمكى، ئىدراك، سەزگۈ ۋە تەسەۋۋۇر (مېنىڭچە، خاتىرە دېيىش كېرەك) ھېسسىي بىلىشنىڭ ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق بولغان جەريانلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە سەزگۈ ئىدراكنىڭ ئاساسى ھەم مۇھىم قىسمى، ئىدراك سەزگۈلەرنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ھەم ئورگانىك بىرىكمىسى، تەسەۋۋۇر سەزگۈ ۋە ئىدراك ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. ئۇ بۇرۇن سەزگەن ۋە ئىدراك قىلىنغان شەيئىلەرنىڭ مېڭىمىزدە ساقلىنىپ قالغان تەسىرى. دېمەك، بۇ ئۈچى بىر-بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ. بىراق ئۇلار يەنە بىر-بىرىدىن روشەن ھالدا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ ھەمدە ھېسسىي بىلىشنىڭ ئايرىم-ئايرىم جەريانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. سەزگۈ—سەزگۈ ئورگانلىرىمىزغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىۋاتقان شەيئىلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئىنكاسى. ئىدراك—سەزگۈ ئورگانلىرىمىزغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىۋاتقان شەيئىلەرنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن ئىنكاسى. تەسەۋۋۇر بولسا، شەيئىلەرنىڭ بىز ئۇلاردىن ئايرىلغاندىن كېيىن مېڭىمىزدە ساقلىنىپ قالغان ئوبرازى.

ئەپسۇسكى، ئوبزورچىمىز ئۆز كىتابىدا «ئىدراك ھېسابلانغان سەزگۈ، تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر» دەپ يېزىپ، بۇ ئۈچىنى بىر نەرسە ياكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئىدراك ھېسابلىنىدۇ دېگەن بىر يېڭى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئوبزورچىمىز يەنە خىيال، قىياس، تەخمىنلەر قاتارلىقلارنى ئىدراكنىڭ ئامىللىرى دېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىدراكتىن پەرقلىق بولغان پسىخىك جەريانلار ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ-دە، خىيال، قىياس، تەخمىنلەر قاتارلىقلار ئىدراكنىڭ ئامىللىرى دەيدۇ.

## ئۈچىنچى، ئېستېتىك ئاڭ ھەققىدىكى بىمەنە قاراش

ئوبزورچىمىز ئېستېتىك ئاڭنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «بولۇپمۇ ئۇ (بەدىئىي ئىجادىيەت قانۇنىيىتىنى دېمەكچى — نەقىل ئالغۇچىدىن) ئادەم مېڭىسى دەپ ئاتىلىدىغان تولىمۇ مۇرەككەپ بىر خىل ماددا ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى بىلەن، ئىچكى-تاشقى ئېڭى بىلەن ئورگانىك جىپسىلاشقان، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ماددىي ۋە روھىي پائالىيىتى قانداق بولسا شۇ پېتى ئۆزىگە كۆرسىتىدىغان، زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆز تەسىرىنى ئۆزىگە كۆرسىتىدىغان ئىجتىمائىي ئىدىيە، نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلارنىڭ يىغىمى بولغان ئىجتىمائىي ئېستېتىك ئاڭنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى توغرىسىدىكى قانۇنىيەت، «ئۇ (بەدىئىي پائالىيەتنى دېمەكچى — نەقىل ئالغۇچى) ئادەم مېڭىسى دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى مۇرەككەپ، ئالاھىدە بىر خىل ماددا ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مەنىلىك ۋە بىمەنە، ياخشى ۋە يامان، بەختلىك ۋە بەختسىز تۇرمۇش شارائىتلىرى، ياشاش ئۇسۇللىرى، ھەركىمنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىكى تارىخ ۋە روھ ھەقىقىتىنى راستچىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىجتىمائىي ئىدىيە، نەزەرىيە ۋە كۆز

قاراشلارنىڭ يىغىمى بولغان ئېستېتىك ئاڭنىڭ ئالىي شەكلى.»

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئوبزورچىمىز ئېستېتىك ئاڭنى ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيىتى قانداق بولسا شۇ پېتى ئۆزىگە كۆرسىتىدىغان، ماكان ۋە زاماننىڭ ئۆز تەسىرىنى ئۆزىگە كۆرسىتىدىغان، كىشىلەرنىڭ مەنىلىك ۋە بىمەنە، ياخشى ۋە يامان، بەختلىك ۋە بەختسىز تۇرمۇش شارائىتلىرى، ياشاش ئۇسۇللىرى، ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىكى تارىخ ۋە روھ ھەقىقىتىنى راستچىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىجتىمائىي ئىدىيە، نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلارنىڭ يىغىندىسى دەپ ئىزاھلايدۇ.

ئېستېتىكىدىن باشلانغۇچ ساۋاتقا ئىگە كىشىلەرگە مەلۇمكى، ئېستېتىك ئاڭنى ھەرگىزمۇ ئوبزورچىمىز چۈشەندۈرگەندەك ئىجتىمائىي ئىدىيە، نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلارنىڭ يىغىندىسى دېيىشكە بولمايدۇ.

ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىجتىمائىي ئاڭ، ئىجتىمائىي ئىدىيە ۋە نەزەرىيىنىڭ مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىدىيە ئاڭنىڭ نەزەرىيىۋىلەشكەن شەكلى، نەزەرىيە بولسا، ئىدىيىلەرنىڭ سىستېمىلاشتۇرۇلۇشى ياكى ئىدىيە، كۆز قاراش، ئۇقۇم ۋە قائىدىلەر سىستېمىسى، كىشىلەرنىڭ ھېسسىي بىلىش ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ئېرىشكەن تەپەككۇر مېۋىسى. مەسىلەن، ئەخلاقىي ئىدىيىلەر ئەخلاقىي ئاڭنىڭ نەزەرىيىۋىلەشكەن شەكلى. ئېستېتىك ئىدىيىلەرمۇ ئېستېتىك ئاڭنىڭ نەزەرىيىۋىلەشكەن شەكلى. دەسلەپ ئاڭ شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىدىيە ۋە نەزەرىيە بارلىققا كېلىدۇ. ئادەتتە ئاڭ نەزەرىيىۋى شەكىلگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئىدىيە ۋە نەزەرىيىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىدىيە بىلەن نەزەرىيە ئىنسانىيەت تەپەككۇرى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر باسقۇچىغا يەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. مەسىلەن، ئەڭ دەسلەپكى ئېستېتىك ئىدىيىلەر ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ نەزەرىيىۋى شەكلى ھېسابلانغان پەلسەپە بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئېستېتىك ئاڭ ھەققىدە تەكرار مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن... دېمەكچىمىزكى، مەيلى قايسى نۇقتىدىن قارىغاندا بولسۇن، ئاۋۋال ئاڭ شەكىللەنگەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىدىيە ۋە نەزەرىيە بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ھەرقانداق ئاڭنى ئىدىيە ۋە نەزەرىيىلەرنىڭ يىغىمىسى دېيىشكە بولمايدۇ. ئېستېتىك ئاڭنىمۇ، ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ باشقا شەكىللىرىنىمۇ ئۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىجتىمائىي ئىدىيە ۋە نەزەرىيىلەرنىڭ يىغىمىسى ئاڭنى ئەمەس، بەلكى ئاڭ فورماتسىيىلىرىنى ۋە ھەر خىل پەنلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئېستېتىك ئاڭنى ۋە ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ باشقا شەكىللىرىنى ئوخشاشلا ئىجتىمائىي ئىدىيە ھەم نەزەرىيىلەر يىغىمىسى دېيىشكە بولمايدۇ.

ھەقىقىي مەنىدىكى ئېستېتىك ئاڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت گۈزەللىكنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسى، كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت شەيئىلەر گۈزەللىكى ھەققىدىكى بىر خىل بىلىشى بولۇپ، ئۇ دائىرە جەھەتتە كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت ئېستېتىك ئوبيېكتىنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدىكى تەسىراتى ھېسابلانغان گۈزەللىك تەسىراتىنى، ئۇزاق مەزگىللىك ئېستېتىك ئەمەلىيەت جەريانىدا شەكىللەنگەن گۈزەللىك ھەققىدىكى تونۇشى ھېسابلانغان ئېستېتىك قارىشىنى، كىشىلەرنىڭ مەلۇم خىلدىكى ئېستېتىك ئوبيېكتلارغا بولغان ئالاھىدە ياخشى كۆرۈشى ۋە مايىللىقى ھېسابلانغان ئېستېتىك قىزىقىشىنى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com



گۈزەللىك جەھەتتە ئىنتىلىدىغان، تەلپۈنىدىغان ئەڭ يۇكسەك مەنزىل ھېسابلانغان ئېستېتىك غايىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېستېتىك ئاڭ ئېستېتىكا ئىلمىگە خاس ئاتالغۇ، شۇڭا ئۇنى ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن ئىزاھلاش كېرەك.

ئوبزورچىمىز ئېستېتىك ئاڭ ھەققىدىكى بىز يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئىزاھاتىدا «زامان ۋە ماكانىنىڭ ئۆز تەسۋىرىنى ئۆزىگە كۆرسىتىدىغان...»، «ئىنسانىيەتنىڭ... ئىچكى-تاشقى ئېڭى بىلەن ئورگانىك جىپسىلاشقان...» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىلىدۇ. قىزىق ئىش، زامان ۋە ماكانىنىڭ ئۆز تەسۋىرىنى قانداقمۇ ئۆزىگە كۆرسەتكىلى بولسۇن؟! ئاڭنى ئىچكى ئاڭ ۋە تاشقى ئاڭ دەپ تۆرگە ئايرىشمۇ بىر خىل مەنتىقسىزلىك.

**تۆتىنچى، پسىخولوگىيە جەھەتتە**

ئوبزورچىمىز مەزكۇر كىتابىدا ئەدەبىياتنى ئىنسانىيەت پسىخولوگىيىسىگە خاس بولغان ئورتاقلىق ۋە خاسلىقنى ئىپادىلەشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئەدەبىياتتا پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى پسىخولوگىيىسىنى كونكرېت پائالىيەت تەسۋىرلىرىگە تايىنىپ ئىپادىلەيدىغان جەريانغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىياتتا ئادەمنىڭ خۇسۇسىيىتى، مىجەزى، پسىخولوگىيىسى، ھېسسىياتى، كەيپىياتىنى گەۋدىلىك تەسۋىرلەشنى بارلىق ئىزدىنىشنىڭ مەركىزى قىلىش كېرەك، دەپ چاقىرىق قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئادەم پسىخولوگىيىسى بىلەن ھەپىلىشىدىغان پسىخىكا ئىلمى دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ پسىخولوگىيە جەھەتتىكى ساۋاتسىزلىقىنى ئاشكارىلايدۇ.

ئوبزورچىمىز ئەسلىدە ئىنسانىيەت پسىخولوگىيىسى، پېرسوناژلار پسىخولوگىيىسى، ئادەم پسىخولوگىيىسى دېمەي، ئىنسانىيەت پسىخىكىسى، پېرسوناژلار پسىخىكىسى، ئادەم پسىخىكىسى دېگەن بولسا، شۇنىڭدەك ئادەم پسىخولوگىيىسى بىلەن ھەپىلىشىدىغان پسىخىكا ئىلمى دېمەي، ئادەم پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پسىخولوگىيە ئىلمى دېگەن بولسا توغرا بولاتتى. چۈنكى ئادەمدە سەزگۈ، ئىدراك، خاتىرە، تەپەككۇر، ھېسسىيات، ئىرادە، خاراكتېر، كەيپىيات قاتارلىق پسىخىك ھادىسىلەر ئومۇمىيلاشتۇرۇلۇپ، پسىخىكا دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنساندىكى بۇ خىل پسىخىك ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن پسىخولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا ئادەم پسىخولوگىيىسى بىلەن ھەپىلىشىدىغان پسىخىكا ئىلمى دېيىش تامامەن خاتا.

**بەشىنچى، ئابستراكت تەپەككۇر، ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر مەسىلىسىدە**

ئوبزورچىمىز يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى ئىنكاسى بىلىشنىڭ تۇيغۇ باسقۇچىدىكى ھېسسىي ئىنكاس بولۇپ، ئۇنى ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا كۆتۈرۈش لازىم، دەپ كېلىپ، بۇ پەقەت ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ ياردىمى، يەنى يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ قارىماققا توغرىدەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئوبزورچىمىز ھېسسىي بىلىش بىلەن ئەقلىي بىلىشنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تاشلاپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، يەنى ھېسسىي بىلىشنىڭ ئەقلىي بىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، ئەقلىي بىلىشنىڭمۇ ھېسسىي بىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پەرقىنىڭ نىسپىي ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە ئۆتۈپ، ماھىيەتنى بىلەلەيدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئابستراكت تەپەككۇر بىلەن يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى بىر نەرسە دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككىسى راستىنلا بىر نەرسىمۇ؟

مەلۇمكى، ئابستراكت تەپەككۇر ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە ئەقلىي خۇلاسە قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىچكى باغلىنىشىنى ئېچىپ بېرىدىغان بىر خىل مەنتىقى بىلىش جەريانى، ئۇ ھادىسىدىن ماھىيەتكە، ئايرىملىقتىن ئومۇمىيلىققا، كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىققا ئۆتۈشتىن ئىبارەت بىلىش جەريانى ھېسابلىنىدۇ.

تەسەۋۋۇر بولسا، ئىلگىرىكى خاتىرە ۋە تەسىراتلار ئاساسىدا يېڭى ئوبرازلارنى يارىتىدىغان، ئىجاد قىلىدىغان پىسخىك جەريان، بىراق ئۇ مېڭىمىزدىكى ئىلگىرىكى خاتىرە ۋە تەسىراتلارنىڭ ئاددىي ھالدىكى قايتا نامايەن بولۇش جەريانى ئەمەس، بەلكى مېڭىمىزنىڭ يېڭىدىن-يېڭى ئوبرازلارنى ئىجاد قىلىش جەريانى، دېمەك، ئابستراكت تەپەككۇر بىلەن تەسەۋۋۇر بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل پىسخىك پائالىيەت، شۇڭا ئۇلارنى ھەرگىز بىر نەرسە دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئوبزورچىمىز تەسەۋۋۇر ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئۇنى بىردەم ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنيا ھادىسىلىرىنىڭ روشەن ھېسسىي ئوبرازى دېسە، بىردەم تەسەۋۋۇر تۇرمۇش بىلىمى توغرىسىدىكى ئۇقۇملارغا تايىنىپ پىكىر قىلىش جەريانى دەيدۇ. بىردەم روشەن ھېسسىي ئوبراز ھاسىل قىلىش ئۇنىڭ ۋەزىپىسى دەيدۇ. ئىشقىلىپ تەسەۋۋۇر ھەققىدە سۆزلەيدۇ-يۇ، ئەمما تەسەۋۋۇرنىڭ زادى قانداق نەرسىلىكىنى نازا ئاڭقىرالماي گاڭگىراپ قالىدۇ. خوش، تەسەۋۋۇر زادى قانداق نەرسە؟ ئۇ ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنيا ھادىسىلىرىنىڭ ھېسسىي ئوبرازىمۇ ئەمەس، تۇرمۇش بىلىمى توغرىسىدىكى ئۇقۇملارغا تايىنىپ پىكىر قىلىش جەريانىمۇ ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى خاتىرە، تەسىراتلار ئاساسىدا يېڭى ئوبرازلارنى يارىتىدىغان، ئىجاد قىلىدىغان پىسخىك جەرياندىن ئىبارەت.

ئوبزورچىمىز «ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە ئوبرازلاشتۇرۇش قانۇنىيىتى» دېگەن ماقالىسىدا ئوبرازلىق تەپەككۇرنى «نىسبەتەن مۇقىم ئۇقۇملارنى يارىتالايدىغان ۋە بۇ ئۇقۇملارنى شەيئىلەرگە تەدبىق قىلالايدىغان تەپەككۇر شەكلى، ئۇنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر دەپ ئاتىلىشى مەنتىقىي ياكى ئابستراكت تەپەككۇردىن ئايرىۋېلىش ئۈچۈندۇر. يازغۇچىنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانى ئۇ تۇرمۇشتىن ئىگىلىگەن ھېسسىي ماتېرىياللار ئاساسىدا چىقارغان مەلۇم بىر خىل ئەقلىي يەكۈن (ئەسەردە ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيە) نىڭ دەسلەپكى ھالىتىدىن تەدرىجىي ھالدا چوڭقۇرراق بولغان يەنە بىر ھالىتىگە ئۆتۈش ياكى ھېسسىي تەجرىبىلىرى ئاساسىدا چىقارغان دەسلەپكى ھۆكۈمدىن ئايرىملىقنى ئەمەس، بەلكى ئومۇمىيلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى ھۆكۈم پەيدا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش جەريانىدۇر. بۇ جەرياندا ئۇ ئېرىشكەن خىلمۇ خىل ھۆكۈملەرنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئاخىرقى بىر ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ» دەپ يازىدۇ.

ئېنىقكى، ئوبزورچىمىز بۇ يەردە ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ئۇقۇم يارىتالايدىغان، ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەدبىق قىلالايدىغان تەپەككۇر شەكلى، ھېسسىي ماتېرىياللار ئاساسىدا چىقارغان دەسلەپكى ھۆكۈمدىن يېڭى ھۆكۈمنى پەيدا قىلىدىغان جەريان، خىلمۇ خىل ھۆكۈملەرنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئاخىرقى بىر ھۆكۈمنى چىقىرىدىغان جەريان دەيدۇ. بىرىنچىدە، بۇ ئوبرازلىق تەپەككۇر ھەققىدە قالايمىقان سۆزلىگەنلىك، ئىككىنچىدىن، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق ئابستراكت تەپەككۇردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلىق، ئۈچىنچىدىن، ئابستراكت تەپەككۇرنى ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنلىك.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەدىب-سەنئەتكارلار بەدىئىي ئىجادىيەتكە

كىرىشتىن ئىلگىرى كۆپلىگەن ھېسسىي ماتېرىياللارنى توپلايدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ ھېسسىي ماتېرىياللارنى ئۇلاردىن ئابستراكت ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە ئەقلىي خۇلاسىلەرگە ئېرىشىش مەقسىتىدە توپلىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھېسسىي ماتېرىياللارنى توپلاشتىن مەقسىتى ئەڭ ئاخىرقى ھېساباتا جانلىق، كونكرېت، ھېسسىي كارتىنىلارنى، يەنى بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىشتىن ئىبارەتكى، ھەرگىزمۇ ئوبزورچىمىز دېگەندەك ئاللىقانداق ئۇقۇم ۋە ھۆكۈملەرگە ئېرىشىش ئەمەس. ھېسسىي ماتېرىياللاردىن ئۇقۇم، ھۆكۈمگە ئېرىشىش سەنئەتكارلارنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى، بۇ ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمۇ ئەمەس. بەلكى ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى.

ئادەتتە بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانى ماتېرىيال توپلاش باسقۇچى، بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش باسقۇچى ۋە بەدىئىي يەتكۈزۈش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ماتېرىيال توپلاش باسقۇچى سەنئەتكارلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ھېسسىي ماتېرىياللارغا ئېرىشىش باسقۇچى. بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش باسقۇچى بولسا، ئاشۇ ھېسسىي ماتېرىياللار ئۈستىدە رەتلەش، تاللاش ۋە تاۋلاش ئېلىپ بېرىپ، تەسەۋۋۇر، ئىلھام قاتارلىق پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ ياردىمىدە ئۆز كاللىسىدا بەدىئىي ئوبرازلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش باسقۇچى. بەدىئىي يەتكۈزۈش باسقۇچى بولسا، بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش باسقۇچىدا سەنئەتكار ئېڭىدا بارلىققا كەلگەن بەدىئىي ئوبرازلارنى بەلگىلىك ماددىي ماتېرىياللار ئارقىلىق پىششان بەدىئىي ماھارەت ۋە بەدىئىي دىت ياردىمىدە ماددىي ھالەتكە كەلتۈرۈش باسقۇچى. بۇنىڭدىن بىز ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ھېسسىي ماتېرىياللاردىن ئابستراكت ئۇقۇملارنى، ھۆكۈملەرنى ھەم ئەقلىي خۇلاسىلەرنى چىقىرىدىغان جەريان ئەمەسلىكىنى كۆرەلەيمىز.

ئوبزورچىمىز يەنە ئوبرازلىق تەپەككۇرنى «ئىدىيىنى تەسەۋۋۇر ۋە ئوبرازلار بىلەن باغلايدىغان پائالىيەتچان جەريان»، «ئىدىيىنى ئوبراز ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلەش ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى...» دەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق سەنئەتكار ئالدى بىلەن مەلۇم بىر ئىدىيىگە ئىگە بولىدۇ، ئاندىن شۇ ئىدىيىنى ئوبراز بىلەن باغلايدۇ، بەدىئىي ئىجادىيەت دېمەك ئىدىيىنى ئوبراز ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلەش دېمەكتۇر، ئوبرازلىق تەپەككۇر يازغۇچىنىڭ مەلۇم ئىدىيىنى ئوبراز ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلىشى دېمەكچى بولىدۇ؛ بۇ ئەمەلىيەتتە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈشكە تەگلەشتۈرۈپ قويغانلىق.

**بەدىئىي ئوبراز مەسىلىسىدە**

ئوبزورچىمىز «مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ھەربىر بەدىئىي ئوبراز ئىجتىمائىي ئىدىيىلەرنىڭ يىغىندىسى سۈپىتىدە... ئۆزىنى ئۆزى بىلىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلالايدىغان ئاڭغا ئىگە مۇكەممەل جانلىق ئادەم...» دەپ يازىدۇ.

ئېنىقكى، ئوبزورچىمىز بۇ يەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازنى ئىجتىمائىي ئىدىيىلەرنىڭ يىغىندىسى دەپ قارايدۇ. ئوبزورچىمىزنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭ «ئىدىيىنى ئوبراز ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلەش ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى» دېگەن گېپى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەدەبىي ئەسەردە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلار ئادەتتە يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشىنى ئازدۇر-كۆپتۇر ئەكس

ئەتتۇرمەي قالمايدۇ. بىراق مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغىنى يالغۇز ئاشۇ ئىجتىمائىي ئىدىيە، ئىدىيىۋى كۆز قاراشلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. يازغۇچى، سەنئەتكارلار بەدىئىي ئوبرازلارنى ياراتقاندا ئۇلارغا ئىجتىمائىي ئىدىيەلەرنىڭ يىغىندىسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلمايدۇ. ئەكسىچە جانلىق ئادەم سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. بەدىئىي ئوبرازنى ئۆز ئىدىيىۋى كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستە دەپ قارىمايدۇ. بەلكى بەدىئىي ئوبراز يارىتىشنىڭ ئۆزىنى ئالىي مەقسەت دەپ بىلىدۇ.

ئادەتتە ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوبرازلار يالغۇز ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەرنى ئىپادىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ يەنە يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى، ئېستېتىك باھاسى، ئېستېتىك قىزىقىشى ۋە ئېستېتىك غايىلىرىنىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملەيدۇ. شۇنىڭدەك شۇ مىللەتنىڭ شۇ دەۋردىكى ئېستېتىك غايىلىرى، ئېستېتىك ئىنتىلىشلىرى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى ئۇقۇمدىن، ئىدىيىدىن چوڭ بولىدۇ.

نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئوبزورچىمىز بەدىئىي ئوبرازنى يەنە ئۆزىنى ئۆزى بىلىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان ئاڭغا ئىگە جانلىق ئادەم دەيدۇ. بۇ ئوبزورچىمىزنىڭ بەدىئىي ئوبرازلارغا بەلگىلەپ بەرگەن يېڭى رامكىسى. ئۇنىڭ بۇ رامكىسى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ دائىرىسىنى بەك تارايتىۋەتكەن. مۇبادا بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ شەرتى ئۆزىنى ئۆزى بىلىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان ئاڭغا ئىگە جانلىق ئادەم بولىدىغان بولسا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان ساراڭلار، سەۋدايىلار ئوبرازىنى نېمە دېيىش كېرەك؟ دونكىخوت، AQ قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئوبرازلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلار دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىش كېرەكمۇ؟

## تىپ ھەققىدىكى بايانلار توغرىسىدا

ئوبزورچىمىز تىپ ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، « ئادەم بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يەكۈنى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ يېمىرىلمەس قائىدىدىن...» دېگەن گەپنى قىلىدۇ ۋە « ئادەم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يەكۈنى » ، بۇ « يېمىرىلمەس قائىدە » دەيدۇ. ئوبزورچىمىز بۇ يەردە ماركسنىڭ « فېيېرباخ توغرىسىدا تېزىسلار » دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئادەمنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى قائىدىنى كۆزدە تۇتتىمۇ ياكى ماركس ئوتتۇرىغا قويغان ئادەمنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى قائىدىدىن تەسىرلىنىپ، بۇ يېڭى « يېمىرىلمەس قائىدە » نى كەشىپ قىلدىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم، مۇبادا ئۇ ماركس ئوتتۇرىغا قويغان قائىدىنى كۆزدە تۇتقان بولسا، ئۇ قائىدە مۇنداق: « ئادەمنىڭ ماھىيىتى يەككە ئادەمنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدىن بار بولغان ئابستراكت نەرسە ئەمەس. ئۆزىنىڭ رېئاللىقى جەھەتتە ئۇ بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى. » كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ماركس « ئادەم بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يەكۈنى » دېمىگەن، بەلكى « ئادەم بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى » دېگەن. « يەكۈن » بىلەن « يىغىندى » ئىستېمال مەنىسىدە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان سۆزلەر (بۇ تەرىپى كىتابخانلارغا ئايان).

ئوبزورچىمىز خاسلىق ھەققىدە سۆزلەپ كېلىۋېتىپ، « ئوبرازنىڭ خاسلىقى ئورتاقلىق،

ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ۋە ماھىيەتلىك تۇرمۇش ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ» دەيدۇ. ئوبرازنىڭ خاسلىقى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت، ئۇ ماھىيەتلىك تۇرمۇش ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ دېسە، بەلكىم توغرا بولار، ئەمما ئوبرازنىڭ خاسلىقى ئورتاقلىق ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ دېسە قانداق بولىدۇ؟ خاسلىق بىلەن ئورتاقلىقنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئورتاقلىق خاسلىق ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. خاسلىق ئىچىدە ئىپادىلىنىدۇ. خاسلىق بولمىسا، ئورتاقلىقمۇ بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئوبرازنىڭ ئورتاقلىقنى خاسلىق ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈشلا مۇمكىنكى، ھەرگىزمۇ خاسلىقنى ئورتاقلىق ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

ئوبزورچىمىز بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئوبرازنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، بىر-بىرىگە زىت كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن، پېرسوناژنىڭ ئومۇمىيلىقى ھەققىدە سۆزلىگەندە، «شۇ تۈرگە مەنسۇپ بولغان ئادەملەردە ئۇچرايدىغان ئومۇمىي، ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئوبرازلار بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئوبرازلار بولىدۇ» دېسە، خاسلىق ھەققىدە سۆزلىگەندە، «ھەربىر ئادەم يۈكسەك خاسلىققا ئىگە بولىدىغانلىقى بىلەن بىر تىپىكلەشتۈرۈلگەن پېرسوناژ» دەيدۇ. ئارقىدىنلا يەنە «تىپىكلەشتۈرۈلگەن پېرسوناژ خاسلىق بىلەن ئومۇمىيلىق يۈكسەك دەرىجىدە بىرلەشتۈرۈلگەن پېرسوناژ» دېمەكچى بولىدۇ. خوش، بۇ ئۈچ خىل قاراشتىن قايسىسى توغرا؟

ئوبزورچىمىز بىردەم «خاسلىققا ئىگە بولغانلىق ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغانلىق... ھەرقانداق خاسلىق ئومۇمىيلىق ئامىللىرى بىلەن تولۇپ-تاشقان بولىدۇ» دېسە، بىردەم «خاسلاشتۇرۇلغان ئوبراز يەنە ئومۇمىيلاشتۇرۇلۇشى كېرەك» دەيدۇ. مەلۇمكى، خاسلاشتۇرۇش پېرسوناژلارنى خاسلىققا ئىگە قىلىش جەريانى، خاسلاشتۇرۇلغان پېرسوناژ خاسلىققا ئىگە قىلىنغان پېرسوناژ، ئوبزورچىمىزنىڭ قارىشىچە، خاسلىققا ئىگە بولغانلىق ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغانلىق بولىدىكەن، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن «خاسلاشتۇرۇلغان پېرسوناژ يەنە ئومۇمىيلاشتۇرۇلۇشى كېرەك» ئىكەن؟!

ئوبزورچىمىز «پېرسوناژنىڭ ئومۇمىيلىقى شۇ كىشىلەر ۋەكىللىك قىلغان كىشىلەر توپىدا ئۇچرايدىغان، ئۇچرىشى مۇمكىن بولغان ئورتاقلىق، بىردەكلىك، ئوخشاشلىقلارنى شۇ كىشىلەر توپىنى تەشكىل قىلغان ھەر بىر مۇئەييەن شەخسنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى دائىرىسىدىكى شۇ تارىخ، شۇ تىپ، شۇ دەۋرگە خاس ئورتاق ئەمەلىيەت، ئورتاق تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى خىيالەن ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي بەدىئىي توقۇلما ۋاستىسى بىلەن پېرسوناژ ۋۇجۇدىغا كۆچۈرۈپ كېلىشتەك ئىجادىي جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەيدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ يەردە ئوبزورچىمىز پېرسوناژنىڭ ئومۇمىيلىقى بىلەن مانا مۇشۇ ئومۇمىيلىقنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر پرىنسىپى ھېسابلانغان ئومۇمىيلاشتۇرۇش پرىنسىپىنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

ئوبزورچىمىز يەنە ئومۇمىيلاشتۇرۇش بىلەن خاسلاشتۇرۇش «بەدىئىي ئوبراز گەۋدىسىدە بىر سىممېترىك تۈز سىزىقنى ھاسىل قىلىدۇ» دەيدۇ. مەلۇمكى، خاسلاشتۇرۇش بىلەن ئومۇمىيلاشتۇرۇش تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى ھەم جەريانى، خاسلاشتۇرۇش پېرسوناژلار ئوبرازىنى روشەن، جانلىق خاسلىققا ئىگە قىلىش جەريانىنى كۆرسەتسە، ئومۇمىيلاشتۇرۇش بىر تۈرگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ ئورتاق ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلەش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، خاسلاشتۇرۇش بىلەن ئومۇمىيلاشتۇرۇش روشەن خاسلىققا ۋە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان

بەدىئىي ئوبرازنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت جەريانى، خاسلاشتۇرۇش بىلەن ئومۇمىلاشتۇرۇش بەدىئىي ئوبرازنى خاسلىققا ۋە ئومۇمىلىققا ئىگە قىلىدۇ دېگىلى بولىدۇ. بىراق «ئومۇمىلاشتۇرۇش بىلەن خاسلاشتۇرۇش بەدىئىي ئوبراز گەۋدىسىدە بىر سىممېترىك تۈز سىزىقنى ھاسىل قىلىدۇ» دېيىشكە بولمايدۇ. ئەپسۇسكى، ئوبزورچىمىز خاسلاشتۇرۇش بىلەن خاسلىقنى، ئومۇمىلاشتۇرۇش بىلەن ئومۇمىلىقنى پەرقلەندۈرمىگەن.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سىممېترىكلىك ئۆزئارا ئوخشاش ياكى ئوخشاپراق كېتىدىغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئوشۇق شەكىل ئېلېمېنتلىرىنىڭ بىر تۈز سىزىقنى مەركەز قىلىپ ئۈستمۇ ئۈست چۈشۈشتىن ئىبارەت بىر خىل مۇتلەق تەكشۈكلۈكنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئادەمنىڭ كۆزلىرى، قاشلىرى، قۇلاقلىرى، بۇرۇن تۆشۈكلىرى ئۆزئارا سىممېترىكلىكنى ھاسىل قىلىدۇ. سىممېترىكلىك يۇقىرى-تۆۋەنگە سىممېترىك، ئوڭ-سولغا سىممېترىك دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئوبزورچىمىزنىڭ «سىممېترىك تۈز سىزىق» دېگەندە نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئېنىق ئەمەس، ئەمما سىممېترىك بىلەن تۈز سىزىق بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدە ئايرىم-ئايرىم ئىككى نەرسە.

**تېپىك مۇھىت مەسىلىسىدە**

ئوبزورچىمىز تېپىك مۇھىتنى بىردەم ئەينى تۇرمۇش مۇھىتى دېسە، بىردەم تېپىك مۇھىت مەۋجۇدىيەت دەيدۇ. يەنە بىردەم «پېرسوناژ پائالىيىتىگە ئۇنداق ياكى مۇنداق تەسىر كۆرسەتكەن، ھەرىكىتىگە پۇتلىكاشاڭ بولغان ياكى ئاقىۋول ئاچقان. بالا-قازاغا ئۇچراتقان ياكى بەخت، ئامەتكە ئېرىشتۈرگەن نەرسە باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى بىز دەۋاتقان ماكان، زامان ياكى تېپىك شارائىت، تېپىك مۇھىتتۇر» دەيدۇ.

بىز بۇلاردىن ئوبزورچىمىزنىڭ تېپىك مۇھىتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

تېپىك مۇھىت ئەينى تۇرمۇش مۇھىتمۇ؟ مەلۇمكى، ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش مۇھىتى ئەسەردىكى پېرسوناژلارنى ئوراپ تۇرغان، ئۇلارنى پائالىيەت زېمىنى بىلەن تەمىنلەيدىغان، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، روھىي دۇنياسى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى قاتارلىقلارغا ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغان تەبىئىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغانلىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ھەققىدىكى تەسۋىرلەردىن ئايرىلالمايدۇ. ئوبزورچىمىزنىڭ تېپىك مۇھىت ئەينى تۇرمۇش مۇھىتى دېگەن چۈشەنچىسى بويىچە بولغاندا، تۇرمۇش مۇھىتى تەسۋىرلەنگەن ئەسەر تېپىك مۇھىت يارىتىلغان ئەسەر بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە تۇرمۇش مۇھىتى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدىلا تېپىك مۇھىت بەرپا قىلىنغان بولۇشى ناتايىن. بۇنىڭغا ئېنگېلسنىڭ ھارگنېسنىڭ «شەھەر قىزى» ناملىق ئەسىرىگە باھا بېرىپ، ئۇنىڭ بۇ ئەسەردە تېپىك مۇھىتتىكى تېپىك خاراكتېرلارنى چىنلىق بىلەن يېزىپ چىقالمىغانلىقى ھەققىدە ئېيتقان «سىزنىڭ پېرسوناژلىرىڭىز ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يېتەرلىك تېپىكلىككە ئىگە. ئەمما ئۇ پېرسوناژلارنى ئوراپ تۇرغان ھەم ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولىدىغان مۇھىت ئۇنداق تېپىك ئەمەس» دېگەن سۆزى ياخشى دەلىل بولالايدۇ. «شەھەر قىزى»دا تۇرمۇش مۇھىتى بار. ئېنگېلس ئېيتقان پېرسوناژلارنى ئوراپ تۇرغان، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولغان مۇھىت دەل تۇرمۇش مۇھىتى، ئېنگېلس مانا مۇشۇ مۇھىتنى تېپىك ئەمەس دەيدۇ. بىز ئېنگېلسنىڭ بۇ گېپىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



«شەھەر قىزى» دا تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ بارلىقىنى، ئەمما تىپىك مۇھىتىنىڭ كەمچىللىكىنى كۆرەلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ تىپىك مۇھىتقا تەڭ ئەمەسلىكىنىمۇ بىلەلەيمىز.

مەۋجۇدىيەت بىلەن تىپىك مۇھىت بىر نەرسىمۇ؟ ئوبزورچىمىز «ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدىغانلىقى، مەۋجۇدىيەتتىن ھالقىغان ھالدىكى ئاڭ پائالىيەتلىرىنىڭ بولمايدىغانلىقى، ماددىنىڭ بىرلەمچى، ئاڭنىڭ ئىككىلەمچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ماتېرىيالىستىك پەلسەپىۋى قاراشتىنمۇ مەۋجۇدىيەت، يەنى تىپىك شارائىتنىڭ رولىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالالايمىز...» دېيىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، تىپىك شارائىتنىڭ تىپىك خاراكتېرگە ئىگە تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدە كونكرېت تەھلىل ئېلىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدىغانلىقى، ماددىنىڭ بىرلەمچى، ئاڭنىڭ ئىككىلەمچىلىكىدىن ئىبارەت بولغان ماتېرىيالىستىك پەلسەپىۋى قاراشنى دەسسەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تىپىك شارائىت بىلەن مەۋجۇدىيەتنى بىر نەرسە دەۋالدۇ. مەلۇمكى، مەۋجۇدىيەت تەپەككۇرغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ تەپەككۇردىن تاشقىرى بولغان، بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزغا بېقىنمايدىغان، ئوبيېكتىپ ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەيئى-ھادىسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئادەتتە ماددا بىلەن مەنداش پەلسەپىۋى ئۇقۇم. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى تۈرلۈك-تۈمەن شەيئى-ھادىسىلەر مەۋجۇدىيەتنىڭ كونكرېت شەكىللىرى. جۈملىدىن ئادەممۇ مەۋجۇدىيەتنىڭ بىر خىل شەكلى. مۇبادا مەۋجۇدىيەت بىلەن تىپىك شارائىت بىر نەرسە دەپ قارىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا نەسەردىكى ئادەم ئوبرازلىرىمۇ تىپىك شارائىتنىڭ تەۋە بولۇپ قالامدۇ. ئادەم ئوبرازى تىپىك شارائىت دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېتىلسە، ئۇ چاغدا تىپىك خاراكتېردىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىنمۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئېنگېلسنىڭ رېئالىزملىق ئەسەرلەردە تىپىك شارائىتتىكى تىپىك خاراكتېرلارنى يارىتىش، جۈملىدىن يېزىش نەلىپى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالامدۇ؟ مەۋجۇدىيەت پەلسەپىۋى ئۇقۇم، تىپىك شارائىت بولسا، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە خاس ئاتالغۇ. ئېنگېلس تىپىك شارائىت ھەققىدە توختالغاندا، تىپىك شارائىت بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلگەچكە، بۇ ئىككى ئاتالغۇنى ھېچقاچان ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتمىگەن. مەۋجۇدىيەت ئاتالغۇسىنى پەلسەپە ئەسەرلىرىدە ئىشلەتكەن. تىپىك شارائىت ئاتالغۇسىنى بولسا، ھاركنىسنىڭ «شەھەر قىزى» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە تىلغا ئالغان.

**تىپىك مۇھىت ۋە ماكان، زامان مەسىلىسى**

ئوبزورچىمىز پېرسوناژ پائالىيىتىگە ئۇنداق ياكى مۇنداق تەسىر كۆرسەتكەن، ھەرىكىتىگە پۈتلىكاشاڭ بولغان ياكى ئاقىۋل ئاچقان، بالا-قازاغا ئۇچراتقان ياكى بەخت، ئامەت ئېرىشتۈرگەن نەرسە بىز دەۋاتقان ماكان، زامان ياكى تىپىك شارائىت، تىپىك مۇھىتتۇر، دېيىش ئارقىلىق بىرىنچىدىن، ماكان ۋە زاماننى پېرسوناژلارنىڭ پائالىيىتىگە ئۇنداق، مۇنداق تەسىر كۆرسەتكەن، ھەرىكىتىگە پۈتلىكاشاڭ بولغان ياكى ئاقىۋل ئاچقان، بالا-قازاغا ئۇچراتقان ياكى بەخت-ئامەت ئېرىشتۈرگەن نەرسە دەپ قارايدۇ. بۇ ماكان بىلەن زاماننىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمىگەنلىك، ماكان ۋە زامان ماددىلار ھەرىكىتىنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى بولۇپ، ماكان — ماددىي مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ

ئورنى، كۆلىمى ۋە ھەجمىنى كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى ئۇقۇم، ئۇ كەڭلىك، ئېگىزلىك ۋە ئۇزۇنلۇقتىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلچەملىك بولىدۇ. زامان — ماددا ھەرىكىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىش تەرتىپىنى كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى ئۇقۇم، ئۇ بىر ئۆلچەملىك بولىدۇ ۋە ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان، كەلگۈسى زاماندىن ئىبارەت تەرتىپ بويىچە ماڭىدۇ. پېرسوناژلار پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان، ھەرىكىتىگە پۇتلىكاشاڭ بولغان ياكى ئاقىۋول ئاچقان نەرسە ماكان، زامان ئەمەس، بەلكى ئاشۇ زامان ۋە ماكاننى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى قىلغان، ئاشۇ زاماندا ھەرىكەت قىلىۋاتقان، ئاشۇ ماكاندىن ئورۇن ئالغان ئادەم ۋە باشقا شەيئى — ھادىسىلەردۇر.

ئىككىنچىدىن، ئوبزورچىمىز ماكان. زاماننى تىپىك مۇھىت دەپ قارىغان، ماكان ۋە زامان ماددا ھەرىكىتىنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى، مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى. ئالدىدىلا مەۋجۇدىيەتنى تىپىك مۇھىت دەپ قارىغان ئوبزورچىمىزنىڭ ئەمدى شۇ مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى ھېسابلانغان ماكان، زاماننى تىپىك مۇھىت دەۋالغىنى قىزىق ئىش.

دېمەك، ئوبزورچىمىز بىردەم تۇرمۇش مۇھىتى بىلەن تىپىك مۇھىتنى بىر نەرسە دېسە، بىردەم مەۋجۇدىيەت بىلەن تىپىك مۇھىتنى بىر نەرسە دەيدۇ. يەنە بەزىدە ماكان، زاماننى تىپىك مۇھىت دەپ قارايدۇ.

خوش، ئۇنداق بولسا تىپىك مۇھىت دېگەن زادى نېمە؟

تىپىك مۇھىت تىپىك پېرسوناژلارنى ئوراپ تۇرغان، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە راۋاجىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئۇلارنىڭ چوقۇم شۇنداق پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولىدىغان، شۇنداقلا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىنى، يۆنىلىشىنى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە تەبىئىي شارائىتلارنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن مۇھىت تىپىك بولۇش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، تىپىك خاراكتېرنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان مۇھىت بولۇشى، ئىككىنچىدىن، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان مۇھىت بولۇشى كېرەك. ئېنگېلسنىڭ «شەھەر قىزى» نى تىپىك شارائىت يارىتىلمىغان دەپ تەنقىدلىشىمۇ ھاركىنېسنىڭ ئۆز ئەسىرىدە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان. ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، 19-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىكى ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلگەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئويغىنىپ ئىنقىلابقا ئاتلانغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ مۇقەررەر تارىخىي يۈزلىنىشنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان.

ئەدەبىي ئەسەردە قۇرۇقتىن-قۇرۇق ئىپادىلەنگەن مۇھىتنى تىپىك مۇھىت دەپ ئاتاشقا بولامدۇ؟

ئوبزورچىمىز تىپىك مۇھىت ھەققىدە توختالغاندا، «ئەدەبىي ئەسەرلەردە تىپىك مۇھىتنى قۇرۇقتىن-قۇرۇق ئىپادىلەشكە بولمايدۇ» دەيدۇ. يۇقىرىدا تىپىك مۇھىتنىڭ ئېنىقلىمىسىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. تىپىك مۇھىت تىپىك خاراكتېرگە ئىگە تىپىك پېرسوناژلارنى يارىتىدىغان مۇھىت، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تىپىكلىكى پەقەت تىپىك مۇھىتتىلا چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلىدۇ. مۇھىتنىڭ تىپىكلىكىمۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتى،

www.uyghurkitap.com

ئۆزگىرىشى ئارقىلىق تېخىمۇ تولۇق گەۋدىلىنىدۇ. تىپىك خاراكتېر بىلەن تىپىك مۇھىت بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغان دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىگە ئىگە. ئادەتتە ھەم تىپىك خاراكتېرلارنىڭ شەكىللىنىشىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان، ھەم تارىخنىڭ تەرەققىيات يۆزىلىنىشىنى، دەۋر روھىنى، تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان مۇھىتلا تىپىك مۇھىت بولالايدۇ. قۇرۇقتىن-قۇرۇق ئىپادىلەنگەن مۇھىت تىپىك مۇھىت ھېسابلانمايدۇ.

تەپسىلات تەسۋىرىنىڭ چىنلىقىغا قارىتىلغانمۇ ياكى تىپىك مۇھىتقا قارىتىلغانمۇ؟

ئوبزورچىمىز «كىتابخانىلارنىڭ بىرەر ئەسەردىكى بىرەر پېرسوناژلارنىڭ بىرەر قىلىقى، سۆزى، ھەرىكىتى ۋە تەقى-تۇرقى ئۈستىدىكى ‹بۇ تازا جايىغا چۈشۈپتۇ›، ‹بۇ سۆز ئۇنىڭ خاراكتېرىگە ماس كەلمەپتۇ›، ‹بۇ ھەرىكىتى تازىمۇ قاملىشىپتۇ›، ‹ئۇ چاغدا بۇنداق كىيىم كىيمەيتتى› دېگەنگە ئوخشاش باھالىرىنىڭ ھەممىسى تىپىك مۇھىتقا قارىتىلغان» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، كىتابخانىلارنىڭ بۇ خىل باھالىرى تىپىك مۇھىتقا ئەمەس، بەلكى تەپسىلات تەسۋىرىنىڭ چىنلىقىغا قارىتىلغان.

يازغۇچى ئالدى بىلەن ئەسەردە يېزىلغان كونكرېت مۇھىتنىڭ قانداق مۇھىت ئىكەنلىكىنى كىتابخانىلارغا تاپشۇرۇشى كېرەكمۇ؟

ئوبزورچىمىز «يازغۇچى ئالدى بىلەن ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ مەيدانغا چىقىش ئاساسى بولغان كونكرېت مۇھىتنىڭ زادى قانداق مۇھىت ئىكەنلىكىنى ئېنىق تاپشۇرۇپ دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېچىپ بېرىشى، ئاندىن شۇ ئاساستا ھەم خاسلىق، ھەم ئورتاقلىققا ئىگە تىپىك پېرسوناژلارنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم» دەيدۇ. بۇ ئەدەبىي ئەسەر ئىجادىيىتى ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن كەشپىيات خاراكتېرلىك يېڭى رامكا. ئادەتتە ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ مەيدانغا چىقىش ئاساسى بولغان كونكرېت مۇھىتنىڭ زادى قانداق مۇھىت ئىكەنلىكىنى كىتابخانغا ئېنىق تاپشۇرۇپ ئاندىن تىپىك پېرسوناژ يارىتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى ۋە ئەھمىيىتى يوق.

**چىنلىق مەسىلىسىدە**

ئوبزورچىمىز چىنلىقنى بەدىئىي چىنلىق ۋە تۇرمۇش چىنلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈپ چۈشەندۈرىدۇ. بەدىئىي چىنلىقنى ماھىيەت چىنلىقى دەيدۇ. تۇرمۇش چىنلىقنى بولسا، ھادىسە چىنلىقى دەيدۇ. ئۇ تۇرمۇش چىنلىقى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، تۇرمۇش چىنلىقى شەيئىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، ماھىيەتلىك بولمىغان تەرىپى، تاشقى دۇنيادىكى بىر خىل پارچە-پۇرات جەريانلار كۆرۈنۈشى، تۇرمۇش چىنلىقى نەرسىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، ماھىيەتلىك بولمىغان تەرىپى ئىكەن، ئۇنىڭغا ساختا كۆرۈنۈش، ساختا ھادىسىلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ دەيدۇ. ئارقىدىنلا بەدىئىي چىنلىقنى تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا يارىتىش لازىملىقىنى، بەدىئىي چىنلىق يارىتىشتا، تۇرمۇش چىنلىقىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقنى، تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوبزورچىمىزنىڭ چۈشەنچىسىدىكى بەدىئىي چىنلىق ماھىيەت چىنلىقى تۇرسا، شەيئىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، ماھىيەتلىك بولمىغان تەرىپى، تاشقى دۇنيادىكى پارچە-پۇرات جەريانلار دۆۋىسى ھېسابلانغان، ساختا كۆرۈنۈش، ساختا ھادىسىلەر يوشۇرۇنغان تۇرمۇش چىنلىقىنى ئاساس قىلغاندا ماھىيەت چىنلىقى — بەدىئىي چىنلىقنى يارىتىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟! ئوبزورچىمىز بەدىئىي چىنلىق يارىتىشتا تۇرمۇش چىنلىقىنى ئاساس قىلىشنى

تەكىتلەيدۇ. لېكىن ئارقىدىنلا بۇ گېپىدىن يېنىۋېلىپ، تۇرمۇش چىنلىقىنىلا ئاساس قىلغاندا، جانلىق بەدىئىي چىنلىق يارىتىش مۇمكىن ئەمەس دەيدۇ.

ئوبزورچىمىز يازغۇچى ياراتقان بەدىئىي چىنلىق تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. يازغۇچىنىڭ تەپەككۇرى تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولسا، ئۇ ياراتقان بەدىئىي چىنلىق ھەققىي بەدىئىي چىنلىق بولىدۇ دەيدۇ. ئەمما بەدىئىي چىنلىقنى رېئاللىقتىكى ئوخشاشلىقلار ئوخشىمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈلگەن، ئوخشىماسلىقلار ئوخشاشلاشتۇرۇلغان، چېتىشىپ تۇرغان نەرسىلەر ئايرىۋېتىلگەن، ئايرىلىپ تۇرغان نەرسىلەر قوشۇۋېتىلگەن، ئۇنىڭغىمۇ-بۇنىڭغىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر خىل خىسلەتلىك «كۆلەڭگە» دەيدۇ. مۇبادا بەدىئىي چىنلىق ئوبزورچىمىز دېگەندەك خىسلەتلىك كۆلەڭگە بولىدىغان بولسا، بەدىئىي چىنلىق يارىتىش رېئاللىقنى بۇرمىلاش ۋە ساختىلاشتۇرۇش بولۇپ قالامدۇ؟! بۇنداق ئەھۋالدا بەدىئىي چىنلىقنىڭ تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىملىقىنى تەكىتلەش كۈلكىلىك ئىش بولمامدۇ؟

ئوبزورچىمىز چىنلىق ھەققىدىكى باياناتلىرىدا «بىرەر ئەسەرمۇ ئۇنىڭغا تەسۋىرلەنگەن ۋەقە-ھادىسىلەر چىنلىقى، ئەقلگە مۇۋاپىقلىقى بىلەن بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ» دەيدۇ. چىنلىقنى بولسا، ھەقىقىيلىك، راستچىللىق دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مۇبادا بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەرتى شۇ بولسا، ئۇنداقتا تارىخىي ھۆججەتلەر، ئاخبارات خەۋەرلىرى، جۇڭگو تارىخى ۋە دۇنيا تارىخىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار نادىر بەدىئىي ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا تامامەن ھەقلىقتۇ؟!

ئوبزورچىمىز يەنە «بەدىئىي چىنلىق ھەقىقىتىنىڭ تۇرمۇش چىنلىقىغا، كۈچلۈك رېئاللىققا ئىگە ياكى ئەمەسلىكى، باشقىچە ئېيتقاندا، تەپەككۇرنىڭ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتلىككە ئىگە ياكى ئەمەسلىكى...» دەپ يېزىپ، بەدىئىي چىنلىقنى تەپەككۇر دەپ، تۇرمۇش چىنلىقنى بولسا، ئوبيېكتىپ ھەقىقەت دەپ چۈشىنىدۇ.

مەلۇمكى، تەپەككۇر شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى ۋاستىلىق ھالدا ئومۇملاشتۇرۇپ بىلىش پائالىيىتى. ھەقىقەت بولسا، ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ كىشىلەر ئېڭىدىكى توغرا ئىنكاسى. ئوبيېكتىپ ھەقىقەت ھەقىقەتتە سۇبيېكتىپقا، ئادەمگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ مەزمۇنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا قارىتىلغان، دېمەك، تەپەككۇر بىر خىل بىلىش پائالىيىتى، ھەقىقەت تەپەككۇردىن ئىبارەت بىلىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلانغان توغرا بىلىش. ناۋادا ئوبزورچىمىزدەك بەدىئىي چىنلىقنى تەپەككۇر، تۇرمۇش چىنلىقنى ھەقىقەت دەپ چۈشەنسەك، ئۇ چاغدا تۇرمۇش چىنلىقى ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى توغرا بىلىش؛ بەدىئىي چىنلىق بولسا، مۇشۇ بىلىشكە ئېرىشىش جەريانى بولۇپ قالامدۇ؟! تۇرمۇش چىنلىقى بەدىئىي چىنلىقنىڭ نەتىجىسى بولۇپ قالامدۇ؟

بەدىئىي چىنلىق ماھىيەت چىنلىقى، تۇرمۇش چىنلىقى ھادىسە چىنلىقى دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ئادەتتە ھادىسە بىلەن ماھىيەت دىئالېكتىك باغلىنىشقا ئىگە ئايرىلماس بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ، دۇنيادا ماھىيەتتىن ئايرىلغان، ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ساپ ھادىسىمۇ، ھادىسىدىن ئايرىلغان، ھادىسە ئارقىلىق ئىپادىلەنمەيدىغان نۇقۇل ماھىيەتمۇ مەۋجۇت ئەمەس. بەدىئىي چىنلىقنى ماھىيەت چىنلىقى، تۇرمۇش

www.uyghurkitap.com



چىنلىقنى هادىسە چىنلىقى دېيىش ماهىيەت بىلەن هادىسىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تاشلىغانلىق، ئۇ ئىككىسىنىڭ دىئالېكتىك باغلىنىشىنى ئىنكار قىلغانلىق. شۇنى كۆرسىتىش زۆرۈركى، مۇبادا تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىقنى پەلسەپىدىكى ماهىيەت ۋە هادىسە كاتېگورىيىسى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، تۇرمۇش چىنلىقمۇ، بەدىئىي چىنلىقمۇ ماهىيەت بىلەن هادىسىنىڭ بىرلىكىدىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا ھەقىقىي هادىسىلەرمۇ، ساختا هادىسىلەرمۇ مەۋجۇت. بەدىئىي چىنلىق ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان هادىسە ماهىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ھەقىقىي هادىسە. سەنئەتكارلار رېئال تۇرمۇشتىكى ماهىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ھەقىقىي هادىسىلەرنى تاللىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق ماهىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشكە تىرىشىدۇ.

**تەپەككۇرسىز ھەرىكەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولامدۇ؟**

ئوبزورچىمىز «ھەرىكەتسىز تەپەككۇر ۋە تەپەككۇرسىز ھەرىكەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغىنىدەك...» دەپ يېزىپ، ھەرىكەتسىز تەپەككۇرنى، تەپەككۇرسىز ھەرىكەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس دېمەكچى بولىدۇ. بۇ قارىماققا ئىنتايىن توغرا، قىل سىغماس ھەقىقەتتەك تۇيۇلىدۇ.

مەلۇمكى، ھەرىكەت دۇنيادىكى بارلىق شەيئى، هادىسىلەر ۋە جەريانلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىپادىلەيدىغان پەلسەپىۋى كاتېگورىيە، ئۇ ماددا بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، ماددىدىن ئايرىلمايدۇ. دۇنيادا ماددىدىن ئايرىلغان ھەرىكەت بولمايدۇ. ھەرىكەت قىلمايدىغان ماددىمۇ بولمايدۇ. ھەرىكەت ماددىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى. ماددىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى، ماددا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ماددا، ھەرىكەت ماددىنىڭ ھەرىكىتى، دۇنيادا ھەرىكەتسىز ماددىنى، ماددىسىز ھەرىكەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇلار دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ھەرىكەت قارىشى. ئېنگېلسمۇ بۇ ھەقتە «ماددىسىز ھەرىكەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغاندەك، ھەرىكەتسىز ماددىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئوبزورچىمىز دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ ھەرىكەت قارىشى ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ماددا دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئورنىغا تەپەككۇر دېگەن ئۇقۇمنى ئالماشتۇرۇپ، ماددا بىلەن ھەرىكەتنىڭ ئايرىلماس مۇناسىۋىتىنى ئىنكار قىلغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە ئىدىيالىزملىق خاتا نۇقتىئىنەزەرنى تەرغىپ قىلىدۇ.

تەپەككۇر ئۇقۇمى پەلسەپىدە ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئۇ بەزىدە ئەقلىي بىلىش باسقۇچىنى كۆرسەتسە، بەزىدە ماددىغا، مەۋجۇدىيەتكە نىسبەتەن ئېيتىلغان ئاڭنى، روھنى كۆرسىتىدۇ. ئوبزورچىمىزنىڭ تەپەككۇرسىز ھەرىكەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، دېگىنى ئەمەلىيەتتە ھەرىكەتنى تەپەككۇرنىڭ، روھنىڭ، ئاڭنىڭ ھەرىكىتى دەپ قاراپ، تەپەككۇردىن، ئاڭدىن، روھتىن تاشقىرى ھەرىكەتنى، روھتىن، تەپەككۇردىن، ئاڭدىن ئايرىلغان ھەرىكەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. روھ، ئاڭ، تەپەككۇر ماددا ھەرىكىتىنىڭ مەنبەسى، ھەرىكەت ئۇلارنىڭ مەھسۇلى دېگەننى تەرغىب قىلغانلىق. ھەرىكەتنىڭ ماددىنىڭ ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى، ماددىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلىق. ماددىدىن تاشقىرى ھەرىكەتنى قىياس قىلىدىغان، ماددا بىلەن ھەرىكەتنى ئايرىپ تاشلايدىغان بۇنداق نۇقتىئىنەزەر ئىدىيالىزملىق خاتا نۇقتىئىنەزەردۇر.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ماددا بىلەن ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەپەككۇرمۇ ئادەم مېڭىسىدىن ئىبارەت يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ماددىنىڭ بىر خىل ھەرىكەت شەكلى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا،

تەپەككۇرسىز ھەرىكەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس دېيىش ھەرىكەتسىز ھەرىكەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۇبزورچىمىز «يازغۇچى بىلەن بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ بىر-بىرىگە سىڭىشكەن ھېسسىياتى...» دېگەن گەپنىمۇ قىلىدۇ.

بەدىئىي ئوبراز يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ھېسسىياتى، غايىسى، ئىدىيىسى، باھاسى، پوزىتسىيىسى قاتارلىقلار سىڭدۇرۇلگەن رېئال تۇرمۇش ئاساسىدا بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇلغان كونكرېت، جانلىق ئوبراز. ئۇ دائىرە جەھەتتە ئادەم ئوبرازى، تۇرمۇش سۇرىتى ۋە مۇزىكىلىق مېلودىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە بولسا، ئاساسەن ئادەم ئوبرازىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئادەتتە يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتى بەدىئىي ئوبرازغا سىڭدۇرۇلىدۇ. بەدىئىي ئوبراز يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئوبرازغا ۋە ئەسەرگە سىڭگەن ھېسسىياتى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان بولىدۇ. ئەمما بەدىئىي ئوبرازنىڭ يازغۇچىغا سىڭگەن ھېسسىياتى دېگەن قانداق گەپ؟

مەسئۇل مۇھەررىر **ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

---

(بېشى 59-بەتتە)

— ئوبدان قىپسىز، سىز بۇ خەتلەرگە قانداق قارايسىز؟

— مەن ئەمەس، دەل-دەرەخ، سۇ، ھاۋا، ھەتتا تاش، تۇپراق، گىياھلارمۇ ئىشەنمەيدۇ. ئۇياتسىز — يالغانغا ئىجىل، يامانلىق — ياۋنىڭ تامغىسى بىلەمسىز. بۇ بىر تۆھمەت. قۇشقاچنىڭ توزىقىغا لاچىن چۈشمەس دېگەندەك ئەقلى-ھوشى جايىدا ئادەملەر بۇ خەتكە بىرلا قاراپ توزاق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ.

— لېكىن بۇ خەتتىكى بەزى پاكىتلارغا ئەستايىدىل قارىمايمۇ بولماس، قالغىنىنى ئۆزىڭىز ئويلىنىپ كۆرۈڭ.

— گۈلشات؟ — بىلالىدىنىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى، — سىز خالمىھرەنىڭ ئۇزۇن يىللىق دوستى تۇرۇقلۇق بۇ گەپلەر ئاغزىڭىزغا قانداق پاتتى. بىلەمسىز ئەگەر شەيتانغا كېرەك بولسا قۇرئاندىن دەلىل كەلتۈرىدۇ، زېرىككەن تاز كۆۋرۈك بېشىدا ئات ئۈركىتەر، دېگەندەك بۇ بىر يامان نىيەتلىك خوتۇننىڭ زەھەرخەندىلىكى.

— بىلالكا قاراڭ چىرايىڭىزنى، خۇددى كەكرى يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ كەتتى، — گۈلشات كۈلۈۋەتتى، — ئىرادىڭىزنى چېكىپ باقسام قايناپلا كەتتىڭىز. دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن توي قىلىۋالسىڭىزلا ھەممە گەپ بېسىقامدۇ؟

— ياق، — دېدى بىلالىدىن خورسىنغان ھالدا بېشىنى چايقاپ، — بۇ كېسىلىم بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىشنى خالىمايمەن.

— ئۇنتالامسىز؟

— تېنىم لەھەتكە كىرىپ كەتكۈچە ئۇنتالمايمەن! لېكىن توي قىلالمايمەن.

بىلالىدىنىنىڭ ئېغىزىغا تىكىلىپ تۇرغان گۈلشات يېنىككىنە تىنىدى.

— بىلالكا، بۇ خەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتەيلى، ئالمادىس خالمىھرەنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، تۇگىشىپلا كېتىدۇ، ئۇنى ئايىشىمىز كېرەك.

— كۆيدۈرۈۋېتەمدۇق؟ بوپتۇ، يېنىمدا تۇرسىمۇ بىئارام بولىدىكەنمەن.

بىلالىدىن چاقماقنى ئېلىپ ياندۇرۇپ بەردى. گۈلشات خەتنىڭ بىر بۇرجىكىدىن كۆيدۈرۈشكە باشلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر **كامىل تۇرسۇن**

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ۋۇرۇزىن

## جۇڭگو ئەدەبىياتقا مۇھتاج

مىنىڭچە، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسى ۋە مەنىۋى ساپاسىنى تۆگەشتى دېيىشكە بولمىسمۇ، كەم دېگەندە ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالدى.

مەن مۇشۇنداق گەپنى قىلغانلىقىم ئۈچۈن، بىر تالاي تاپا-تەنە، تەنقىد، ھۇجۇم ۋە قارغىشلارغا ئۇچرايدىغانلىقىمنى بىلىمەن. مۇشۇنداق گەپنى قىلغانلىقىم تۈپەيلىدىن نۇرغۇنلىغان يېتۈك، تەمكىن، ئادىل زاتلارنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ماڭا بىر تالاي تەسىرلىك مىساللار ۋە تەسىرسىز سانلار بىلەن قاتتىق رەددىيە بېرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن.

بۇنىسى مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى شۇكى، ئەگەر بىز ئاغرىقىمىزنى داۋالىماي يوشۇرساق، زور بىر تۈركۈم يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىمىزنى، ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنى قولدىن بېرىپلا قالماستىن، بەلكى بىر نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ساغلام مەنىۋى بايلىقىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىمىز. بۇ ھەرگىزمۇ كىشىنى ۋەھىمىلىك سۆزلەر بىلەن چۆچۈتكەنلىك ئەمەس، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ناۋادا مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ قالسا، ئۆزىمىزنىڭ گالۋاڭلىقى ۋە ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ، دەيدىغان نەزەرىيىمىز تۈپەيلىدىن تارىخنىڭ گۇناھكارلىرىغا ئايلىنىپ قالىمىز.

نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ غايىمىز ۋە قىممەت قارىشىمىزدا ئېغىر ئېغىش ۋە گۇمۇرۇلۇش يۈز بەرگەنلىكتىن شۇنداق بولىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، «كۆرەش» دېگەن بىر سۆز مىللىتىمىزنى ئۇدا نەچچە ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىققا مۇپتىلا قىلغانىدى. ئىچكى قالايمىقانچىلىق ئىقتىسادىي جەھەتتە سالغان بۇزغۇنچىلىق بىزگە ئالللىقاچان ئايان بولدى. بىز دۇنيادىكى تەرەققىي تېپىۋاتقان دۆلەتلەردىن 20 يىل، 30يىل ياكى 50 يىل كېيىن قالدۇق. ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلىقنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ، ئەمما مەنىۋى بۇزغۇنچىلىقنىچۇ؟ بىزنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىمىز، مىجەز-خۇلقىمىز، كىشىلىك قەدىر-قىممىتىمىز قانداق بولۇپ كەتتى؟

بىز ئىككى ئەۋلاد كىشىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ياكى تەسىر كۆرسەتكەن ۋاقىت ئىچىدە ھېچبولمىغاندا ئۆزىمىزنىڭ ئەقەللىي ياشاش ھوقۇقىمىزنى قوغداش ئۈچۈن، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە، خالاپ ياكى خالىماي باشقىلارغا زەربە بەردۇق، زىيانكەشلىك قىلدۇق. ھەتتا ھەممىيلەن مۇشۇنداق ئويلىغان، مۇشۇنداق قىلغان ياكى مۇشۇنداق ئويلاشقا، مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلىنغاچقا، بىز ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت چەمبىرىكى چوڭ تىپتىكى گلادىئاتورلار مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى. بىز بۇ گلادىئاتورلار مەيدانىدا مەككارلىق ئارقىلىق مەككارلىققا، رەزىللىك ئارقىلىق رەزىللىككە قارشى كۆرەش قىلدۇق. چۈنكى شۇ چاغدا «كۆرەش» دېگەن سۆز ئەڭ نوپۇزلۇق سۆز بولۇپ قالغان، ئۇنىڭدىن باشقىسى، مەسىلەن، ئاق كۆڭۈللۈك،

ھەقغانىيلىق، سەممىيلىك دېگەندەك سۆزلەر كۆلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى، ھەتتا مۇشۇ پەزىلەتلەردە چىڭ تۇرغان كۆرمىگەنلىكىنى كىشىلەر بالا-قازاغا ئۇچرىغانىدى، جەمئىيەتنىڭ تەكشۈگەنلىكىنى ساقلايدىغان ۋە شۇ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەخلاق قارىشى بىلەن ھەرىكەت مىزانى شۇ قەدەر دەپسەندە قىلىنغان ئىدىكى، ئۇنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى خۇددى بۇلغانغان ھاۋادەك كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىن ئۇزاققىچە چىقىپ كەتمىدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىز ھەدېسىلا كۆرەش قىلىمىز دەپ تۇرىۋالماسلىقىمىز قەسەم قىلغان، مەنىۋى قىياپىتىمىزنى يېڭىلاش ئىرادىسىگە كەلگەن چېغىمىزدا، ئارقىدىنلا «پۇل» دېگەن يەنە بىر سۆزنى قارشى ئالدۇق. پۇل كېرەكلىك نەرسە. ئۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تۇرمۇشنى ماسلاشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان بۇيۇم. ئۆتكەنكى نەچچە ئون يىل داۋامىدا بىز ئۇنى خاتا ھالدا تەنقىد قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ بىلىمسىزلىكى ۋە نادانلىقىنى ئىپادىلىدۇق. ئەمما پۇل نېمىلا دېگەن بىلەن ئەخلاق ئەمەس، ھەتتا دائىم دېگۈدەك ئەخلاققا مۇخالىپ كېلىدۇ. ئەگەر بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلماي، پۇلغا چوقۇنۇش ئىدىيىسىگە پېتىپ قالساق، ئوخشاشلا بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق قىلغان بولىمىز، ئەپسۇسكى، بىز نۆۋەتتە دەل مۇشۇنداق بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق ھالىتىدە تۇرىۋاتىمىز.

دەۋرىمىزدە قورقۇنچلۇقى پەقەت ھەربىر ئادەمنىڭ پۇل توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقى، پۇلنى ئويلاۋاتقانلىقى، پۇلنىڭ پېيىدە يۈرۈۋاتقانلىقىلا ئەمەس، شۇنداقلا پۇلنى دەپ ساختا-ناچار ماللارنى ئىشلەپچىقىرىۋاتقانلىقى، ئالدامچىلىق قىلىۋاتقانلىقى، تەۋەككۈلچىلىك يولىغا مېڭىۋاتقانلىقى، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، مال-مۈلۈك بۇلاۋاتقانلىقىلا ئەمەس، تېخىمۇ قورقۇنچلۇقى، ئەڭ قورقۇنچلۇقى پۇلنىڭ ئادەمنىڭ قىممەت ئۆلچىمى بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى. تۆۋەنكى ئابزاسقا قىلمايلا دېگەندە، ماقالەمنىڭ بېشىدىكى بىر جۈملە سۆز مۇشۇ نۇقتىغا قارىتىپ ئېيتىلغان.

ناھايىتى روشەنكى، پۇل پەيدا بولغان كۈندىن تارتىپلا ئۇنىڭغا قانلىق داغ ۋە خىلمۇ خىل ئىپلاس نەرسىلەر يوشۇرۇنغان؛ ئۇنى قانلىق داغ ۋە خىلمۇ خىل ئىپلاس نەرسىلەر بىلەن بىر ئورۇنغا قويماسلىقىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، كىشىلەر ئۇنى بىر تەرەپتىن ئىشلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭدىن ھوشيار بولۇپ كەلدى. مانا ئەمدى بۇ ھوشيارلىقمۇ قالمىدى، پۇل خۇددى پاندورا ئالۋاستى قۇتىسىدەك خالىغانچە ئىس-تۈتەك پۈركۈشكە باشلىدى. ئىنسانىيەت تارىخىدا تېخى ھېچقانداق بىر دۆلەت، ھېچقانداق بىر مىللەت پۇلنى مۇنداق روشەن، ئاشكارا، ئىجابىي ھالدا مەدھىيەلەپ باققان ئەمەس، «پۇل تاپالىسىلا قەھرىمان» دېگەننى مۇنداق روشەن، ئاشكارا، ئىجابىي ھالدا تەشۋىق قىلىپ باققانمۇ ئەمەس.

بىز سىياسىي ھەممىگە قادىر دەيدىغان ئەسەبىيلىكتىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ، يەنە پۇل ھەممىگە قادىر دەيدىغان ئەسەبىيلىككە پېتىپ قالدۇقمۇ-قانداق؟ بىز قايسى چاغدا سىياسىينى، پۇلنى، روھىيەتنى، مەدەنىيەتنى... ئوبيېكتىپ ھالدا ئادىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئورنىغا قويالايمىز؟

سودا قايىنىمىغا ئىشچىلارمۇ، دېھقانلارمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ، پروفېسسورلارمۇ، كادىرلارمۇ، ئەمەلدارلارمۇ ئۆزىنى ئاتتى... يازغۇچى، سەنئەتكارلارمۇ ئۆزىنى ئاتتى. ياپىرىم، جاھاندا پۇل تېپىشتىن باشقا ئىش قالمىدىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ پۇللار قانداق تېپىلىۋاتىدۇ؟ بۇ بىردەك سۈرۈشتە قىلىنمايۋاتىدۇ. پۇل تاپسىلا ياخشى دېيىلىۋاتىدۇ. بىز ھەقىقەتەنمۇ ئەسەبىيلىشىۋاتىمىز.

شەك-شۈبھىسىزكى، پۇل تېپىش-تاپالماسلىق بىر ئادەمنىڭ بايلىق دەرىجىسىنىلا ئەمەس، ھەتتا قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنىمۇ ئۆلچەيدىغان مىزان بولۇپ قالغان چاغدا، ئادەمنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسى بىلەن مەنىۋى ساپاسى ھالاكەتكە يېقىنلىشىپلا قالغان بولىدۇ. شۇڭا بىردىنلا «جۇڭگو ئەدەبىياتقا مۇھتاجمۇ؟ گۈزەل سەنئەتكە مۇھتاجمۇ؟ مۇزىكىغا مۇھتاجمۇ؟ سەنئەتكە مۇھتاجمۇ؟» دېگەندەك گەپ-سۆزلەر پەيدا بولدى. بۇ بەزىلەرنىڭ ئاچچىق تەنىسى بولسا، بەزىلەرنىڭ گالۋاڭلىقى، ئۇلار خاتالاشتى. ئەدەبىياتقا مۇھتاج بولمايدىغىنى جۇڭگو ئەمەس، بەلكى پۇل؛ يازغۇچىغا مۇھتاج بولمايدىغىنى جۇڭگو ئەمەس، بەلكى سودا قايىنمى. ئەمەلىيەتتە جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ دۆلەت ۋە بۇ دۆلەتتىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتقا دۇنيادىكى ھەرقانداق دۆلەت ۋە مىللەتلەردىنمۇ بەكرەك مۇھتاج، نېمىشقا شۇنداق؟

چۈنكى دۇنيادىكى ھەرقانداق دۆلەت ۋە مىللەتتە مەنىۋى تىرەك بولمىسا بولمايدۇ، ۋەھالەنكى جۇڭگودا مەنىۋى تىرەك بولۇش ۋەزىپىسى زور دەرىجىدە تارىخىي يوسۇندا ئەدەبىياتقا يۈكلەنگەن. نېمىشقا مۇنداق دەيمىز؟ جۇڭگودا دىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن. مەن مۇشۇ گېپىم بىلەن يەنە خەلقى-ئالەمنىڭ لەنەت-نەپرىتىگە ئۇچرايدىغانلىقىمنى بىلىمەن. ئەمما ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەسىلە ھەقىقەتەنمۇ دەل مۇشۇ يەردىن چىقىۋاتىدۇ.

دىن توغرىسىدا بىز نەچچە ئون يىلغىچە ئۆزىمىزگە تەمەننا قويۇپ يۈردۇق، دۇنيادا خۇداسىزلىقنى جاكارلىغان بىر نەچچە دۆلەتنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئەڭ مەنىسىز مەنىۋى ئەپيۇننى چېكىشتىن تەلەيلىك ھالدا قۇتۇلۇپ قالدۇق، دەپ ئويلىدۇق. ئەمەلىيەتتە نەچچە ئون يىلدىن بېرى خۇداسىزلىقنى جاكارلاش بىلەنلا توختاپ قالمىدۇق، مىللىتىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدىن قارىغاندا، ئىشىپ كەتسە، جىنغا ئىشىنىپ، خۇداغا ئىشەنمىدۇق.

جۇڭگودىكى يەرلىك دىن — تەرىقەتچىلىك، ئەمما تەرىقەتچىلىك بىر دۆۋە قالايمىقان جىن-ئالۋاستى ۋە خۇدا-ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىنلا ئىبارەت. ماھىيەتتىن ئالغاندا، ئۇ تېخى دىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمىگەن، يەنى ئۇ تېخى خرىستىئان دىنى، بۇددا دىنى دېگەندەكلەرگە ئوخشاش قېلىپلاشمىغان، سىستېمىلاشمىغان، تاكاممۇللاشمىغان، ۋايىغا يەتمىگەن.

جۇڭگولۇقلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغىنى كۇڭزى تەلىماتى، ئەمما كۇڭزى تەلىماتى بىر خىل ئاتاقتىنلا ئىبارەت. ماھىيەتتىن ئالغاندا، ئۇ يەنىلا ئىجتىمائىي ئەخلاقشۇناسلىق (كىشىلەر ئادەتتە دەۋاتقان پەلسەپىمۇ ئەمەس)، ئەمما دىن ئەمەس.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، روھ ئۆلمەيدۇ نەزەرىيىسى، پانىي دۇنيا-باقىي دۇنيا نەزەرىيىسى، جەننەت-دوزاخ نەزەرىيىسى، قايتا ئاپىرىدە بولۇش نەزەرىيىسى دېگەندەكلەر دىنىنىڭ ئەڭ بىمەنە قىسمى، ئەمما دەل مۇشۇ مەزمۇنلار دىنىنىڭ ئىخلاسمەن مۇرتلىرىغا ئەڭ ئاساسلىق ۋەھىمىنى سېلىپ ئۆتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ دىندا بەلگىلەنگەن ئەمىر-مەرۇپلارغا بويسۇنۇشىغا ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى چەكلەپ تۇرۇشىغا توغرا كەلدى. بۇ يەردە ياخشىلىق پرىنسىپى تۈپ پرىنسىپ. جۇڭگونىڭ تەرىقەتچىلىكىدە مۇنداق مەزمۇنلار يوق، شۇڭا جۇڭگولۇقلاردا پانىي ئالەم قارىشىلا باركى، باقىي ئالەم قارىشى يوق. پانىي دۇنيادا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى «رەھىمدىللىك، ئادالەت، ئەقىل، ئەدەب، ئىشەنچ» ۋە «ئۆز-ئۆزىدىن

كامالەت تېپىپ دۆلەتنى تۈزۈش ئارقىلىق جاھاننى ئەمىن تاپقۇزۇش» . بۇنى دىنغا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى «رېئال» بىر ئىش دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭدا دىنىنىڭ دەبدەبە تۇيغۇسى ۋە يۈكسەكلىك تۇيغۇسى يوق.

بۇ خىل دەبدەبە تۇيغۇسى ۋە يۈكسەكلىك تۇيغۇسى ناھايىتى مۇھىم، ئۇ مۇشۇنداق تۇيغۇغا كەلگەن كىشىلەرگە مەنىۋى جەھەتتە غايەت زور تەسەللى بېرىدۇ، شۇنداقلا مۇشۇنداق تۇيغۇغا كەلگەن كىشىلەرنى روھىي جەھەتتىن پاكلىنىشقا ۋە يۈكسىلىشكە نائىل قىلىدۇ، ئوت دېڭىزىغا كىرىشتىنمۇ يانمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.

مەن مۇنداق دېيىش بىلەن ھەرگىزمۇ دىنىنى تەرغىب قىلماقچى ئەمەسمەن، بەلكى دىن بىلەن تەرىققەتچىلىكنى سېلىشتۇرۇش داۋامىدا دىنىمىز بولمىغانلىقتىن ئامەتلىك ئىككە نىلىكىمىزنى ۋە دىنىمىز بولمىغانلىقتىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرمەكچىمەن.

شۇنداق، بىز ئىلگىرى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا سىياسىي خىزمەت بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيىنى دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ئۇرۇنغان، ھەتتا مۇشۇ مەقسەتتە «سوتسىيالىستىك ئەخلاق» دېگەنگە ئوخشاش بەزى كۆز قاراش ۋە ئۇقۇملارنى كەشىپ قىلغانىدۇق. ئەمما سىياسىي خىزمەت بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيە مەنىۋى تىرەكنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنىمۇ شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. چۈنكى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان توغرا كۆز قاراش ۋە ئۇقۇم بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ھېسسىياتنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلمەيدۇ، يەنىلا ئىجتىمائىي ئەخلاق بىلەن كىشىلىك ئەخلاقنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەقەت بىزگىلا مەنسۇپ بولغان سىياسىي خىزمەت بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيىدىن ئىبارەت بۇ «پايدىدىن خاس پايدىلىنىش ھوقۇقى» ھازىر زور دەرىجىدە ئاجىزلىدى، ھەتتا بۇرمىلاندى. «ئومۇمىي خەلق تىجارەت قايىنىمىغا چۈشۈش» مانا مۇشۇنداق بۇرمىلىنىش، «سىياسىي ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» نەزەرىيىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ۋە داۋامى. چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي خىزمەتنى ئەنە شۇنداق پىكىر قىلىش ئادىتى بويىچە چۈشىنىۋاتىدۇ، بولمىسا مۇنداق ئەسەبىيلىك بىردىنلا قوزغىلىپ كەتمىگەن بولاتتى.

بۇنىدىن باشقا يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، جىمى ياخشىلىقنى ئۆز ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملە، جاھان ئەھلىگە شاپائەت ئەيلەيدىغان كۆڭۈزىچىلار ئەنئەنىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا تەنقىدكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، نۆۋەتتىكى ئىدىيىۋى قۇرۇلمىمىزدا يەنە پۇلنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىدى، يەنە كېلىپ، پۇلنىڭ تەنقىد قىلىش قۇدرىتى روشەن ھالدا سىياسىي تەنقىدنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ چۈشتى. مۇلايىملىق، رەھىمدىللىق، ئەدەب، سىلىق-يۇمشاقلىق، كەمتەرلىك، مېھرىبانلىق، ئىنساب-دىيانەت، ۋاپادارلىق، ھۆرمەت قاتارلىقلار پۇلنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا پۈتۈنلەي دېگۈدەك تۈگەشتى. بىر-بىرىدىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت چاكىنا پەلسەپە بىلەن پۇل بەرمىسە ئىش قىلمايدىغان مەنپەئەتپەرەسلىك ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. پۇل جوڭگولۇقلارنىڭ خۇداسىغا ئايلاندى، بۇنىڭدىن باشقا بىزدە يەنە نېمە قالدى؟ ھە توغرا، بىزدە يەنە ئەدەبىيات-سەنئەت قالدى.

شۇنداق، ئەدەبىيات يوقالمايدۇ، سەنئەت يوقالمايدۇ، چۈنكى گۈزەللىك كىشىلەر قەلبىدىن مەڭگۈ يوقالمايدۇ. گۈزەل غايە ۋە ئىنتىلىش ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانىيەت تارىخىدا گۈزەللىك سىياسىيدىن، پۇلدىن ئاۋۋال مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، شۇنداقلا ئۇ سىياسىي بىلەن پۇل يوقالغاندىن كېيىنمۇ يەنە مەۋجۇت بولۇۋېرىدۇ.

ئىنسانىيەت مەۋجۇتلا بولىدىكەن، گۈزەللىكنىڭ بولماسلىقى، ئەدەبىياتنىڭ بولماسلىقى، سەنئەتنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

ۋاھالەنكى، جۇڭگودا، زامانىمىزدا يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن گۈزەللىك، ھەتتا ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىنىش ۋاستىسى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ھېسسىياتنى ئويغىتىش بىلەن تەربىيە بېرىپ تەسىرلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى، يەنى دىنغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەلۇم بىر خىل ئىقتىدارىنى تارىخىي يوسۇندا ئۆز زىممىسىگە ئالدى.

بۇ يەردە «گۈزەللىك» دېگەن ئۇقۇمنى ئەڭ كەڭ مەنىدە، مەسىلەن، ئەخلاق گۈزەللىكى، مىجەز گۈزەللىكى، ھەرىكەت گۈزەللىكى، قەلب گۈزەللىكى دېگەندەك مەنىلەردە چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھېلىمۇ يادىمدا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇرۇنقى «دۇنيا قاراشنى ئۆزگەرتىش» پائالىيىتىدە مېنى ھەر كۈنى دېگۈدەك 18-، 19-ئەسىردىكى چەت ئەل ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ماڭا بولغان تەسىرىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇشتى. شۇنى دېيىش كېرەككى، بۇ تەكشۈرتۈش خاتا ئىدى. ئەمما ھېلىقى ئەسەرلەر ماڭا ھەقىقەتەنمۇ تەسىر قىلغان ئىدى. ئۆز كەچۈرمىشلىرىم بىلەن تەسىراتلىرىمنىلا مىسالغا ئالسام، مېنىڭ كىشىلىك غايەم، قىممەت قارىشىم، ئەخلاقىم ۋە مىجەزىمنى شەكىللەندۈرگەن نەرسىلەر دىندىن، ئىدىيىۋى خىزمەتتىن، قەدىمىي ئەنئەنىدىن كەلگەن بولماستىن، ئاساسەن ئەدەبىياتتىن، سەنئەتتىن كەلگەنىدى.

يەنە ھازىرقى ياشلارنى مىسالغا ئالساق، بۇ ئىش تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. زامانىمىزدىكى ياشلارغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقىنى ئاساسەن جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ نۆۋەتتىكى ئاممىباب سەنئەت ئەسەرلىرى، ئۇنىڭدىن قالسا، كىشىلەر ئارا جاڭجاللىشىپ ئۆتىدىغان چاكىنا پەلسەپە.

قاتتىقراق ئېيتقاندا، ئاممىباب سەنئەت-ئەسەرلىرىنى بەدىئىي ئەسەر ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ئاممىباب سەنئەت ئەمەلىيەتتە سەنئەت ئەمەس. ئۇ، سەنئەت تاۋارلاشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەنىۋى ئىستېمال. ئۇ، سەنئەت خىسلىتىنى يوقاتقان. بەزى ئاممىباب سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ كىشىگە بېرىدىغان گۈزەللىك تۇيغۇسى خۇددى ئەمەلىي ئىستېمال قىلىنىدىغان تاۋارلارنى ئانچە-مۇنچە ئوراپ قويۇشقا ئەھمىيەت بەرگەندەكلا ئەرزىمەس بىر ئىش. ئەمما ئەدەبىيات بارلىق سەنئەت تۈرلىرىگە ئاساس سالغۇچى سەنئەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىرقى دەۋرىمىزدە تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. تەبىئىيكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئەدەبىيات ھەقىقىي ئەدەبىيات، ئۇ ھەرگىزمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەدەبىيات ساھەمىزدە بىر مەزگىل مودا بولغان ياكى ئابروي قازانغان، مەنپەئەتپەرەسلىك مەقسىتىدە يېزىلغان بەزىبىر ئاتالمىش ساپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. شۇڭا مېنىڭچە، يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىياتقا مۇھتاج بولۇش-بولماسلىقى ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى جۇڭگو ئەدەبىياتقا مۇھتاج، بىزنىڭ مىللىتىمىز ئەدەبىياتقا مۇھتاج. ئەپسۇسكى، ھازىرقى بەزى مۇلاھىزىلەر يازغۇچىلاردىن قەلەندەرچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىمەنىلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ، بىزنىڭ بەزى يازغۇچىلىرىمىزمۇ پۇلنىڭ ئالدىدا ئۆزىدىن نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ غەرەز ئۇقمىغانلىق. ھالبۇكى ئەدەبىياتنىڭ مەسئۇلىيىتى، يازغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، گويا

(داۋامى 122-بەتتە)

# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

## يازغۇچى توختى ئايۇپ



توختى ئايۇپ 1945-يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ياقا يېزىسى تاقماق كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1951-يىلىدىن 1963-يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1963-يىلىدىن 1979-يىلىغىچە كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە كەسپىي ئىجادىيەتچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1979-يىلىدىن 1981-يىلىغىچە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا مەسئۇل مۇھەررىر، 1981-يىلىدىن 1988-يىلىغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1989-يىلىدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

توختى ئايۇپنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئىشتىياق باغلىشىدا ئائىلە مۇھىتى، بولۇپمۇ ئانىسىنىڭ تەربىيىسى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى ناھايىتى زور رول ئوينىغان. ئىلىمگە خۇشتار، مەرىپەتپەرۋەر ئانا توختى ئايۇپنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەل، فانتازىيىلىك چۆچەكلىرى ۋە ناخشا-قوشاقلىرىدىن خەۋەردار قىلىش بىلەن بىللە مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇرغان. شۇڭا ئۇ كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. نەتىجىدە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا ئەينى يىللاردا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تېيىپجان ئېلىيېۋ، زۇنۇن قادىرى، ئۆمەر قادىرى قاتارلىق ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ شېئىر، ھېكايىلىرىنى؛ رۇس ئەدەبىياتى نامايەندىلىرىدىن پۇشكىن، تۇرگېنېۋ، ل. تولستوي قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن سۆيۈپ ئوقۇغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا دەسلەپكى ئاساس يارىتىلغان.

توختى ئايۇپنىڭ «قىزىل ماي»، «تراكتورچى قىزغا» ناملىق تۇنجى شېئىرلىرى 1962-يىلى «ئاقسۇ گېزىتى»گە بېسىلغان. 1966-يىلىغىچە ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ئۇنىڭ 100دىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە سىياسىي زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى 10 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان. 1979-يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن قولىغا قايتىدىن قەلەم ئېلىپ، دەسلەپتە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن، كېيىن تەدرىجىي ھالدا ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. 1980-يىلىدىن بۇيان ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئۇنىڭ 40 پارچىگە يېقىن ھېكايىسى، «ئارمان»،

www.uyghurkitap.com

«قۇم باسقان دېڭىز» قاتارلىق توققۇز پوۋېستى، «قىساس» ناملىق دىرامىسى، «كېلىنچەك مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى، «شەيتان بىلەن ساقچى» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئېلان قىلىندى؛ «ھايات قەدرى»، «غۇر-غۇر شامال» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، «مارجان بۇلاق» ناملىق پوۋېست، ھېكايىلەر توپلىمى، «ئارمان»، «قۇم باسقان دېڭىز» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى ۋە «تەڭرىنىڭ ھۆكۈمى» ناملىق رومانىنىڭ 1-تومى نەشر قىلىندى. «قاراۋۇل»، «ھاياتلىق بۇرچى» قاتارلىق بىر نەچچە پارچە ھېكايىسى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى. «شەيتان بىلەن ساقچى» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئىككى قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى قىلىپ ئىشلەندى. بىر مۇنچە ھېكايىلىرى خەنزۇ تىلىغا ھەم چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. «قاراۋۇل» ناملىق ھېكايىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشتا 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «پۇقرانىڭ قېنى» ناملىق ھېكايىسى تەڭرىتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا، «قۇم باسقان دېڭىز» ناملىق پوۋېستى تۇنجى نۆۋەتلىك «تارىم» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ بىر نەچچە يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازانغانلىقى ئۈچۈن، 1991-يىللىق مەملىكەتلىك جۇڭگو ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئىگە بولدى.

توختى ئايۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى. ئۇ ھازىر «تەڭرىنىڭ ھۆكۈمى» ناملىق رومانىنىڭ 2-تومىنى ۋە بۇرۇن يازغان «بۆرە ئانا» ناملىق رومانىنى نەشرگە تەييارلاش ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم** تەييارلىغان

(بېشى 120-بەتتە)

جوڭقۇر يېزىش گۇناھ بولۇپ، ئەدەبىياتنى ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇشلا نوچىلىق بولىدىغاندەك، نورغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن چۈشىنىپ بولمايدىغان نەرسە دەپ مەسخىرە قىلىندى. بەزى يازغۇچىلارمۇ ماقالە يېزىپ قانداقتۇر بىر نېمىدىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك، ئەدەبىياتنىڭ ھېچقانچە ۋەزنى قالمىدى دەپ جاكارلىدى. ئۆزىمىزنى قاچۇرۇش ھاجەتسىز. چۈشكۈنلىشىشنىڭ تېخىمۇ ئورنى يوق. ماقالە سېتىپ جان بېقىش ھەققەتەنمۇ ئىلاجسىزلىقتىن بولۇۋاتقان ئىش، ئەمما ئىلاجسىزلىققا نامراتلىقنىڭ قوشۇلۇشى نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس. بىزنىڭچە، يازغۇچىلار مېڭىسىدىكى بىلىمنىڭ تولۇقلۇقى ۋە موللىقى بىلەن مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى جوڭگو ئەدەبىياتقا مۇھتاج. جوڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى يېڭىلاش ئەدەبىياتقا مۇھتاج.

(«يازغۇچىلار گېزىتى» نىڭ 1993-يىل 13-مارتتىكى سانىدىن ئېلىندى)

**غوپۇر قادىر** تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر **ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

## باش يازغۇچى غەيرەت ئابدۇللا



غەيرەت ئابدۇللا 1952-يىلى 1-مارتتا ئاقسۇدا زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1959-يىلدىن 1970-يىلغىچە ئاقسۇ شەھىرىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1970-يىلدىن 1972-يىلغىچە ئاقسۇ يېزىلىرىدا قايتا تەربىيە ئالغان. 1972-يىلدىن 1976-يىلغىچە شىنجاڭ داشۆنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. 1982-يىلدىن 1983-يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاخبارات تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە بېيجىڭدا ئاچقان ئاخبارات كادىرلىرى بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدا، 1985-يىلدىن 1987-يىلغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئۇ ھازىر مۇدىر مۇخبىر ئىلمىي ئۇنۋانى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى ئۇيغۇر مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

باش يازغۇچى غەيرەت ئابدۇللا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ مۇشتىرىلار ئارىسىدا تەسىرى بار ئاخبارات مۇخبىرى بولۇپلا قالماي، شېئىرىيەت، پروزا ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىي تەرجىمە جەھەتتىكى نەتىجىلىرى بىلەنمۇ خېلى ئۇزۇندىن بۇيان كەڭ كىتابخانلارغا تونۇشلۇق.

ئۇ 1973-يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «گۈل زېمىن»، «ئالتۇن دېڭىزدىكى ناخشا» ناملىق شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ «ئۆرۈك چېچەكلىگەندە»، «قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆردۇم تامچىدىن»، «تارىم ناخشىسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، بۇ ياش شائىرنىڭ ئۆزگىچە خاس بەدىئىي ماھارىتىنى نامايەن قىلدى.

ئۇ «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدا مۇخبىرلىق ھاياتىنى باشلىغاندىن كېيىن، بارا-بارا پروزا ئىجادىيىتىگە كۆچتى. ئۇنىڭ «تاشۋاي» ناملىق تۇنجى ئوچېركى جامائەتچىلىك ئىچىدە خېلى چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى ۋە 1990-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن «گۆركارنىڭ ئوغلى»، «تەخمىنەن مۇدىر»، «بەرھەق مەسلىھەت»، «پەگادىن-تۆرگە»، «ئەقىدە»، «ئاپرېل ئەستىلىكلىرى»، «رەسمىيەت»، «شۇنداقمۇ ئاتا بار»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق ھېكايە، نەسىر ھەم ئوچېرك يازدى. بۇ ئەسەرلەر تېمىسىنىڭ يېڭىلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلىقى ۋە تىلىنىڭ چۈچۈكلىكى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى 1983 - يىلى ئۇنىڭ «تىيانشان بويلاپ» ناملىق ھېكايە، نەسرلەر توپلىمىنى نەشر قىلدى. ئۇنىڭ «تاش ئابىدە» ناملىق تارىخىي رومانى 1985 - يىلى شىنجاڭ - ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 1990 - يىلى يەنە ئۇنىڭ «ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنلىرى» ناملىق رومانى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

غەيرەت ئابدۇللا 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن ئەدەبىي تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئۇ تەرجىمە قىلغان «بەش مىڭ يىلنىڭ مابەينىدە» ناملىق كىتابنىڭ 3 - قىسمى، ۋاڭ مېڭنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان «زەڭگەر كۆز» ناملىق ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى ۋە ئۇ مەھەممەت شاۋۇدۇن بىلەن بىللە تەرجىمە قىلغان چوڭ ھەجىملىك داستان - «ياڭ كەيخۇي ناخشىسى» قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ، بۇ ياش ئەدىبنىڭ ئۆزىگە خاس تىل سەنئىتىنى نامايەن قىلدى. ئۇ ھازىر «نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلارنىڭ ھېكايىلىرىدىن تاللانما» ناملىق تۆت قىسىملىق كىتابنىڭ تەرجىمىسى ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

ياش يازغۇچى غەيرەت ئابدۇللانىڭ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى، سىڭدۈرگەن ھالال ئەجرى بىكار كەتمىدى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى.

بىز ئىقتىدارلىق ياش يازغۇچىمىز غەيرەت ئابدۇللانىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئەنۋەر **ئابدۇرېھىم** تەييارلىغان

(بېشى 144 - بەتتە)

قىش كۈنلىرى ئېگىز - ئېگىز قار دۆۋىلىرى ئارىلاپ توشقان ئوۋلاپ، سوغۇق ھاۋانى سۈمۈرۈپسىز. قاردا پارچىلانغان ئەكس نۇرلار كۆزىڭىزنى قاماشتۇرىدۇ. ئوتقاشتەك قىزارغان ئورمان ئۈستىدىكى كۆك ئاسمان سىزنى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. بۇلار نەقەدەر سۆيۈملۈك - ھە! ... باھار كۈنلىرىدە ئەتراپتىكى جىمى نەرسە ۋال - ۋۇل نۇر چېچىپ، بارا - بارا پارچىلانغاندا، ئېرىگەن قاردىن كۆپۈلدەپ سۇ ۋە ئىللىق تۇپراق ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. قار ئېرىپ كەتكەن يەرگە قىيپاش چۈشكەن كۈن نۇرىدا بوز تورغايلار پۇخادىن چىققۇچە سايرىشىدۇ. شوخ سۇلىرى ئويناقلاپ شاۋقۇنلاپ ئېقىپ بىر جىلغىدىن يەنە بىر جىلغىغا ئېتىلىپ بارىدۇ...

بىراق، ھازىر ھېكايىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىپ قالدى. سۆزۈمنى تۈگىتىشتىن ئاۋۋال مەن يەنە باھار كۈنلىرىنى تىلغا ئالىمەن: كىشىلەر باھار كۈنلىرىدىن ئاسان ئايرىلىدۇ. باھار كۈنلىرى بەختلىك كىشىلەرنىمۇ يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ كېتىدۇ... خەير - خوش مېنىڭ كىتابخانلىرىم، سىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭىز خەيرىيەتلىك بولسۇن!

(«ئوۋچى خاتىرىلىرى» نىڭ خەنزۇچە 1962 - يىللىق نەشرىدىن ئېلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى **ئابلىز ئىبراھىم**

مەسئۇل مۇھەررىر **مەھەممەت شاۋۇدۇن**

# مۇھەممەت سادىق قەشقەرى

شنجاڭدا 18-ئەسرنڭ ئوتتۇرىلرىدا مانجۇلار ھۆكۈمرانلقى ئورنتىلپ، تنچ ئجتمائي ۋەزيەت يارىتلشى بلەنلا خوجلار ۋە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلرى دەۋرىدكى بدئەتلك تۆپەيلدن جاھالەت ئسكەنجسدە بوغۇلۇپ قالغان ئۇيغۇر مەدەنيتى يوروقلۇققا چقپ، يېڭباشتن تەرەققي قلش ئمكانيتگە ئگە بولدى. ھاكمىيەت ئالمشش مۇناسۋىتى بلەن ئۇيغۇر خەلقنڭ تۇرمۇشدا يۈز بەرگەن زور سياسي، ئقتسادي-ئجتمائي ئۆزگرشلەر، مانجۇلار بلەن يەرلك فېئوداللارنڭ مللي ۋە سنپي زۇلۇمنڭ كۈچييشى، خەلق ئاممسنڭ ئۇلارغا قارشى ئېلپ بارغان كۈرەشلرى بۇ دەۋر مەدەنيتگە زور تەسر كۆرسەتتى ۋە ئۇنى يېڭى تېمىلار بلەن بېيتتى. بۇ دەۋردە ئەدەبي ئجادىيەت بلەن شۇغۇللانغان كۆپلگەن يازغۇچي، شائرلار خوجلار ۋە ئۇلارنڭ ئەۋلادلرى تەرپدن بۇزغۇنچلققا ئۇچرىتلغان ئۇيغۇر كلاسسك مەدەنيتنى ئەسلگە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغ ئستەكنڭ تۈرتكسى، شۇنداقلا خەلقنى نادانلق، قالاقلقتن قۇتۇلدۇرۇش، مللي مەدەنيەتنى گۈللەندۈرۈشتەك مللي دېموكراتك ئدىيۋى ئېقمنڭ ئلھامى ئاستدا ئەدەبيات-سەنئەت سەھنسگە چقپ، ھەر خل ژانر ۋە مەزمۇندكى ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر كلاسسك مەدەنيتنڭ يەنە بر ئالتۇن ۋەزيتنى بارلققا كەلتۈردى. بۇ دەۋر مەدەنيتنڭ ئۆزگە خاس ئالاھدىلكى شۇكى، كۆپلگەن مۇنەۋۋەر يازغۇچلار ئەنئەنۋى تېمىلار بلەن چەكلنپ قالماستن، بەلكى ئالدنقى دەۋر مەدەنيتدن پەرقلق ھالدا رېئاللققا يۈزلنپ، قەلەمنى قورال قلپ، تەنقدي رېئالزم ئجادىيەت ئۇسۇلنى يېتلدۈردى. بۇ دەۋردكى ئۇيغۇر كلاسسك ئەدبلرىدن ھازرغا قەدەر بزگە مەلۇم بولغان مۇھم نامايەندلەرنڭ بىرى مۇھەممەت سادىق قەشقرىدۇر.

مۇھەممەت سادىق قەشقرى ئۇيغۇر يازما مەدەنيەت تارىخدا «تەزكرەئي ئەزىزان» («ئۇلۇغلار تەزكرىسى»)، «زۇبدەتۇل مەسائل» («مەسەللەر جەۋھرى»)، «ئادابۇس-سالھن» («ياخشى كشلەرنڭ ئەدەب-ئەخلاقلرى»)، «قىياپەتۇل-بەشەر» («ھەر خل قىياپەتتكى كشلەر»)، «رسائەئي-كەسپدار» («ھۆنەر-كەسپ رسالسى»)؛ «تەزكرەئي ھەزرتى ئەسھابۇلكەھپ» («ھەزرتى ئەسھابۇلكەھپ تەزكرسى»)، «تاجنامەئى ئسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى» («پادشا ئسكەندەرنڭ تارىخى») قاتارلق تارىخي، ئلمي، بەدئي ئەسەرلرى ھەم «تەرجمەئى تارىخي تەبەر» («تەبەرى تارىخنڭ تەرجمسى»)، «تەرجمەئى تارىخي رەشدە» («تارىخي رەشدىنڭ تەرجمسى») قاتارلق 10 پارچدن ئارتۇق تەرجمە ئەسەرلرى ئارقلق ئۆز دەۋرنڭ مەشھۇر تارىخچسى، قانۇنچسى، تەرجمانى ۋە مۇتەپەككۇر ئالمى سۈپتدە جامائەتچلك ئارسدا كەڭ تونۇلغان.

مۇھەممەت سادىق قەشقرى ھجرىيە 1136 (ملادى 1725)-يلى قەشقەردە

www.uyghurkitap.com



مۇللا شاھ ئەلەم ئاخۇن ئىسملىك بىر دىنىي مۇتىۋەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسىدە ئاتىسىدىن ئالغان، ئاندىن كېيىن ئۆز دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى قاراخانىلار دەۋرىدىمۇ يۇكسەك شۆھرەتكە ئىگە بولغان ئۈچ چوڭ مەدرىسىنىڭ بىرى — قەشقەر دۆلەتباغ يېزىسىدىكى «مەدەرىسەئى ھامىدىيە»گە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ، بۇ مەدرىستە دىنىي ئىلىمنى ئۆگىنىشتىن تاشقىرى، يەنە ھېساب، تىل-ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق پەنلەرنى كەڭ دائىرىلىك ۋە پۇختا ئۆگىنىپ، ئۆز زامانىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم ئەھلىلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. كېيىن قەشقەر شەرئىي مەھكىمىسىنىڭ باش قازىلىقىغا تەيىنلىنىپ، شەرئىيەت ئىشىنى باشقۇرغان. بۇ مەزگىلدە ئالىمنىڭ شان-شۆھرىتى يالغۇز قەشقەرگىلا ئەمەس، بەلكى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا كەڭ يېيىلغان. ئۇ چىقارغان ھۆكۈملەرنى ھېچبىر كىشى رەت قىلالمىغان. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە مۇرەككەپ، چىگىش بولغان ۋە «ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكى يوق» دەپ قارالغان مەسىلىلەر موللا مۇھەممەت سادىق قەشقىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنۇلغان. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ «موللا مۇھەممەت سادىق قەشقىرى ئەلەم ئاخۇن» دېگەن مۆھرى پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە جامائەتچىلىك تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان.

مۇھەممەت سادىق قەشقىرى ئەينى دەۋردىكى يېتىلگەن دىنىي ئۆلىما، ئىختىساسلىق مائارىپچى، تالانتلىق قانۇنچى، كۈچلۈك مەرىپەتپەرۋەر ۋە تەشكىللىگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن زامانىسىنىڭ تالانت ئىگىلىرىدىن بولغان ئابدۇرەھىم نىزارى (1776—1848)، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى (1802 — 1862)، نۇرۇز ئاخۇن زىيائى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپ كۈچ قوشقان. ھەتتا ئالىم ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئىلىم-پەن ئەھلىلىرىگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ھەم ئۆز زامانىسىدىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىلىم-پەن ئەھلىلىرىنىڭ كۆپلەپ يېتىلىشىگە چەكسىز كۈيىنىش ھېسسىياتى بىلەن خېلى كۆپ مىقداردىكى ئالتۇنغا سېتىۋالغان، قىممەت باھالىق، ئەتىۋارلىق مۈلكى — «مەسنىۋى شېرىف» ناملىق كىتابنى يېگانە ئەسەر — «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ زىيارىتىگە چىققان ئەدىبلەر ۋە ئىلىم مەستانىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مەھمۇد قەشقىرىنىڭ قەبرىسىگە مۇتلەق ۋەخپە قىلغان.

128 ياشلىق ئۆمۈر چولپىنى، ئالىم، تارىخچى، مۇتەپەككۇر، قانۇنچى، مائارىپچى مۇھەممەت سادىق قەشقىرى ھىجرىيە 1266 (مىلادى 1849)- يىلى قەشقەردە بولغان بىر قېتىملىق سىياسىي توپىلاڭدا پاجىئەلىك ھالدا قەتلە قىلىنغان. ئۇنىڭ جەسىدى ئاق مازار (ئالەمشۇمۇل ئەسەر «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى ئالدىدىكى زەرەتگاھلىق)غا دەپنە قىلىنغان.

ئالىمنىڭ بىزگە مىراس قالدۇرغان ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن بىرى — نەسرى شەكىلدىكى «تەزكىرەئىي خوجاكان» ناملىق ئەسىرى بولۇپ، ئاپتور ئۇنى ھىجرىيە 1182 (مىلادى 1770)-يىلى يازغان. 1817-يىلى «تەزكىرەئىي ئەزىزان» نامى بىلەن داستان شەكلىدە ئۆزگەرتىپ يازغان. بۇ ئەسەر ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىنىڭ 7-بەش يىللىق مىللىي تىل-يېزىقتىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنى قۇتقۇزۇش پىلانىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلىنىپ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988-يىلى نەشر قىلىندى.

چاغاتايچە يېزىلغان بۇ قولىيازما ئەينى دەۋردىكى قەشقەر ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرى مىرزا ئۇسمان بەگنىڭ ئانىسى رەھىمخان ئاغچىنىڭ مەسلىھىتى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 14-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ تاكى 18-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەخدۇم ئەزەمدىن باشلانغان خوجىلارنىڭ يۇرتىمىز شىنجاڭغا كېلىش تارىخى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى، خوجىلار ئاقساقالى خوجاھىدايىتىللا ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشى ھەمدە ئۇنىڭ جۇڭغار خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىقى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملاشقان ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرى دەۋرى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن جەڭگە-جېدەللەر؛ شىنجاڭ رايونىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەنگە قەدەر بولغان بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەر ئىجابىي تەرەپتىن مۇقىملاشتۇرۇلغان، سەلبىي تەرەپتىن خېلى كەسكىن تەنقىد قىلىنغان ئاساستا تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى دەۋرىنىڭ مۇپەسسەل تارىخى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى بايانلاردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار، بۇ دەۋرگە نىسبەتەن بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە مۇئامىلە قىلىنىشتەك دىئالېكتىك كۆز قاراش مۇئەللىپىنىڭ بەلگىلىك ئىلغار كۆز قاراشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئەسەر گەرچە مەلۇم تەرەپلەردە دىنىي تەسەۋۋۇپچىلىق تەسىرىگە بېرىلگىنىگە قارىماستىن، 14-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى رايونىمىز شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەتتىكى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا خېلىلا يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇپ، مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزگە خىزمەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئالىمنىڭ 1840-يىلى يېزىلىپ، ئەينى دەۋردىكى قەشقەر ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرى مىرزا ئۇسمان بەگكە تەقدىم قىلغان «زۇبدەتۇل-مەسائىل» ناملىق ئەسىرىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان ئەسەر بولۇپ، ئاپتور ئۇنى ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىتىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىش مەقسىتىدە يازغان. ئاپتورنىڭ بۇ ئەسىرىدە شەرىئەت قائىدىلىرىنى مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە تەلەپلەر بىلەن ئۆزئارا جىپسىلاشتۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان. شۇنىڭدەك يەنە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق قائىدە-تۈزۈملەرنى بەلگىلەش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ھۆكۈمرانلارغا ئىجابىي مەسلىھەتلەر بېرىلگەن، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە قارىغاندا، بۇ ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن بىر خىل ئىلغارلىق بولۇپ، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ۋاھالەنكى، ئاپتورنىڭ دەۋر چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۆز قاراشلىرىنى فېئوداللىق تۈزۈم ۋە فېئوداللىق قائىدە-يوسۇنلار ئۈستىدىن ئۇزۇل-كېسىل ئىسيان كۆتۈرۈش ھەمدە ئۇنى تەل-تۆكۈس يوقىتىش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مۇھەممەد سادىق قەشقىرىنىڭ مۇھىم ئەمگەكلىرىدىن يەنە بىرى 1844-يىلى يېزىلغان «ھەزرىتى ئەسھابۇلكەھف تەزكىرىسى» ناملىق ئەسەردۇر. بۇ، دىنىي رىۋايەتلەر ئاساسىدا يېزىلغان زور ھەجىملىك تەزكىرە خاراكتېرىدىكى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ئىسلام دىنى مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن يازما يادىكارلىقلاردا ئۇچرايدىغان «ئەسھابۇلكەھف» توغرىسىدىكى ھېكايىلارنى مەزمۇن قىلغان ھالدا خەلقىمىز ئارىسىدا كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن تۇرپاندىكى مەشھۇر «ئەسھابۇلكەھف» توغرىسىدىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەر ئوبرازلىق بەدىئىي تىل ۋاستىسى ئارقىلىق تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئەسەر. ئەسەردە خىلمۇخىل جانلىق

ۋە چۆچەك سۆز، ماقال-تەمسىللەر، قىسسىسى، ھېكايىچىلىقتا زورۇر بولغان بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان، جۈملىدىن بۇ ئەسەر يالغۇز تەزكىرە خاراكتېرلىك قىزىقارلىق ئەدەبىي ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تارىخ، ئاسترونومىيە ئىلمىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ مەلۇم قىممەتكە ئىگە. تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ قەدىمكى دەۋر ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئوخشاشلا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بۇ ئەسەرنى ئەدەبىي شەكىلدە يېزىلغان قىزىقارلىق ساياھەت خاتىرىسى ياكى تارىخىي رىۋايەتلەر بايان قىلىنغان تەزكىرە خاراكتېرلىك تارىخىي ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىمكى، ئىسلام ئەدىبلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان بۇ تەزكىرە خاراكتېرلىك ئەسەردە تارىخىي ۋەقەلەر كۆپىنچە ئىلاھلىق تۇمانلىرى بىلەن قاپلانغان. ئەسەردىكى ئوبرازلارمۇ رومانتىك توقۇلمىلار، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يارىتىلغان. بەزىدە تارىخىي رېئاللىقتىن چەتنەپ مۇبالىغىچىلىككە ھەددىدىن ئارتۇق يول قويۇلغان، مەسىلەن، مىلادى 4-ئەسىردىن بۇرۇن ئىدىقۇت (دەقيانۇس دەپمۇ ئاتىلىدۇ) رايونىغا تارقالغان بۇددا دىنىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇددا غارى (ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ تەخمىنەن 55 كىلومېتىر شەرقىدىكى تويۇق جىلغىسىدا) مىلادى 7-ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كېلىپ، ئاندىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا، جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىدىقۇت (تۇرپان) رايونىغا 14-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تارقىلىشقا باشلىغان ئىسلام دىنىنىڭ مۇتلەق يالدامىسى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. بۇ غار ئەمەلىيەتتە بۇددا دىنىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئىسلام دىنى تۇرپان رايونىغا تارقىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر بۇ غار خەلقىمىز تەرىپىدىن «ئەسھابۇلكەھف» (ئىسلام دىنىنىڭ ساھابىلىرىدىن بولغان يەتتە كىشىنىڭ مەڭگۈلۈك ياتقان جايى) دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا بۇ ئەسەرگە نىسبەتەن تارىخ ئىلمى جەھەتتە ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا چوقۇم كەسكىن تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇش، ئۇنىڭدىكى بايانلارنى تارىخىي پاكىت ئورنىغا قويماسلىق لازىم. بۇ چاغاتايچە قوليازما ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىنىڭ 8-بەش يىللىق نەشر پىلانىغا ئاساسەن رەتلىنىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشرگە تەييارلاندى.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى ھەزرەتلىرىنىڭ «ئادابۇس-سالىھىن»، «قىياپەتۇل-بەشەر»، «رىسالەئىي-كاسىپدار» قاتارلىق ئەسەرلىرى كىشىلەرنى دىيانەتكە، ئەدەپ-ئەخلاققا ۋە «ئىلىمسىز ئىنساندىن نامى بار مازار ياخشى، ھۈنەرسىز ئادەم (بەر)دىن مېكيان توخۇ ياخشى» دېگەندەك ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىنىشكە ئۈندەيدىغان، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى چوڭقۇر نادىر ئەسەرلەر بولۇپ، ئاپتور ئۇ ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ كىشىلىك ئەخلاقتا ياتىدىغان بىر قاتار قاراشلىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بايان قىلغان. ئالىم، مائارىپچى موللا مۇھەممەت سادىق قەشقەرى ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىلگەن تىل مۇتەخەسسىسى ئىدى. ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئۆلىمالار ئارىسىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان قارىغۇلارچە يادلاشقا ۋە «ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا ئوقۇسا يامان بولىدۇ» دەيدىغان خۇراپىي قاراشقا قارشى ھالدا

ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس ئوقۇشلۇق كىتابى -« قۇرئان » نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان ۋە « قۇرئان » نىڭ تەپسىرىسى (شەرھىسى) نى تولۇق تاماملاپ بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئالىم يەنە « تارىخي تەبەرى » ۋە مىرزا مەخمۇت ھەيدەر (1449 — 1551) نىڭ 1546-يىلى پارس تىلىدا يېزىپ پۈتتۈرگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدا قۇرۇلغان خانلىقلار ھەم بۇ جايدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، بولۇپمۇ چاغاتاي خانلىقى ۋە يەكەن (سەئىدىيە) خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدە يېزىلغان ئىنتايىن قىممەتلىك مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۈچ توملۇق، نادىر ئەسىرى — « تارىخي رەشىدى » نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ھەر تەرەپلىمە يېتىلگەن ئالىم مۇھەممەت سادىق قەشقىرى 1846-يىلى، يەنى 125 ياشقا كەلگەندە، 10-ئەسىردە ياشىغان ئەرەب تارىخچىسى ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد بىننى جەرىر بىننى تەبەرىنىڭ ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن تارتىپ تاكى ئۆزى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئارىلىقتىكى دۇنيانىڭ تارىخى ۋە رايونىمىز شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ھەم بۇ جايدا ياشاپ ئۆتكەن تۈرك، ئىفتالىت (ئاق ھون) قاتارلىق مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخلار بايان قىلىنغان؛ جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىكى « تارىخي خاتىرىلەر » بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان، تۆت توملۇق « تارىخي تەبەرى » ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ، شۇنى ئۈرنەك قىلىش ئاساسىدا « تارىخي ئىسكەندەر ۋە تاجنامەئىي شاھى » ناملىق چوڭ ھەجىملىك تارىخي ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەر دەۋر رېئاللىقىغا ماسلاشقانلىقى، مەزمۇن جەھەتتىن « تارىخي تەبەرى » گە نىسبەتەن بىر قەدەر تولۇق ۋە مۇكەممەل بولغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەر « ماتېرىياللار جەۋھەرى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەرنى يارىتىشىغا ئەينى چاغدىكى قەشقەر ھۆكۈمرانلىرىدىن يۇنۇس تاجى بەگ بىننى ئىسكەندەر بەگ تەشەببۇسچى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر ئەسەرنىڭ نامى شۇ ھۆكۈمرانىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ ئەسەر ئۈستىدە ئاپتور ئۈچ يىل جاپالىق ئىشلىگەن. كىتابىنىڭ ئاخىرىسىدىكى « كۈنلەرنى چىمەنلەردە سەيلە قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى خالىي يەردە ئۆتكۈزدۈم، باغۇ-بوستانلارنىمۇ، دەل-دەرەخلەرنىمۇ، مېۋىلەرنىمۇ كۆرمىدىم، ئۈچ يىل جەريانىدا غەيرەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، بۇ كىتابنى دەخلىسىز، بىخەتەر تاماملىدىم » دېگەن مىسرالارغا قارىغاندا، ئاپتورنىڭ قەددى يادەك ئىگىلگەن مەزگىلدە بۇ ئەسەرگە قانچىلىك جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، تالانتلىق تارىخچى، مەرىپەتپەرۋەر، مائارىپچى، تەرجىمان، مۇتەپەككۇر، ئەدىب موللا مۇھەممەت سادىق قەشقىرىنىڭ ئۇيغۇر يازما مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان تۆھپىسى ئالاھىدە زور بولۇپ، ئۇنىڭ مول تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ قىممەتلىك ئىجادىي ئەمگەكلىرى كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ سەھىپىسىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئېلىشى زۆرۈر.

**ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق تەييارلىغان**
**مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئايمەھەممەت ساھىب

# تونۇردا

(ھېكايە)

ھىجرىيىنىڭ 1351-يىلى①. سەپەر ئېيى چىقىپ كېتەي دەپ قالسىمۇ، قار-يېغىن ھېچ توختىمايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شىۋىرغان قارلارنى ئۇچۇرۇپ ۋەھىملىك ھۇشقۇتاتتى. يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنىدىغان ھەيۋەتلىك سېپىل، سېپىل ئۈستىدىكى جىبەسەكچىلەرنىڭ گۈلخانلىرى يورۇتۇپ تۇرغان توپ-زەمبىرەكلەر زۇلمەت ئىچىدە چۆلدەرەپ ياتقان بۇ قەدىمىي شەھەرنى تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرسەتتى.

بارات ناۋاينىڭ دەرۋازىسى غىچىرلاپ ئېچىلىپ، كوچىدا تۆت-بەش كۆلەڭگە پەيدا بولدى. كۆلەڭگىلەر يەنە ھايال بولماي قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كېتىپ، ئۇلاردىن بىرىلا قالدى. ئۇ ئارانلا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ نەشتەردەك ئۇرۇلۇۋاتقان شىۋىرغاننىمۇ، قارنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى يىڭنە سانجىغاندەك پىژىلدىتىۋاتقانلىقىنىمۇ، سوغۇق بىر نەرسىنىڭ بويۇنلىرىدىن ئىچىگە ئېقىۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلمايتتى.

ئۇ ئەلەملىك خورسىنىپ، كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى تونۇر بېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېشى غەمدىن ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. كاللىسى ھېچ نەرسىگە ئىشلىمەيتتى، يۈرىكى تىغ تەگكەندەك ئېچىشاتتى.

تۈگەشتىم، ئەسلى-ۋەسلىمدىن ئايرىلدىم. ئەپقېچىپ ئالغان كىچىك خوتۇنۇم قېچىپ كەتتى، چوڭ خوتۇنۇم ئارىمىزدا نىكاھ يوق، نەچچە قېتىم ئۈچ تالاق قىلدى، دەپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن قازىغا ئەرز قىلىپ، خېتىنى ئېلىۋالدى، يەنە تېخى مېنى قىرىق دەررىگە قويدى. نەچچە ئوغلاقنىڭ تېرىسىگە كىرىپ ئاران تەستە ئەسلىگە كەلگىنىمدە ئوتتۇرانچى خوتۇنۇمنىمۇ قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتتىم، ئۇ خوتۇننى ھېلىمۇ ئاشۇ يەكەنلىك زەڭگى قوچاقلاپ ياتامدىكىن... خېلى سورۇنلۇقى بار خوتۇن ئىدى، ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ قىلاتتى، يېنىدىن پېچاقنى ئايرىمايتتى. چىلىمنىڭ سۈيىنى يەڭگۈشلەپ، تەگۋاز بېسىپ، ئوت يېقىپ بېرىدىغان ئىشلارغىمۇ خېلى پەمى بار ئىدى. مۇشۇ چاغقىچە يىگىرمىگە يېقىن خوتۇن ئاپتىمەن. لېكىن ئەشۇ بىرىلا يۈرىكىمنى بېلىقتەك ئوينىتالىغانىدى. شۇ تاپتا يوتقاننى ئىسسىتىپ تۇرىدىغان خوتۇنۇم بولغان بولسىدى، ھەي... ئۇنىڭ بەش سەر ئالتۇن، ئون ئىككى سەر كۆمۈش قەرزى يۈرىكىنى تىلغاپ، ئەلىمىنى ئۆرلەتمەكتە ئىدى.

ئالتە شەھەردە نامى بار قادىر شىپىلداق ئەمدى يەر بىلەن تەڭ

---

① ھىجرىيىنىڭ 1351-يىلى — 1933-يىل

بولدۇمغۇ؟ ئاھ، مەن يىغلىماي كىم يىغلى-
سۇن؟! ئامەت مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈپتۇ.
پۇلى يوق يىگىت ئەمەن پۇرايدىكەن.
مانا، مۇشۇ تونۇردىن چىققان كاساڭ-كاساڭ
گۆشگىردە، كاۋاپلارغا خام كېكىرگەن،
ئېتىمنى يېتىلەپ، چىلىمنى قوينىغا تىقىپ
ماڭىدىغان، پىرە-مەشرەپلەردە ئارقامدا
«خوش غوجام» دەپ تۇرۇشىدىغان،
پىچاقلىرىنى تاۋاقىغا سانچىپ قويۇپ، ماڭا
ياتتاياق-تىرەك بولىدىغان، چىلىمنىڭ باش
ئوتىنى تۇتۇشىدىغان ئاغىنىلىرىممۇ يۈز
ئۆرىدى، بارات ناۋايمۇ يۈز ئۆرىدى. بىر
تەۋەڭ گىردىنى بېشىغا ئېلىپ، سەككىز
بازارغا سۆكۈلدايدىغان، كونا چورۇقنى
بارات ناۋاي قىلىپ قويغان كىم؟ ئۆيىدە
قىمار ئېچىپ، چوتا دېگەننى غەللە
ساندۇقىغا سانىماي تاشلاپ، ئايۋان-ساراي-
لىق قىلىپ قويغان كىم؟! مانا ئەمدى
قويرۇقى ياغ ئالغاندا قىلغان ياخشىلىقنى
ئۇقماس بولۇپ قاپتۇ. بىرەر-ئىككى سەر
بىر نەرسە ئۆتنە بېرىشكىمۇ ئۇنىمىدى.
ھۇ جازانخور! خەت توختاپتۇر، قادىر
شېپىلداق بار تېخى...

ئۇ كىرپىكلىرىدە قېتىپ قالغان مۇزلارنى
سىرىپ چۇشۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ تازا خۇمارى
تۇتقانىدى. مانا، قوينىدا چىلىم-تەڭگازلىرىمۇ
تەييار. ئۇ سوغۇقتىن بەكلا توڭلاپ
كەتكەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ قاردا ئوت
ياققىلى بىرەر تال قۇرۇق تەمەچ، قىپيال
تاپالىشىغا كۆزى يەتمىدى. بىرەر قاپاق
مەيزاپ بولسىمۇ مەيلىدى. شۇ تاپتا
گۆپۈلدىتىپ ئىچكەن بولسام، ئاچچىقىمنى
باسار ئىدى. ياموۇل ئالدىدىكى تۇڭگان
دۇكىنىنى ئاچقىلى ئۇنىماس بۇ چاغدا؟!

شىۋىرغان پەسىيىپ، ئاسماندىن
توزۇۋاتقان قارمۇ ئازىيىپ قالغانىدى. ئۇ
غولىنىڭ قورۇپ، پۇتلىرىنىڭ توڭلىغانلىقتىن
سەزمەس بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.
لېكىن ئۇنىڭ يەنە نېمىشقىدۇر ئورنىدىن
تۇرغۇسى كەلمىدى. تۆلكە تەلپىكىنى بېشىغا
تېخىمۇ باستۇرۇپ قويدى. قوللىرىنى چەكمەن
چاپىنىنىڭ يېڭىگە قايتا تىقتى.

ئۇنىڭ خىياللىرى تولىمۇ ئازابلىق ئىدى.
ئۇ بۈگۈن چوڭ ئۈمىد بىلەن قوينىغا تىقىپ
كەلگەن پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ھايت-ھۇت
دېگۈچە قولىدىن چىقىرىۋەتتى. گەپنىڭ
چوڭىنى قىلىپ، ئاقىۋەتتە نېمە بولغانلىقىنىمۇ
تۇيمايلا قالدى. بارات ناۋايدىن بىر سەر
ئالتۇن، ئۈچ سەر كۈمۈش قەرز ئېلىپ
ئۇنىمۇ بىردەمدىلا ئۇتتۇرۇۋەتتى. كالىلىسىغا
ھېچ ئەقىل كەلمىدى. قارا باسقاندەك
بولۇپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بارات
ناۋاينىڭ قولىغا يەنە يېپىشلىغانىدى،
لەنتى ناۋاي جاراستاندا ئۇنى سۈندۈرۈپ
دېمىگەنلىرى قالمىدى. ئۇ شۇ ئاچچىقىدا
كولۇڭ قېشىغا بېرىپ ئىككى-ئۈچ چىلىمنى
ئارتۇق چېكىۋەتتى. بۇ ئىشلاردىن ئۇ تولىمۇ
خورلۇق ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە
يەنە ئۇتتۇرۇۋەتكەن خوتۇنى كۆرۈنۈشكە
باشلىدى. ھەي، شۇ خوتۇننى نېمىشقىمۇ
پوق يەپ دوغا تىككەن بولغىيدىم. ئۇ
بۇنى ئويلىسا يۈرىكى مۇشۇك تاتىلىغاندەك
ئېچىشاتتى. بولدى، سالۋات، جاھان
ئۆزۈنغۇ، مېنىڭمۇ ئامىتىم كېلىپ قالار. ئامەت
دېگەن ئىككى يۈزلۈك نەرسە ئىكەن،
ماڭا كۈلۈپ چىراي ئاچىدىغان كۈنلەرمۇ
كېلەر. قولۇمغا پۇل كىرەر، خوتۇنمۇ كىرەر... -

ئۇ شۇنداق خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغاندا
تۇيۇقسىز ئارقا تەرىپىدىن كورت قىلغان
بىر ئاۋاز چىقىۋىدى، چۆچۈپ كەتتى.
كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ، ئالدى-كەينىد-
گە قارىغانىدى، ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى.
ئۇ يۈرىكىنى سەل توختىتىپ تۇراتتى،
ئارقىسىدىكى تونۇر ئىچىدىن بىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com



پۇشۇلداپ تىنغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— كىم؟

— ...

ئۇ قانداقتۇر بىرەر جىن-شايا تۇندىن ئەيمەنگەندەك بولۇپ ئاستا تونۇرغا ئېگىشتى.

— كىمسەن؟ ئادەمزاتمۇ يا...



— مە... مەن.

— نېمە ئىش قىلسەن تونۇردا؟

— ئە... ئەمدى... سوغۇقتا... ياتقىلى...

— ئۆيۈڭ يوقمۇ؟ نېمە ئادەمسەن؟

— يوق، سائىلمەن.

— قەيەرلىكسەن؟

— تېگىم قاراقاشتىن.

— قارا قاشتىن؟!

— ھەئە.

قادىر شىپىلداق تەئەججۈپ بىلەن قارا قاشتىن دەپ يېنىشلاپ سوراپ قويغانلىقىنىمۇ سەزمىدى. لېكىن شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ، بىر تەسادىپىي ئامەتتىن كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى. بىراق بۇ ئامەتكە يېتىشتە قاملاشتۇرالمىسا بېشى كېتەتتى. قاملاشتۇرالىسا جىرىڭلاپ تۇرغان پۇلغا كۆمۈلۈپ كېتەتتى، ئۇ بۇ پۇل بىلەن قولدىن كەتكەن بەختىنى، ئوتتۇرۇۋەتكەن پۇللىرىنى، ئاشۇ پۇللارغا خوتۇنىنى، ئاتا-ئانىسىدىن مىراس قېلىپ، ئۇ قەرزگە ھېسابلاپ ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئايۋان-سارايلىرىنى، ئەركەك توكى، جىگىرى بار يانتاياقلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، ئارغىماقنىڭ ئۈستىدە قورغۇيدەك ئولتۇرۇپ ياغ چايناپ يىدىغان نوچىلىقىنى، قادىر شىپىلداق دېگەن نامىنى — ھەممىنى قايتۇرۇۋالالايتى. ئۇ بۇلارنىمۇ ئويلاپ يەتتى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئوت-سوغا كىرىشكىمۇ رازى ئىدى. قاملاشتۇرۇشقىمۇ كۆزى يېتەتتى. ئۇ بىردىنلا مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتتى، تىلىنى يۇمشاتتى:

— مۇساپىر ئوخشايلا، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، ھازىر ھاۋا-جاھان بەكلا سوۋۇپ كەتتى. بۇ يەردە تونۇسلە تاڭ ئاتقۇچە قېتىپ قاللىلا. بىز مۇسۇلمان ئەمەسمۇ...

تونۇردىن چىققان كىشى ئۆزىنىڭ باغرى يۇمشاق، خىزىر سۈپەت ئادەمگە يولۇقۇپ قالغىنىغا خۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

بوگۈنكى تۇتۇق ئاسماندا قۇياش ئۆزىنىڭ يېغى ئاز قالغان چىراغتەك غۇۋا جامالىنى كۆرسەتكەن چاغدا سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى رەستە يەنە دائىملىق شاۋقۇنىنى باشلىدى. دۇكاندارلار، يايمىچىلار دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدىكى قارلارنى سۈپۈرۈپ، ئىسرىق سالماقتا. ئىسرىقدانلاردىن ئادىراسمان، سەندەللەرنىڭ خۇش ھىدى

تارىماقتا. قايسىدۇ بىر ئاۋاي تۈنۈرگا يۆلگىنىپ تاشلىماقتا، كىملەردۇر ئىشەككە ئارتىلغان قاقشال ئوتۇننىڭ سودىسىنى قىلىشماقتا، ئىمامى ئەزەمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، ئالقانلارنى توپىغا سۈۋاپ پۇل ساناشماقتا. يەنە كىملەردۇر پاتقاق كېچىپ ئۆز يولىغا ئالدىراشماقتا. ھەممە ئۆز ئىشى، ئۆز غېمىنىڭ كويىدا. شۇ ئەسنادا ھەممىنىڭ كۆزى ھەيرانلىقتىن چەكچەيدى.

ئۇزۇن تاسما غىلاپلىق پىچاق ئېسىۋالغان، قوش قاپاق، شاپۇرۇتلۇق بىرى ئىت تالىشۋەتكەندەك ھۆتمە تۆشۈك بولۇپ كەتكەن كۈرەك جۇۋىسىنىڭ چۇپۇرلىرى ساڭگىلاپ، چۇرۇقنىڭ يىرتىقلىرىدىن پايتىماسى سۆرۈلۈپ قالغان ئوتتۇز-قىرىق ياشلاردىكى توپا چىراي، چاپاق كۆز، قولى باغلانغان بىرىنىڭ ئالسىگە قۇلاق سالماي، ئارقىسىدىن دۈشكەللىگىنچە ئىتتىرىپ كەلمەكتە ئىدى.

— مېنى كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرگىلى قويسىلا، مەن بىر مۇساپىر، ھېچقانداق گۇناھىم يوق، جېنىم ئاكا، مېنى نەگە ئاپىرىلا؟ يارەببى...

بۇ نالە-پەرياد قۇلىقىغا كىرگەن بازار ئەھلى نېمە ئىش بولغانلىقىدىن ھەيرانۇ ھەس ئىدى.

— قادىر شىپىلداقكەن،

— توۋا، بىر مىسكىن، غېرىب-غۇرۇۋا بەندىنى!

— ھەق-دەۋا ئىشى چىغى...

— قادىر ئىگەم، بەندىلىرىڭنىڭ كۆڭلىگە تەۋپىق-ھىدايەت ئاتا قىل!

كىشىلەر شۇنداق دېيىشكىنچە، بىر ئادەمنى باغلاپ ئالدىغا سېلىپ ماڭغان قادىر شىپىلداققا قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى.

قادىر شىپىلداق ئىشىك باقارنىڭ قولىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىۋىدى، سېپىل دەرۋازىسىنىڭ يان ئىشىكى ئېچىلدى. ئۇ، ھېلىقى كىشىنى قوينى سۆرىگەندەك سۆرەپ يامۇل ئىچىگە ئەكىرىپ كەتتى. ئىشىك يەنە ئېتىلدى.

شۇ تاپتا قادىر شىپىلداق ھەيدەپ كەلگەن ئادەمنىڭ تەقدىرى ئاشۇ ھەيۋەتلىك تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئىچىدىكى ئىشلاردەك سىر ئىدى. لېكىن سېپىل سىرتىدىكى ئىشلار ھەممىنىڭ كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايان. يېقىندىن بېرى قاراقاش پەتەي بولۇپتۇ. بۇ شەھەرنىمۇ پەتەي قىلارمىش. دېگەندەك خەۋەرلەر شەھەر ئەھلىنى ساراسىمىگە سالماقتا ئىدى. خەلق غەمدە قالغانىدى. شۇڭا پۇقرالار ئاللادىن يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى تىلەشتى. ئاۋاملا ئەمەس، قوراللىرىنى قۇچاقلاپ دۈگدىيىپ تۇرۇشقان ئىشىك باقارلارمۇ، سېپىل ئۈستىدىكى جېسەكچى-قاراۋۇللارمۇ غەمكىن كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى، ئەتراپقا ۋەھىمە، قورقۇنچ بىلەن قارىشاتتى، كۆڭلى ئۆيىدىكى چۈچۈرىدەك ئۇششاق باللىرىغا تارتىشاتتى. ئۆي-ماكانلىرىنى قۇرۇقداپ، سېپىل ئىچىگە كۆچۈپ كىرىۋالغان مەنسەپدارلارنىڭ كۆڭلىمۇ جايىدا ئەمەستەك قىلاتتى. كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكتىن كۆزلىرى بەقەمدەك قىزىل ئىدى. شۇ كۈنلەردە پاتلانغان خام قەغەزگە «قاراقاشلىق ئىسيانچىلاردىن بىرىنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە 50 سەر كۈمۈش ئىنئام بېرىلىدۇ...» دەپ يېزىلغان ئېلان سېپىل دەرۋازىسىغا چاپلانغانىدى.

كۆپ ئۆتمەي بۇ ئېلان ئادەم كۆپ يىغىلىدىغان ھېيتگاھ دەرۋازىسى، سۇ دەرۋازىسى، قىزىق دەرۋازىسى، گۈجەن دەرۋازىلىرىنىڭ ھەممىسىگە چاپلاندى. بۇ ئېلانلار گويا قىيامەت قايىمنىڭ ئۇچۇرىدەك كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تەشۋىش سېلىپ تۇراتتى. ۋەھىمىدىن غەمكىن كۆكۈللەر لاي ئېقىندەك داۋالغۇماقتا. قايسى قىرغاق-

ئويىنلاردا پاناھلىنىشنى خىيال ئەتمەكتە ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن جان ئامان قالسىلا مەيلى ئىدى. سېپىلى مۇستەھكەم يامۇلمۇ بۇ رېئاللىققا تەن بەرگەنىدى. ئۇلار شۇ ۋەجىدىن نۇرغۇن كۇمۇشنىڭ مەرىدىن كېچىپ، قاراقاشلىق ئىسيانچىلارنى جازالاشقا تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئاتلانغانىدى.

قادىر شىپىلداق خۇشاللىقتىن گازىر كۆزلىرى قىسىلىپ كەتكەن ھالدا سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئۇنىڭ قويىنى تومپىيىپ، بەلبېغى ئۈستىدىن ساڭگىلاپ قالغانىدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ چىرايىدىن ئامىتى كېلىپ، ھۇشۇقى سىياھ، پوك، چاك چۈشكەن چاغلىرىدىكىدەك خۇشاللىق چىقىپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى يەنە تەشۋىشتە ئىدى. ئۇ، شۇنداق تۇيغۇدا ھەممە ئۆز غەم-خىيالى بىلەن تەۋرەۋاتقان ھايات تۇپىغا سىڭىپ كەتتى.

* *

بۈگۈنمۇ ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ تۇراتتى. خىرە يورۇپ تۇرغان ئاي ۋە بىر نەچچە يۇلتۇزنى ھېسابقا ئالمىغاندا جاھان يەنىلا ئاغزىنى يېپىپ قويغان تونۇردەك قاراڭغۇ ئىدى. باش ئەتىيازنىڭ غۇر-غۇر شامىلى توپا توزىتىپ كۆزنى ئاچۇرمايتتى. زېمىندىن ئەگىز سۈيىنىڭ نەم خۇش ھىدى كېلەتتى.

بىر چاغدا بارات ناۋاينىڭ دەرۋازىسى غىچىرلاپ، كوچىدا تۆت-بەش كۆلەڭگە پەيدا بولدى ۋە يەنە ھايالشمايلا قاراڭغۇلۇقتا غايىپ بولدى. ئۇلاردىن بىرىلا سۆرۈلۈپ قالدى. ئۇ شۇ تاپ شامال سوققان يېكەندەك ئىغاڭلاپ ئارانلا ئۆرە تۇراتتى. پۇت-قوللىرىنىڭمۇ ماغدۇرى قالمىغاندەك ئىدى.

ئۇ يەنە تونۇر بېشىغا كەلدى. قانداقتۇر بىر گۇمان، ئىستەك بىلەن تونۇر ئىچىگە بويۇنداپ قاراپ باقتى. تونۇردىن ئەمدى ئادەم ئەمەس، ئۆچۈپ قالاي دەپ قالغان قوقاسنىڭ جىلۋىلىك ئۇچقۇنى كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئازابلىق كۆڭلى نېمىگىدۇر مەيۈسلەنگەندەك بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكى شۇ تاپ ئاشۇ قوقاستا كۆمۈلگەندەك ئازابلانماقتا ئىدى. كۆزلىرى چاناقلىرىغا تولغان ياشتىن خىرەلىشىپ كەتكەنىدى. دەرد-ھەسرەتنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغاندەك پات-پات ئېغىر خورسىناتتى.

قويندىكى ئاشۇ پۇللارنى ھەپتە-ئون كۈن كۆتۈرۈپ يۈرۈۋالغىنى قالغان چېغى. قايسى كۈنى كېچىسى ئامىتى كېلىپ ھوشۇقى ئازراق پوك، سىياھ چۈشۈپ بەرگەنىدى، مانا بۈگۈن «مېنىڭ قولۇم ئەمەس، جەمشىت پىرىمنىڭ قولى، دەتتىكام!» دەپ ئىككى ئېتىشقا قويندىكى پۇللارنىڭ ھەممىسى باشقا بىرىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ چوڭ تاشلاپ سالغىنىغا ھېچ ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ چۈش كۆرگەندەكلا بولدى. كۆز ئالدىدا روي بەرگەن بۇ ئىشلارنىڭ راست-يالغانلىقىغا ھېچ ئىشەنچ قىلالمىدى. تېخى گەدىنىگە تۆپىلەپ قەرز مىندى. ھەي، سورۇنغا بىرەر تەلە قېتىلىپ قالغانمىكىن؟ باشقىلار ئازراق چەكسىلە، باشلىرىدىن كەتكىلى تۇرۇپلا، دەۋاتاتتى. شۇنداق بولدىمىكىن-يا؟! ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قويدۇم. سورۇننىڭ بېشىدىلا چوڭ گەپ قىلىپ سالدىم، ھېلىمۇ ئىشلىتەلمىدىم. قولغا پۇل كىرگەن چاغدا، كونا قەرزلىرىنىڭ ئايىغىنى ئۈزۈۋەتكەن بولسامۇ بوپتىكەن. ئۇنىڭ يەكەن، يېڭىسار، كۇچا تەرەپلەرگە بېرىپ كېلىش خىيالى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەرەپلەرنىڭمۇ تىنچ ئەمەسلىكىنى، يېغىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ توختاپ قالغانىدى. تەۋەككۇل قىلىپ باققان بولسام، خۇدا رىسقىمنى بەرسە، بىر چاغلاردىكىدەك بىر خۇرجۇن پۇلنى ئاتقا ئارتىپ، بىر

خوتۇننى ئارقامغا مىندۈرۈپ كېلەر ئىدىم...

ئۇ بۆلارنى ئويلاپ، قولىدىن چىقىپ كەتكەن پۇللارغا ئىچى ئاغرىيتتى. يۈرىكى ئەلەمدىن ئۆرتىنەتتى.

ئۇنىڭ خۇمارى تۇتۇپ، يەنە چەككۈسى كەلگەنىدى. ئۇ بۇگۈنمۇ ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتۇپ، كۇلۇك قېشىغا بېرىپ ئۈچ-تۆت چىلىمنى يالغۇز چېكىۋەتكەنىدى. باشلىرىنىڭ بىر يەرلىرى ھېلىمۇ ئېسىلىپ، لوقۇلداپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ بىردەملىك بولسىمۇ، ھەممىنى ئۇنتۇشقا تەقەززا ئىدى

ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ، تام-تورۇسلارنى سىلاشتۇرۇپ بېقىپ، قولىغا چىققۇدەك ھېچنەرسە ئۇچرىتالمىدى. ئۇ شۇ ھالدا بىردەم مەڭدەپ يۈرۈپ ناۋايخانىنىڭ قىيسىيىپ قالغان ئىشىكنى تاپتى، ئاندىن ئۆتۈكنىڭ قونجىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ، ئىشىكتىن قىيپال يىرماقچى بولۇۋېدى، ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ گۆدەك قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىپ، بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ كەتتى. قاراڭغۇلۇقتىن شاخ-شۇمبىلارنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر ئوي كەلدى-دە، تىمىسقىلاپ يۈرۈپ بىر باغ شاخنى سۆرەپ چىقىپ تونۇرغا تاشلىدى. تونۇردىن بىردەم ئىس-تۈتۈن ئۆرلەپ، ئارقىدىن لاپ قىلىپ ئوت كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىمۇ، كۆڭلىمۇ يورۇپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە يەنە كىردى. ئوتنىڭ يورۇقىدا ئەمدى ھېچنېمىگە پۇتلاشمىدى.

دۈشمىنىڭنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇگىدىساڭمۇ ئارام. ھەي بارات ناۋاي، سۆكسۆك ئوتۇنغا چىدىماي، پاسا قالغان باراتۋاي، نەچچە ئۇلاغ ئوتۇنۇڭ تۇگۇل ئۆي-ۋاقىڭنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋاتسامۇ دەردىم چىقمايدۇ.

تونۇرغا ئوتۇن تازا كەپلەندى. تونۇردىكى ئوتۇن چاراسلاپ كۆيەتتى. ئۇ قوللىرىنى ئوتقا قاقلاپ ئىللىنتتى. ئاندىن قوينىدىن چىلىمنى، تەگۋاز خالتىسىنى ئېلىپ ئالدىدا قويدى. خالتىدىن تەگۋاز ئېلىپ، پىرسلىتىپ ئوۋۋاپ چىلىمنىڭ مەيخانىسىغا باسقاندىن كېيىن، بىر پاي ئۆتۈكنى سېلىپ كىگىز پايپىقىنىڭ تاپىنىغا چاپلىشىپ قالغان قاقچىلىك نەشىنى ئاجرىتىپ ئالدى. ئۇنىڭ گىرۋەكلىرىدىن تىرناقلاپ ئوزۇپ، تەگۋاز ئۈستىگە تىزدى. ئاندىن بىر تال يۇلغۇن تەمچىگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ چىلىمنى قولىغا ئالدى.

ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى بوشاشماقتا ئىدى. مادارى ئاشۇ ئاغزى-بۇرنىدىن نوغۇچتەك چىقىۋاتقان تۈتۈن بىلەن قوشۇلۇپ چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكنى مۇجىغان، قورسىقىغا سىغماي قالغان دەرد-ھەسرىتى، پۇشايمىنى ئاشۇ تۈتۈنگە ئوخشاش ئوڭداق ئاسان چىقىپ كېتەلىگەندەك قىلمايتتى.

ئۇ يەنە چىلىم چېكىپ، خىيالغا غەرق بولدى. ئاشۇ ئوت ئىچىدىن ئۇنىڭغا ھېلىقى جۇلدۇر كېپەن، تەركىي دۇنيا كىشى، چېپىلغان تاۋۇزدەك بىر باش كۆرۈنگەندەك بولدى. بۇ باش ئۇنىڭ كۆز ئالدىغىلا ئېسىپ قويۇلغاندەك ئىدى. ئۇ، بۇ باشنى نەچچە كۈندىن بېرى كۆرۈپ تۇردى. كۆرمەي دېسىمۇ، كوچىلاردا كېتىۋېتىپ قاراپ سالدى. كۆزۈم كۆرمىگەي دېسىمۇ، خىيالىدىن كەتمىدى. سېپىل دەرۋازىسى، ھېيتگاھ دەرۋازىسى، سۇ دەرۋازىسى، گۈجەن دەرۋازىسىنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق باشلار ئېسىپ قويۇلغانىدى. بۇ كاللىلارنىڭ بىرلىرى ئۈچ پاختىدەك ئاق ساقاللىق، بىرلىرىنىڭ تېخى بۇرۇتىمۇ خەت تارتمىغانىدى، يەنە بىرلىرى شور باغلىغان تۇز قاپىقىدەك قوتۇر، پاينەكباش ئىدى... ئۇنىڭ كۆزلىرى

هەر قېتىم ئاشۇ كالللارغا تىكىلگىنىدە، ئۇنى سۇر ۋە ۋەھىمە باساتتى. ئۇ بۇلاردىن كۆزىنى، خىيالىنى قاچۇرۇشقا تىرىشاتتى.

ئۇ يەنە بىر چىلىم چەكتى. يىلىن-جاۋاتقان ئوتقا قاراپ ئۆتكەنكىدەك ئىككى ئېغىز گېپىنى ئوڭشاپ قىلالمايدىغان· يەنە بىرەرى يولۇقۇپ قالسىدى، مېنىڭ بۇ قوينۇم يەنە ئالتۇن-تىللاغا توشار ئىدى... دەپ شېرىن خىياللارغا چۆمۈلدى.

ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ چېكى يوقتەك قىلاتتى. ئۇ ھەر كېچىسى كېلىپ تونۇرغا قاراپ بېقىشنىمۇ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئامتى كېلىپ قالسا ئۇتتۇرۇۋەتكەن ئاشۇ خوتۇندەك بىرەرىنى قولغا چۈشۈرۈشنىمۇ ئويلىدى، تەمە قىلدى... ئۇنىڭ خىياللىرى بارا-بارا چۈشتەك غۇۋالىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىنى ئۇيقۇمۇ ھەپىلىسى قالمىغانىدى.

* *

ئۇيۇق قىزارغاندا ھېيتگاھ جامەسىدىن تارقىغان. جامائەت بارات ناۋاينىڭ تونۇرى قېشىغا كەلگەندە بارات ناۋاي بىلەن ئىمكارلىرىنىڭ ئاللا-تۈۋىسىدىن توختاپ قېلىشتى. ھەممەيلەن نېمە بولغاندۇ دەپ تونۇرغا بويۇنداپ قارايتتى. كۆرەلىگەنلەر ياقا چىشلەپ توۋا قىلاتتى. ئارىدىن باغرى يۇمشاق بىرلىرى يىغلاپ كەتتى. كىملەردۇر دۇرۇت ئوقۇشاتتى. چۈنكى تونۇر ئىچىدە كۆيۈپ كۆسەيگىلا ئوخشاپ قالغان بىر ئادەمنىڭ «كاۋىپى» تۈگۈلۈپ ياتاتتى.

جامائەت ھە-ھۇ دېيىشىپ جەسەتنى تونۇردىن ئېلىشتى. ئەتراپنى كۆيۈپ كەتكەن كاۋاپنىڭ پۇرىقى قاپلىدى.

— ئاھ خۇدا، نېمە كۈن بۇ؟! باللىنى تونۇرغا ئوت سېلىڭلار دەپ چىقارتسام ھايال بولماي چىرقىراپ كىرىشتى، زۇۋانىمۇ گەپكە كەلمىدى. گاھى كېچىسى يېتىم--مۇساپىرلار كىرىپ يېتىۋالاتتى. بىلگەن بولسام ئۆيدىمۇ يوتقان-كۆرپە خېلى كەگرى ئىدى. نېمە قىسمەت ئەمدى بۇ؟!

بارات ناۋاي نېمىگىدۇر پۇشايمان قىلاتتى، يىغلايتتى. تونۇر بېشى يىغا-زارە، ماتەم-مۇسىبەتكە ئايلاندى. ھەممىنىڭ كۆزىدىن تونۇرنى پاناھ ئەتكەن، ئىگە--چاقىسىز، غېرىپ-مۇساپىر ئۇچۇن يامغۇردەك ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى. بۇ ئىش شۇ كۈنىلا ئاشۇ تونۇردىن چىققان كاۋاپنىڭ پۇرىقىدەكلا ئەتراپقا تارالدى، ھەممە ئىچىنى ئاغرىتتى. خۇددى ئاشۇ باشلىرى كېسىلىپ، دەرۋازىلارغا ئېسىلغان ناتونۇشلارغا ئىچ ئاغرىتقاندەك ئېچىنىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن قادىر شىپىلداقمۇ بارات ناۋاينىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم باسمىدى. تاۋۇكا ئۈستىدە، چىلىم ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئىسمى پات-پات تىلغا چىقىپ قالاتتى. بەزىلەر ئۇ يەكەن يېڭىسار، كۇچا تەرەپلەرگە بارىمەن، دەپ يۈرەتتى، كەتكەن ئوخشايدۇ، ئۇتتۇپ بىر نەرسە كۆتۈرۈپ كېلەلەرمىكىن، دەپ گېپىنى قىلىشاتتى. لېكىن ئارىدىن خېلى كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى، ئۇنىڭ دېرىكى بولمىدى بەلكىم ئۇ ناھايىتى يىراقلارغا كەتكەن چېغى.

(«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق 6-سانىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر **كامىل تۇرسۇن**

سەلەي قاسىم

## سەنىڭ شائىر بولامسەن؟

شائىرلىق كوچىسى بەك ئۇزۇن كوچا،
ياخشىسى، كىرمىگىن سەن بۇ كوچىغا.
كىرسەڭ كىر، مەن ساڭا دەپ قوياي شۇنى:
جېنىڭنى ئېلىپ كىر قەلەم ئۇچىغا.

كۆپ قەلەم ئۇپراتتىم دەيدىيۇ شائىر،
ۋە لېكىن ئەڭ ئاۋۋال ئۇپرايدۇ ئۆزى.
ئۇپرىغان چېغىدا يېرىم بەھوش ئۇ،
غەيرىي بىر ئوت يېنىپ چاقنايدۇ كۆزى.

ئەسىرى خەلقىنىڭ كۆڭلىگە ياقسا،
خۇش بولۇپ كېتىدۇ كىچىك بالىدەك.
ئاي، يىللاپ ئىشلەيدۇ بىر شېئىرنى دەپ،
ھەر قېتىم ئوقۇسا بىر يەر چالىدەك.

شائىرنىڭ كۆڭلىدە ھېسسىيات قىيان،
ئاقار ئۇ بىر ئۆمۈر تارتىسمۇ زىيان.
ئۆزىنىڭ تۇتقان بىر يولى بار تايماس،
ۋاي دېمەس، دات دېمەس، چاقىسمۇ چايان.

خەلقىنىڭ تىلى ئۇ، نازۇك دىلى ئۇ،
تومۇردا ئۇخچىغان قىزىل قېنى ئۇ.
ھاتەمدەك كېرىلىپ كەلسەڭ ئالدىغا،
بىر پۇلغا ئەرزىمەس دەيدۇ سېنى ئۇ.

بارساڭ بار ئالدىغا ھېسسىيات بىلەن،
بولمىسا يانسەن پىلسىرات بىلەن.
شائىرنىڭ بىر كۆڭلى مىڭ ۋاراق كىتاب،
ئوقۇساڭ بىلسەن ئىجتىھات بىلەن.

شائىرنىڭ شائىرغا ياقمىقى قىيىن،
تىللامسەن، ئۇرامسەن ئاڭا بىر تىيىن.
گەرچە خار بولسىمۇ تىرىكلىكدە،
قەدرىگە يېتىمىز ئۆلگەندىن كېيىن.

(« شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەت گېزىتى » نىڭ 18-سانىدىن)

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

## سىلەر ھايات كۆكىدىكى ئاي

ئۇنۇت مېنى، ئۇنۇت كۆز ياشلار،
خىيالىڭدىن يىراق چۆرۈۋەت.
ئۇنۇت مېنى ئازابلىق ھېسلار،
شادلىق كۆرسەڭ ماڭا بېرىۋەت.

ئۇنۇت مېنى، بىۋاپا سۆيگۈ،
ئەمدى ساڭا كۆيۈشۈم ھارام.
ئۇنۇت مېنى ھىجران ئوتلىرى،
يېتسۇن يۈرەك قېتىمدىن يارام.

ئۇنۇت مېنى خىرە كېچىلەر،
قۇچىقىڭغا بارمايمەن تىنەپ.
ئۇنۇت مېنى ۋەدىلەشكەن جاي،
ئەمدى سېنى يۈرمەيمەن ئىزدەپ.

ئۇنۇت مېنى ساختا مەغرۇرلۇق،
ئۆز قامىتىم ئۆزۈمگە ئايان.
ئۇنۇت مېنى تۆھمەت، ھىيلىلەر،
يىتسەڭ كۆزدىن مەن بەك شادمان.

www.uyghurkitap.com

ئۇنۇت مېنى بىخۇد-بەگباشلىق،
ئېزىتۇەرمەي ساڭا ئەگىشىپ.
ئۇنۇت مېنى قۇرۇق سۆزمەنلىك،
سەنسىز ئۆتتۈم تاغلاردىن ئېشىپ.

ئۇنۇت مېنى غەيۋەت-ھەسەتلەر،
كۆڭلى ساڭا مۇشتاقلارغا بار.

ئۇنۇت مېنى روھسىز سادالار،
دىل ئۆيۈمگە ئوتلۇق چېقىن يار.

ئۇنۇت مېنى تەنتەك خىياللار،
قەلبىم گۈلگۈن تىلەكلەرگە باي.
ئۇنۇتماڭلار مېنى سىرداشلار،
سىلەر ھايات كۆكمىدىكى ئاي.

(«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق 6-سانىدىن)

**ئابدۇساتتار ناسىرى**

## ھەسەت

ھەسەت نېمە؟
ھەسەت دېگەن ئىت،
كۈن بويى كارۋانغا
قاۋاپ چىقىدۇ.

ھەسەت نېمە؟
ھەسەت ئۇ مۈشۈك،
كۈن بويى تۆشۈكتىن
ماراپ چىقىدۇ.

ھەسەت نېمە؟

ھەسەت ئۇ چاشقان،
كۈن بويى يۈرەكنى
غاجاپ چىقىدۇ.

ھەسەت نېمە؟
ھەسەت دېگەن ئىت،
مۈشۈك،
چاشقان!
ئۆمۈر بويى بىرىنى بىرى
قوغلاپ چىقىدۇ.

(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىل 3-سانىدىن)



# چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر

تۇرگېنېۋ (رۇسىيە)

## ئورمان ۋە يايلاق

...كەينىگە يېتىلەيدۇ ئۇنى ئاستىلاپ،
قايتسۇن دەپ كەنتكە -گىرىمسەن باغقا.
ئۇ يەردە سايىۋەن لىپالار ئەنە،
لاندىشلار ئېگىدۇر خۇش بۇي پۇراققا.
قىرغاقتىن ئېگىلىپ تۇرىدۇ سۇغا
ئۇ يەردە ئۆسكەن تال-سۆۋادان قاتار.
يەر مۇنبەت، قويۇقتۇر دوپ دەرەخلىرى،
كەندىر ۋە چاقىقاقلار تارقىتار ئىپار.
ئاشۇ يەر سوزۇلغان چەكسىز شۇ قەدەر،
تۇپرىقى تۇرىدۇ مامۇقتەك چاقناپ.
ئۇ يەرنى قاپلىغان قارا بۇغدايلار
تېپتىنچ ۋە مەيىن چايقىلىپ تۇرار.
ئاپئاق ۋە سۇپسۇزۇك توپ-توپ بۇلۇتتا
يانىدۇ ئالتۇندەك ۋەزنى مول ئاپتاپ.
ئىزدىسەڭ تېپىلماس ھېچنەدىن تېگى،
تەرىپلەر ھەممە بۇ ماكانىنى ماختاپ.
— «كۆيدۈرۈلىدىغان شېئىرلار» دىن
ئېلىندى.

مېنىڭ بۇ يازمىشلىرىم ئېھتىمال كىتاب-خانلارنى زېرىكتۈرۈپ قويغاندۇر. مەن بۇرۇن ئېلان قىلىنغان بىر نەچچە خاتىرىلىرىم بىلەن ئىشنى تۈگىتىپ، كىتابخانلارغا تەسەللى بېرىشنى ئويلىغانىدىم. بىراق خوشلىشىش ئالدىدا ئۇۋچىلىق ھەققىدە بىر نەچچە كەلىمە گەپ قىلمىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

مىلتىق ئېلىپ ئۇۋ ئىتى بىلەن ئۇۋ قىلىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ. سىز گەرچە تۇغۇلۇپلا ئۇۋچى بولمىغان بولسىڭىزمۇ، لېكىن تەبىئەت ۋە ئەركىنلىكنى ھامان سۆيۈسىز، شۇڭا بىز ئۇۋچىلارغا قىزىقماسلىقىڭىز مۇمكىن ئەمەس... مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى گەپلىرىمگە قۇلاق سالغايسىز.

مەسىلەن، باھار كۈنلىرى تاڭ ئاتماستا ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، سەيلە-تاماشىغا ماڭغان چاغدىكى خۇشاللىقنى سىز بىلەمسىز؟ سىز ئىشىك ئالدىغا چىققىنىڭىزدا... تىنىق ئاسماندىكى يۇلتۇزلار جىمىرلىشىدۇ. نەمخۇش مەيىن شامال تۇرۇپ-تۇرۇپ يېنىك دولقۇن-لاردەك ئۇرۇلىدۇ. تۈننىڭ يوشۇرۇن ھەم تۇتۇق ئاۋازى، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ شىلدىرلاشلىرى ئاڭلىنى-دۇ. خىزمەتكار ھارۋىغا گىلەم سېلىپ، ساماۋەر قاچىلانغان يەشىكنى ئايغىمىر تۇرىدىغان جايغا قويدى. ئىككى ياندا ئات تېپىرلاپ تىنىمسىز پۇشقۇراتتى. ئەمدىلا ئويغۇدىن ئويغانغان بىر جۈپ ئاق غاز بىخارامان ئىغاڭلاپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتى-ۋاتاتتى. قاشانىڭ كەينىدىكى گۈللۈكتە كۆزەتچى بىمالال خورەك تارتماقتا ئىدى. ھەربىر ئاۋاز گويا ھاۋادا ئويۇپ قېتىپ قالغاندەك قىلاتتى. سىز ھارۋىغا چۈشكىنىڭىز-دە ئاتلار تەكشى قەدەم بىلەن مېڭىشىپ، ھارۋىدىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار كېلىدۇ... سىز ھارۋا بىلەن چېركاۋ ئالدىدىن ئۆتۈپ تاغدىن چۈشكەندىن كېيىن ئوڭغا بۇرۇلسىڭىز توسمىدىن ئۆتۈسىز... كۆل ئۈستىدە مانان

كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان. سىز سەل تولغىنىدەك بولۇپ، جۇۋىڭىزنىڭ ياقىسى بىلەن يۈزىڭىزنى توسۇۋالىسىز. سىزنى ئۇيقۇ باسىدۇ. ئاتلار يولدىكى ئويمان يەرلەرگە يېقىلىپ قالغان سۇلارنى كېچىپ ئۆتكەندە، ناھايىتى ئۇنلۇك شالاقلىغان ئاۋاز چىقىدۇ. بۇ چاغدا ھارۋىكەش ئىسقىرتىپ قويىدۇ. لېكىن سىز مۇشۇ ئەسنادا تۆت كىلومېتىردەك ئۇزاپ كەتكەن بولىسىز... ئۇپۇق قىزىرىشقا باشلايدۇ. ياۋا ئۆردەكلەر قېيىنزارلىقلاردا ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، كېلەڭسىز ھالدا ئوياق-بۇياقلارغا ئۇچۇشىدۇ. قۇشقاچلار قېلىن ئوت-چۆپلۈكلەر ئەتراپىدا ۋىچىرلىشىدۇ. ھاۋا ئوچۇق، يوللار تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈنمەكتە. ھاۋا سۈزۈلۈپ، بۇلۇتلار ئاقاردى، يەر-جاھان يېشىللىققا پۈركەندى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە قالانغان دېۋىرقايلىق قارىغاي شاخ-شۇمبىلىرىدىن قىزىل نۇرلار چېچىلىدۇ. تېخى ئۇيقۇسىغا قانمىغان كىشىلەرنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى دەرۋازا ئىچىدىن ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ، سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئالتۇن تالالىرى ئاسمانغا يېيىلغان چاغ ئىدى. تاغ جىلغىلىرىدا توپ-توپ مانانلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. تورغايلار چاڭقىلداپ سايرىشاتتى. تاڭ ساباسى ئاستا-ئاستا قېنىق قىزىل رەڭلىك قۇياشنى ئېلىپ چىقتى. قۇياش نۇرلىرى ئېقىن سۇدەك ئېتىلىپ چىقاتتى. بۇ چاغدا سىزنىڭ يۈرىكىڭىز قۇشتەك ئويناپ كېتىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭىلىق، خۇشاللىق ۋە زوقلىنارلىق! بۇ ئەتراپتىكى يىراق جايلارمۇ ئېنىق كۆرۈنىدۇ. كىچىككىنە ئورمانلىقنىڭ كەينىدە بىر كەنت بار. ئۇنىڭ سەل نېرىسىدا يەنە بىر كەنت بار. بۇ كەنتتە بىر ئاق ئىبادەتخانا، تاغدا ئاق قېيىنزارلىقنىڭ كەينىدە بىر پارچە ساسلىق بولۇپ، بۇ دەل سىزنىڭ مەنزىلگاھىڭىز... چېپىڭلار جانىۋارلار، چېپىڭلار!

چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋلار... پەقەت ئۈچ كىلومېتىرلا مۇساپە قالدى. كۈن چىقىشقا ئاز قالدى. ئاسمان شىشىدەك سۈزۈك... بۈگۈن ھاۋا چوقۇم ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ. بىر توپ ئۆي ھايۋانلىرى كەنتتىن بۇ تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. سىزنىڭ ھارۋىڭىز تاغ ئۈستىگە چىقتى.... نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە بۇ-ھە! دەريانىڭ ئەگرى-توقاي ئاققان ئون كىلومېتىرچە جايدىكى مەنزىرىسى تۇمان ئىچىدە سۇس كۆك كۆرۈنەتتى. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ياپيېشىل ئوت-چۆپلۈكلەر يېيىلىپ ياتاتتى. بۇ ئوت-چۆپلۈكلەرنىڭ ئۇ تەرىپىدە بولسا ئۈستى تۈپتۈز كەتكەن بىرقانچە ئېدىرلىق بار ئىدى. يىراقتا بولسا بىر نەچچە قۇش ساسلىق ئۈستىدە سايرىشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ھاۋا نەم بولغاچقا، قۇياش نۇرىدا يىراقتىكى مەنزىرىلەرنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى... ياز كۈنلىرىگە ئوخشىمايتتى. بۇ يەردە شۇ قەدەر ئەركىن نەپەس ئالغىلى بولىدۇكى، ئۆگە-ئۈگىلىرىڭىز راھەتلىنىپ، باھارنىڭ ساپ ھاۋاسىدا پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز يايراپ، ئۆزىڭىزنى شۇنچە تېتىك، ساغلام ھېس قىلىسىز!

ئىيۇل ئايلىرىنىڭ ئەتىگىنى تاڭ سەھەردە دەل-دەرەخلەر ئارىلاپ سەيلە قىلىشنىڭ قانچىلىك راھەت ئىكەنلىكىنى ئوۋچىلاردىن باشقا كىممۇ بۇنچە چوڭقۇر ھېس قىلالىسۇن! ئايىغىڭىز نەم ئوتلاقتا يېشىل ئىز قالدۇرۇپ بارىدۇ، سىز ھۆل بولۇپ كەتكەن دەرەخ شاخلىرىنى قايرىپ، ئۆزىڭىزگە يول ئاچقىنىڭىزدا بۇ يەردە توپلىنىپ قالغان ئىللىق ھاۋا سىزگە گۈپپىدە ئۇرۇلىدۇ ھاۋا ئەرمەنلەرنىڭ ئاچچىق-چۇچۇك ھىدىغا تولىدۇ. يەنە قارا بۇغداي، شىۋاقلارنىڭ خۇش پۇراقلىرىمۇ كېلىپ تۇرىدۇ. يىراقتا بىر پارچە دوپ ئورمىنى قۇياش نۇرىدا ۋاللىداپ كۆز چاقنىتىدۇ.

هاۋا يەنىلا سالقىن بولسىمۇ، لېكىن بىر خىل ئىسسىق تەپنىڭ كېلىۋاتقانلىقى بايقىلىدۇ. ھەددىدىن زىيادە خۇش پۇراقلار سىزنىڭ بېشىڭىزنى ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ؛ دەرەخزارلىقلارنىڭ چېكى يوق... يىراقتىكى بەزى جايلاردىلا ساغىرىپ پىشقان ئارپىلار ۋە شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدىكى بىر پارچە قارا بۇغدايلىق كۆرۈنىدۇ. بۇ چاغدا بىر ئات ھارۋىسى تاراقلاپ يېتىپ كەلدى. بىر دېھقان سالماق قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كېلىپ، ئاۋۋال ئاتلارنى سايىلىق سالقىن جايلارغا ئاپىرىپ قويدى... سىز ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىسىز، ئۇ كېتىپ قالىدۇ. سىزنىڭ كەينىڭىزدە ئورغاقنىڭ كۈچلۈك شارتىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئوت-چۆپلەر قۇرۇشقا باشلايدۇ. كۈن ئىسسىقا باشلاپ، ۋاقت سائەت-سائەتلەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ... ئۇپۇق بارا-بارا قارىيىدۇ. ھاۋادا ئوتتەك قىزىق ھارارەت تارقىلىدۇ.

— ئاكا، بۇ يەردىن ئىچىدىغان سۇ تاپقىلى بولارمۇ؟ — دەپ سورايسىز چۆپ ئورۇۋاتقان بىر ئادەمدىن.

— ئاۋۇ تەرەپتىكى جىلغىدا بىر قۇدۇق بار.

سىز يۆگەي بېسىپ كەتكەن قېلىن ياۋا ياڭاقلىقتىن ئۆتۈپ، جىلغىغا چۈشكىنىڭىزدە، تىك يار تېگىگە يوشۇرۇنغان بىر بۇلاقنى كۆرىسىز، قېلىن يوپۇرماقلىق دوپ دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى سۇ يۈزىنى چۈمكىۋالغان، سىز يۇمران دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان زۇمرەت سۇنى كۆرىسىز. سىز دۈم يېتىپ بۇ سۇدىن قانغۇچە ئىچكىنىڭىزدە سىزگە ھېچنەرسە خۇشياقماس بولۇپ قالىدۇ. سىز ھازىر سايە چۈشۈپ تۇرغان سالقىن يەردە خۇش بۇي نەم ھاۋانى سۈمۈرۈپ، ناھايىتى راھەتلىنىۋاتقانسىز، لېكىن شۇ تاپتا سىزنىڭ قارشى تەرىپىڭىزدىكى چاتقاللىقلار ئوتتەك قىزىپ كەتكەن، ئۇ ئاپتاپتا خۇددى ساغىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمدى بۇ نېمە ئۇشتۇمتۇت بوران چىقىپ شۇنچە تېز بېسىقىپ قالدى. ھاۋا بىر سىلكىنگەندەك بولدى. بۇ گۈلدۈرماما ئاۋازى ئەمەسمۇ؟ سىز جىلغىدىن چىقىسىز... ئۇپۇقتىكى قوغۇشۇن رەڭلىك نېمە ئۇ؟ ئىسسىق ھاۋا قويۇقلاشقانمۇ قانداق؟ قارا بۇلۇتلار تۈرۈلۈپ كېلىۋاتامدۇ-يا؟... بۇ چاغدا چاقماق شولىسى يالت-يۇلت قىلىپ قالدى... ئۇھ، ئەسلىدە بۇ قاتتىق يامغۇرنىڭ شەپىسى ئىكەن-دە! ئەتراپقا ھېلىمۇ كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. يەنىلا ئۇۋ ئۇۋلاشقا بولاتتى. لېكىن قارا بۇلۇتلار كۆپىيىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى بىر تەرەپ گويا چاپاننىڭ يېڭىگە ئوخشاش بىر ئېچىلىپ، بىر يېپىلىپ، ئاسمان گۈمبىزىدەك ھەممە جاينى چۈمكىۋالغانىدى. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىدىچە پۈتۈن جاھان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى... تېز يۈگۈرۈڭ! ئاۋۇ تەرەپتە قۇرۇق ئوت-چۆپ بېسىپ قويغان لاپاس باردەك قىلىدۇ... تېز يۈگۈرۈڭ!... چاپسان بېرىپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىڭ... يامغۇر نېمىدېگەن قاتتىق ياغقان-ھە! چاقماق نېمىدېگەن يورۇق! بەزى جايلاردا يامغۇر تامچىلىرى لاپاسلاردىن ئۆتۈپ خۇش بۇي ھىد كېلىپ تۇرغان قۇرۇق ئوت-چۆپلەرگە تامچىلايتتى... لېكىن قاراڭغا، يەنە كۈن چىقتى، قاتتىق يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى. سىز قايتىپ چىقىڭ، يارەببىم، ئەتراپ شۇ قەدەر خۇشاللىققا چۆمۈپ نۇرلانغان. ھاۋا شۇ قەدەر ئوچۇق ۋە ساپ، بولدۇرگەن ۋە موگۈلار نەقەدەر خۇش پۇراقلىق-ھە!

لېكىن قاش قارىيىپ، كەچ كىرىپ قالغانىدى. كەچكى شەپەق چوغدەك تاۋلىنىپ، ئاسماننىڭ يېرىمىنى ياپقان ئىدى. كۈن ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ھاۋا ئىنتايىن

ئۇچۇق بولۇپ، سۇپسۇزۇك شىشىگە ئوخشاپ كېتەتتى. يىراقنى نېپىز تۇمان باسقان بولسىمۇ، ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنەتتى. ھېلىلا يەنە سۇس ئالتۇن رەڭ نۇرغا تولغان ئورمانلىققا شەبنەم بىلەن چوغدەك ئالتۇن نۇرلار چۈشۈپ تۇراتتى. دەل-دەرەخلەرگە، ئېگىز-ئېگىز دۆۋىلەنگەن ئوت-چۆپ دۆۋىلىرىگە كۆلەڭگە چۈشۈپ تۇراتتى. كۈن ئولتۇردى. بىر يۇلتۇز ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياش ھاسىل قىلغان ئوت دېڭىزىدا دەسلەپ يالت-يۇلت قىلىپ چاقنىدى... بۇ ئوت دېڭىزى ئاستا-ئاستا ئاقىرىشقا، ئاسمان كۆكۈرۈشكە باشلىدى. يەككە كۆلەڭگە غايىب بولۇپ، ھاۋانى تۈتەك باستى. سىزنىڭ چۈشكۈن قىلىدىغان كەنتىڭىز — دېھقاننىڭ كەپىسىگە قايتىدىغان ۋاقتىڭىز بولۇپ قالدى. شۇڭا مىلتىق كۆتۈرۈپ، ھېرىپ-چارچىغانلىقىڭىزغا قارىماي يۈرۈپ كېتىسىز... تۈن قاراڭغۇلۇقى باشلاندى، يىگىرمە قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئىتنىڭ ئاق رەڭگى قاراڭغۇدا ئارانلا كۆرۈنەتتى. ئاشۇ چاتقاللىقلار، ئۇيۇق تەرەپ غۇۋا يورۇق تۇراتتى... بۇ نېمە؟ بىر زور يانغىنمۇ؟ ياق، بۇ ئاينىڭ تۇغۇشى، پەستىكى ئوڭ تەرەپتىن كەنتتىكى چىراغ نۇرلىرى كۆرۈندى... سىز ئاخىرى قونالغۇغا يېتىپ كېلىپ، دېرىزىدىن ئاق داستىخان سېلىنغان شىرەنى ۋە شام يورىتىپ تۇرغان تەييارلانغان كەچلىك غىزانى كۆرىسىز...

بەزىدە سىز ھارۋىغا ئولتۇرۇپ چىل ئوۋلاشقا ئورمانغا بارىسىز. ھارۋىنىڭ ئېگىز ھەم قويۇق ئۆسكەن قارا بۇغدايلىق ئارىسىدىكى تار يوللاردىن ئۆتۈشى تولىمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدۇ. باشاقلار يۈزىڭىزگە يۇمشاقىنە ئۇرۇلىدۇ. لەيلىقازاقلار ئايىغىڭىزدا سۆرۈلۈپ، ئەتراپتا بۆدىنىلەر ۋاقىلداپ سايرىشىدۇ. ئاتلار ئېرىنچەكلىك بىلەن قەدەم تاشلاپ مېڭىشىدۇ. سىز ئورمانلىققا يېتىپ كېلىسىز. بۇ يەر سالقىن ھەم جىمجىت. ھەيۋەتلىك سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئۈستىڭىزدە شىلدىرلايدۇ. ئاق قېيىنلارنىڭ ساڭگىلاپ چۈشكەن شاخلىرى لەرزان يەلپۈنىدۇ. بىر تۈپ يوغان دوپ دەرىخى يەنە بىر تۈپ ئېسىل لىپا دەرىخى قېشىدا جەڭچىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. سىزنىڭ ھارۋىڭىز ياپيېشىل چىمەنلىك، ئالا-بۇلىماچ سايە چۈشۈپ تۇرغان چىغىر يولدا كېلىدۇ. بىر سېرىق كۆكيۈن ئالتۇن رەڭلىك ھاۋادا بىر پەس ئايلانغاندىن كېيىن ئۈشتۈمتۇت ئۇچۇپ كەتتى. ئۇششاق پاشا-كۇمۇتلار توپ-توپ بولۇشۇپ ئايلىنىپ كۆلەڭگىدە پارقىراپ، كۈن نۇرىدا قارا بولۇپ كۆرۈنىدۇ. قۇشلار بىخارامان سايرىشىدۇ. تومۇزغىلار چىرىلدىشىدۇ. بۇ ئاۋازلار قوڭغۇراق گۈللەرنىڭ خۇش پۇراق ھىدى بىلەن بەكمۇ ماسلاشقان. سىز يەنە مېڭىۋەرسىڭىز ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىسىز... ئورمان قويۇقلىشىشقا باشلايدۇ... سىز ئۆزىڭىزنى تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز تىمتاسلىق ئىچىدە ھېس قىلىسىز. ئەتراپمۇ ئۇيقۇسىراپ جىمجىتلىققا چۆككەن. بىردىنلا شامال چىقىپ، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى خۇددى ئۈشتۈمتۇت كۆتۈرۈلگەن دولقۇنلاردەك شاۋقۇنلايدۇ. بۇلتۇرقى قوڭۇر رەڭ غازاڭلار ئاستىدىن ئۈنۈپ چىققان ئوت-چۆپلەر ناھايىتى ئېگىز ئۆسۈپ، موگۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مالخايلىرىنى كىيىشىپ، بىر چەتتە تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىدۇ. توشقان ئۈشتۈمتۇت يۈگۈرۈپ چىققاندا، ئىتلار قاتتىق ھاۋشۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېتىدۇ...

مۇشۇ ئورمانلىققا كۈزدە قىرغاۋۇللار ئۇچۇپ كەلگەندە بۇ يەر تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ! قىرغاۋۇللارنى ئورمانلىقنىڭ ئىچكە-

ـرىسىدە ئەمەس، بەلكى ئورمانىنىڭ ئەتراپىدىمۇ تاپقىلى بولىدۇ. شامال، قۇياش، يورۇقلۇق، كۆلەڭگە، ھەرىكەت، ئاۋازلارمۇ يوق. يېقىملىق ھاۋادىن كۈزدىكى ئۈزۈم ھارىقىغا ئوخشاش خۇش پۇراق كېلىدۇ. يىراقتىكى ساپسېرىق ئېتىزلىقلارنى بىر قەۋەت نېپىز تۇمان قاپلىغان. دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن سۈزۈك ئاسمان كۆرۈنىدۇ. لىپا دەرەخلىرىنىڭ بىر قانچە شېخىدا ئەڭ ئاخىرقى ياپراقلار ئالتۇندەك تاۋلىنىدۇ. ھۆل يەرنى دەسسىسىڭىز يەر لۆمۈلدەيدۇ. بۇ يەردىكى ئېگىز-ئېگىز ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر قىمىرلاپمۇ قويمايدۇ. ئۇزۇن-ئۇزۇن سوزۇلغان ئۆمۈچۈك تورلىرى سارغايغان ئوت-چۆپلەردە ۋاللىدايدۇ. بۇ يەردە ئۆزىڭىزچە راھەتلىنىپ نەپەس ئالغاندەك قىلىسىزمۇ، لېكىن كۆڭلىڭىز قانداقتۇر بىر خىل ۋەھىمە ھېس قىلىدۇ. سىز ئورمانلىقنى ئارىلاپ، يول بويى ئېتىزغا قاراپ بارىسىز. بۇ جەرياندا سۆيۈملۈك ئوبرازلار، سۆيۈملۈك كىشىلىرىڭىز — ئۆلۈپ كەتكەنلىرى ۋە ھايات بارلىرىنىڭ ھەممىسى ئېسىڭىزگە كېلىپ، ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيقۇدا ياتقان تەسىراتلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى بىردىنلا ئويغىنىشقا باشلايدۇ. تەسەۋۋۇرىڭىز ئۇچار قۇشلاردەك پەرۋاز قىلىدۇ. بارلىق نەرسە خۇددى كۆز ئالدىڭىزدا ئايان بولىدۇ ۋە ھەرىكەتكە كەلگەندەك بىلىنىدۇ. يۈرىكىڭىز بەزىدە بىردىنلا قاتتىق تىپچەكلەپ، قىزغىنلىق بىلەن ئالغا ئىنتىلىدۇ. بەزىدە تېگى يوق ئەسلىملەرگە غەرق بولىسىز. پۈتۈن ھاياتىڭىز خۇددى بىر قول ياغلىقدەكلا ئەپلىك ۋە تېز ئېچىلىپ يېيىلىدۇ. ئادەم بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن سەرگۈزەشتىلىرى، پۈتۈن ھېسسىياتى، پۈتۈن كۈچ-قۇدرىتى، پۈتۈن ۋىجدانىنى ئالقىنىغا ئالىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ — قۇياش، شامال، ئاۋازلارمۇ ھەم...

كۈز كۈنلىرى ئەتىگەندە سوغۇق بولسىمۇ، كۈندۈزى ھاۋا ئوچۇق ھەم ئانچە سوغۇق بولمايدىغان كۈنلىرى ئاق قېيىن گويا چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان دەرەخلەردەك ئالتۇن رەڭگە كىرىپ، كۆپكۆك ھاۋا بوشلۇقىدا ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئۇ چاغلاردا كۈن ئېگىلىپ، ئۇنىڭ قىيپاش چۈشكەن نۇرلىرى ئانچە ئىللىق بىلىنمىسىمۇ، بىراق نۇرى ياز قۇياشىنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. نۇرلار ئەكس ئەتكەن ئاق تېرەكلەر قورۇق قاخشال بولۇپ قالغان بولسىمۇ، خۇش بولۇپ يېنىكلەپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ساي، جىلغىلاردىكى قىراۋلار ئاقىرىپ ۋاللىدايدۇ. ئىزغىرىن شامال غازاڭلارنى دومىلىتىپ ئۇچۇرىدۇ. بۇ چاغدا دەريانىڭ ئويناق-ئەركە دولقۇنلىرى بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىپ، لەيلەپ يۈرگەن غاز-ئۆردەكلەرنى ئېلىپ ماڭىدۇ. يىراقتا قويۇق سۆگەتلىك ئارىسىدا بىر تۈگمەن گۈرۈلدەيدۇ. كەپتەرلەر تۈگمەننىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ ئايلىنىپ، ئوچۇق ئاسماندا ئالا-بۇلماچ كۆرۈنۈپ جەۋلان قىلىدۇ...

يازنىڭ تۇمانلىق كۈنلىرىمۇ ناھايىتى گۈزەل كېلىدۇ. ئۇۋچىلار بۇنداق كۈنلەرنى ياقتۇرمايدۇ. بۇنداق كۈنلەردە مىلتىق ئاتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇچار قۇشلار سىزنىڭ ئايىغىڭىزنىڭ ئۆپ-چۆرىسىدە پۇرۇلداپ ئۇچۇپ، شۇ زامانلا ئاق تۇمان ئىچىدە غايىب بولىدۇ. ئەتراپىنىڭ نەقەدەر جىمجىتلىقىنى تەسۋىرلەش تەس! ھەممە ئويغانغان، لېكىن ھېچ نەرسىدىن سادا كەلمەيدۇ. سىز بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتكىنىڭىزدە ئۇ مىدىر-سىدىر قىلماي، مەغرۇر تۇرىدۇ. ھاۋاغا تەكشى تارقالغان نېپىز تۇمانلارنىڭ نېرىسىدىن ئۇزۇن-ئۇزۇن قارا كۆلەڭگە پەيدا بولىدۇ. سىز بۇنى يېقىن ئارىدىكى ئورمانمىكىن دەپ قالىسىز، لېكىن سىز يېقىن بېرىپ قارىغۇدەك بولسىڭىز،

بۇ ئورمان ئېتىز قىرلىرىدىكى قاتار-قاتار ئېگىز ئۆسكەن ئەمەنلەر بولۇپ چىقىدۇ. ئۇستىڭىز ۋە ئەتراپىڭىزنىڭ ھەممىسىلا تۇمان... بىراق بۇ چاغدا مەيىن شامال سوقۇپ، شالاڭ ئىس-تۈتەككە ئوخشاپ كېتىدىغان تۇمانلار كەينىدىن گۈلنەپشەرەڭ ئاسمان نامايەن بولىدۇ. ئۇشتۇمتۇت قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى پەيدا بولۇپ ئۇزۇن-ئۇزۇن نۇر تالالىرىنى ھاسىل قىلىپ، ئېتىزلىقلارغا، ئورمانلىقتا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلۇشۇپلا يەنە ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسىدۇ. بۇ كۆرەش ناھايىتى ئۇزۇن داۋام قىلىدۇ. لېكىن يورۇقلۇق ئاخىرى غەلىبە قىلىپ، قۇياش نۇرلىرى ئىللىتىۋەتكەن ئەڭ ئاخىرقى تۇمانلار گاھ توپلىشىپ تەكشى يېيىلىپ، گاھ تۇرۇلۇپ ئايلىنىپ، نۇرلار چېچىلىۋاتقان تىنىق كۆك ئاسماندا غايىب بولىدۇ. مانا بۇ كۈن كۆركەم، كارامەت ئوچۇق ھاۋالىق بىر كۈن بولۇپ قالىدۇ.

سىز ھازىر بۇ يەردىن يولغا چىقىپ، قورۇقتىن يىراقتىكى يايلاقتا ئوۋ ئوۋلاشقا يۈرۈپ كېتىسىز، سىزنىڭ ھارۋىڭىز يېزا-قىشلاق ئارىلاپ ئۇن چاقىرىمچە ماڭغاندىن كېيىن چوڭ يولغا چىقىدۇ. سىز سان-ساناقسىز يۈك ھارۋىلىرىنى يانداپ، دەرۋازىلىرى ئۇلۇغ ئوچۇق تۇرغان بىر نەچچە دەڭ-سارايلار ئالدىدىن ئۆتىسىز. قورۇ ئىچىدىكى بىر قۇدۇقنى، سايىۋەن ئاستىدا پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان يەنە بىر ساماۋارنى كۆرىسىز، ھارۋىڭىز كەنتلەرنى ئارىلاپ كۆز يەتكۈسىز داللاردىن ئۆتۈپ، كەندىرلىك بويلاپ ئۇزۇن يول ماڭىدۇ. سېغىزخانلار بىر سۆگەتتىن يەنە بىر سۆگەتكە قونۇشىدۇ. ئۇزۇن-ئۇزۇن تىرنىلارنى كۆتۈرۈۋالغان دېھقان ئاياللىرى ئېتىزلاردا ئاستا مېڭىشىدۇ. ئەسكى بوز چاپان كىيگەن، مۆرىسىگە خۇرجۇن ئارتىۋالغان بىر يولۇچى ھارغىن قەدەملەر بىلەن كېتىپ بارىدۇ. پومېشچىكنىڭ كلاسكىسىغا قېتىلغان قاۋۇل، ھارغىن ئاتلىرى ئۇدۇلىڭىزدىن چىقىپ كېلىدۇ. كلاسكىنىڭ ئاستىغا سېلىنغان كۆرپىلەرنىڭ بىر چېتى ئېچىلىپ قالغان. پەلتو كىيگەن بىر خىزمەتكار ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، ئارقىدىكى كلاسكىغا دەسسەپ چىقىدىغان ئورۇندۇقتا ئالدىغا ئېڭىشىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە لاي-پاتقاق چاچراپ كەتكەن، سىز ئەمدى بىر كىچىك ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كېلىسىز، بۇ يەردە ياغاچتىن ياسالغان قىڭغىر-سىڭغىر ئۆيلەر، چېكى يوق قاشالار، تاشتىن ياسالغان دۇكانلار، جىلغىدا قەدىمكى كۆۋرۈكلەر كۆرۈنىدۇ... يىراق-يىراقلارغا بارىسىز!... ماڭا-ماڭا ئاخىرى يايلاققا كېلىپ قالىسىز، سىز تاغدىن قارىسىڭىز بۇ مەنزىرە ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنىدۇ. بىر يۇمىلاق تۆپىلىك دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ. ھارۋا چاتقاللىقلار قاپلىغان جىلغىلار بىلەن توپىلىكنى ئايلىنىپ ئۆتىدۇ. پارچە-پارچە چاتقاللىقلار تولا يالىنىپ يۇمىلاق بولۇپ قالغان ئاراللارغا ئوخشايدۇ. تار چىغىر يوللار كەنتنى كەنتكە ئۇلايدۇ. ھەممىلا يەردە ئاپئاق ئىبادەتخانا بار. تۆت يېرىدە توسمىسى بار بىر ئۆستەڭ قۇيۇق سۆگەتلىكلەر ئارىسىدىن يالتىراپ ئېقىپ ئۆتىدۇ. يىراقلاردا تۇرنىلار قاتار-قاتار بولۇپ تۇرۇشىدۇ. كۆلچەكنىڭ بويىدا پومېشچىكنىڭ بىر قەدىمي ئۆيى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا خىلمۇ خىل ئۆيلەر، باغ-ۋاران ھەم خامان بار. ئەمدى سىزنىڭ ھارۋىڭىز ئۆز يولىدا توختىماي مېڭىۋېرىدۇ. تۆپىلىكلەر بارغانسېرى كىچىكلەپ، دەل-دەرەخلەرمۇ ئاران-ئاران كۆرۈنىدۇ. سىز ئاخىرى بىر پايانسىز يايلاققا كېلىپ قالىسىز!...

(ئاخىرى 124-بەتتە)

www.uyghurkitap.com

ئابلىكىم ئابلىمىت

# ساداقەت

(ھېكايە)

مېنىڭ سومكامنى كۆتۈرۈپ، ئالدىراپ ئىشخانىغا ماڭغان ۋاقتىم ئۇنىڭ ئەتىگەنلىك تازىلىقنى تۈگىتىپ ئۆيىگە ماڭغان مىنۇتلىرىغا توغرا كەلگەچكە، بىز ھەركۈنى ئەتىگەندە ئۇچرىشىپ قالاتتۇق.

ئۇ مېنى كۆرگەندە مەندىن نېمىندۇر تەمە قىلىۋاتقاندەك چوڭقۇر ئېگىلىپ، سەدەپتەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن سالام قىلاتتى. مەن ئۆزۈمنى مەغرۇر كۆرسىتىش ئۈچۈن سۇس كۈلۈمسىرەپ، بېشىمنى بوشقىنە لىڭشىتىپ قوياتتىم. بىراق ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئىختىيارسىز ئارقامغا بۇرۇلاتتىم. كۆزلىرىم رەڭگى ئۆچكەن كۆك خالات ئىچىدە لىغىرلاپ تۇرغان ئەۋرىشىم بەدەنگە تىكىلەتتى. ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل غىدىقلىغۇچى سېزىم ھاسىل بولاتتى.

ئۇ چىرايلىق ئىدى، كۆك خالات ئىچىدىن ئۆزىنى نامايەن قىلىپ تۇرغان زىلۋا قامىتى، چوقچىيىپ چىققان ئالمىدەك كۆكسى مېنى ئۆزىگە تارتىپ، سېھىرلىك تۇيغۇلار قايىنىمىغا سۆرەپ كىرەتتى. كېچىلىرى ئۇيقۇم قاچقان دەقىقىلەردە ئۇنى خىيالەن باغرىمغا بېسىپ، ئۇماققىنە لەۋلىرىگە ئەسەبىيلەرچە سۆيەتتىم.

مەشىنە ئوت گۈرۈلدەپ كۆيمەكتە، ئىشخانا ئىسسىق، باش چۆكۈرۈپ قىلغۇدەك ئىشمۇ، پاراڭلىشىدىغان ئادەممۇ يوق. راھەتبەخش سەزگۈلەر قويىندا يايراپ، ئەپچىلگىنە كرېسلودا سوزۇلۇپ ياتاتتىم، ئىشىك ئېچىلىپ ئۇ يېنىك قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قوش مەڭزى سوغۇقتىن ئالمىدەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. پۈتۈمنى يىغىپ ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ ئاپئاق، تولۇق چىشلىرى بۇرۇنقىدەك كۆرۈنۈپ، لىۋىدە شوخ تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

— سوغۇقنىڭ بۇنچىلىك قاتتىق بولىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدى ئۇ قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن ئىشخانىغا كىرىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ، — ئۆيدىن كەلگىچە بەك توڭلاپ كەتتىم، قارىسام ئىشىك ئوچۇق تۇرىدۇ، ئوتمۇ بار ئىكەن تېخى. سىزنىڭ ئىشىڭىزغا دەخلى يەتكۈزمەيدىغاندىمەن؟

خوتۇن كىشىنىڭ ھېيلىسى ئاجايىپ كۆپ بولىدىكەن، باشقا كۈنلەردە توڭلىمايدىغان كىشىنىڭ مەن يالغۇز قالغاندا توڭلاپ قالغىنىنى قارىمامدىغان. ھەرقاچان ئۆز تەلپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر كۈننى تاللىغان-دە!

— ئۇنداق بولامدىغان، — دېدىم مەن ئىمكان بار ئىچكى ھاياجىنىمنى بېسىشقا تىرىشىپ، — باشقىلار يېزىغا خىزمەتكە كەتتى، زېرىكىپ ئولەي دېگەندىم، بەختىمگە يارىشا خۇدا سىزنى ئەۋەتىپتۇ... سىز كۈندىكىدىن كېيىن

كەلدىڭىزمۇ-قانداق؟

— ھەئە، بىر سائەت كېيىن قالدىم، — دېدى ئۇ مەن بىلەن پاراڭلاشقۇسى يوقتەك مەشكە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ.

كۆڭلۈم غەش بولدى، شۇنداقتىمۇ بۈگۈن تەشەببۇسكار بولۇشۇم كېرەك ئىدى. شۇڭا ئاۋازىمنى يېقىملىق چىقىرىشقا تىرىشىپ:

— ئۆيىڭىزدە ئىشلىرىڭىز ئالدىراش ئوخشىمامدۇ؟ — دېدىم.

— ئانچە جىقمۇ ئەمەس. بۈگۈن بالامنىڭ دادىسىنىڭ كىيىمنى ئالماشتۇرۇپ قويىمەن دەپ كېيىن قالدىم.

ھەيران بولدۇم، چوپچوڭ ئادەم تۇرۇپ ئۆز كىيىمنى ئۆزى ئالماشتۇرمىسا قانداق بولغىنى، نېمە دېگەن جاپاكەش ئايال بۇ. ماڭا قاراپ كۈلگىنىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئىكەن-دە.

— گېپىمگە ئەجەبلىنىۋاتامسىز نېمە؟ — دېدى ئۇ بىردىنلا كۆزلىرىدىن ئەلەم ئۇچقۇنلىرىنى تۆكۈپ. مەن ئۇنىڭ ئاق، سۈزۈك چىرايىغا غەم-قايغۇ سايە تاشلىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆردۈم.

— سىز بىلمەيسىز، بالامنىڭ دادىسى بىناكارلىق شىركىتىدە ئىشلەيتتى، بىز توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن تامدىن يىقىلىپ كېتىپ... — ئۇنىڭ قاپقارا شەھلا كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى، — ئىككى يىل بولدى، پۇت-قولى ھېچنېمىنى سەزمەيدۇ.

مېنىڭ پەرىزىم توغرا چىقتى. بۈنىڭدەك ئېرى سەزگۈسىدىن جۇدا بولغان، ئۆزى ياش، ئىش ئورنى، ئىش ھەققى تۆۋەن چوكان بىزدەك ئەرلىك كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، زەبەردەست يىگىتكە تەلپۈنمەي قالامتىمۇ! ئۇنىڭ ئېسىل مودا كىيىملەرنى كىيگۈسى، ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىپ باققۇسى بار-دە، شۇڭا يالغۇزلۇقىمنى بىلىپ ئەتەي كىرگەن، مەقسىتىنى ئېنىق ئېيتالماي ياش تۆككىنىچۇ تېخى...

— كۆڭلىرىڭىز زېرىكىشلىك ئۆتىدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدىم مەقسەتكە يېقىنلاشماقچى بولۇپ، — كارىدورنى تازىلاشمۇ بىر جاپالىق ئىش، ئۆيگە بارسىڭىز يەنە ئارامىلىق يوقكەن.

— زېرىكمەيمەن، زېرىككۈدەك ۋاقتىممۇ يوق، — دېدى ئۇ ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ، — ئەتىگەندە بۇ يەرنى تازىلىۋېتىپ، ئۆيگە بېرىپ تاماق ئېتىمەن، قويلارغا يەم بېرىمەن، بالا باقىمەن، تەرەت تۆكىمەن، بۇ ئىشلار ماڭا كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدۇ.

— ئۇخلىغىلى ياتقاندا يالغۇزلۇق ھېس قىلىدىغانسىز؟ — بۇ گەپلەرنىڭ ئېغىزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدىم. بىر خىل ئەسەبىي ئىنتىلىش ئىچ-ئىچىمدىن ئۆرلەپ چىقماقتا ئىدى. ئۇ سۆزۈمنى چاقچاق دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، شاپتۇل چېچىكىدەك قىزىرىپ كەتتى. مەن خاتىرجەم بولۇپ غەيرەتلىنىپ قالدىم:

— زېرىكسىڭىز ياتاققا كېلىپ... مەنمۇ يالغۇز... — ئۇنىڭ چىرايىدىكى قىزىللىق يوقىلىپ، مايسىدەك كۆكىرىپ كەتتى. بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ-تارىياتتى، قوشۇمىلىرى تۈرۈلەتتى، لەۋلىرى توختاۋسىز قىمىرلايتتى-يۇ، ئاۋۇش چىقمايتتى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان نەپرەت نۇرى تىلىمنى تورمۇزلاپ قويدى. ئاخىرقى سۆزلىرىم ئېغىزىمدىلا قالدى. تېنىمگە تىترەك ئولاشتى. قەددىم پۈكلىنىپ، كۆزۈم يۇمۇلۇپ قالدى. ئۆزۈمنى چوڭقۇر ھاڭغا سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. بىر چاغدا كىمنىڭدۇر ئاياغ ئاۋۇشى ئاڭلاندى. ئىشىك يېپىلدى. كۆزۈمنى ئاچتىم، ئۇ چىقىپ كەتكەن ئىدى.

مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردىمۇ ياكى خۇدا ئۇچرىشىشقا نىسىپ قىلمىدىمۇ،

ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇنى كۆرمىدىم. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ياشانغان بىر ئەر كارىدورنى تازىلايدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئىشخانىدا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، خىزمەتچى كىرىپ:

— خەۋىرىڭىز بارمىكىن، ئىلگىرىكى كارىدورنى تازىلايدىغان ئايال ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ھەممىمىز نامازغا بارماقچى بولۇۋاتىمىز، — دېدى.

شۇندىلا ئۇنى كۆرمىگىنىمگە ئىككى ئايدىن ئاشقانلىقىنى سەزدىم. تېنىمگە يەنە تىترەك ئولاشتى.

— ئاغرىپ قالغانمىكەن؟ — دېدىم پەس ئاۋازدا.

— ئۇنىڭ ئېرى پالەچ ئىدى، ئېرى ئاخشام قازا قىپتىكەن، ئۇ ئېرىنىڭ ئىچ ئاغرىتقىغا چىدىمىغان ئوخشايدۇ، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، بۈگۈن ئەتىگەندە نەپىسى توختاپ قاپتۇ.

ئۈنۈم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ زىلۋا سىماسى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمە ھەممەت جۇمە

**مەھەممەتجان ئۇبۇل**

## ئىمانسىز

نامازشام نامىزىدىن ياندىغان جامائەت مەسچىتتىن پاراڭ قىلىشقىنىچە چىقىپ كەلدى. نامازخانلارنىڭ ئالدىدا پاكار بويلۇق، قارا سەرپۇش تۇماق ئۈستىگە يوغان سەللە ئورىغان، ئۇزۇن قارا چاپان، مەسە كالاچ كىيگەن بارات مەزىن كېتىپ باراتتى. ئۇ ئۆزىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان نامازخانلارغا قىزغىنلىق بىلەن ۋەزخانلىق قىلماقتا.

— ھازىرقى بەزى ياشلىرىمىزدا ئەدەب-ئەخلاقنىڭ يۇقۇندىلىرىمۇ تېپىلمايدۇ، گەپ-سۆزلىرىچۇ تېخى، ئاتا بوۋىلىرىمىزمۇ ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەرنى قىلىشىدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، ئۇلار بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى بىرەيلەن، — ئۇلار يا ئاتا-ئانىسىنى، يا چوڭلارنى ھۆرمەتلەشنى بىلمەيدۇ. ھاراق دېگەن نېمىنى ئىچۈۋېلىپ تۈز يولدا ئېگىز-پەس دەسسەيدۇ تېخى.

— گەپ ئاتا-ئانىسىدا، — دەپ سۆزنى داۋاملاشتۇردى بارات مەزىن، — دىيانەتلىك، بەشۋاق نامازنى قازا قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ بالا-چاقىلىرى خېلى ئەدەپلىك بولىدىكەن. ئەدىكى ئىمانى سۇس، دىيانەتسىزلەرنىڭ بالىلىرى تاپتىن چىقىپ كېتىدىكەن.

— ئۇنداقلارنىڭ ئەدىبىنى ئاللا ئىگەم ئۆزى بېرىدۇ، — دېدى بىرەيلەن.

— مەزىناخۇنۇم، ئۆزلىرىنىڭ ياسىنجان خېلى ياخشى بالا بولغاندۇ-ھە؟ قايسىبىر تويدا مەست بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ قالدىمۇ نېمە؟ — دەپ سوراپ قالدى بىرى.

— يوقسۇ، يوقسۇ! — دېدى بارات مەزىن ئالمان-تالمان، — بىزنىڭ ياسىنجان تولا ئوبدان بالا بولدى. ھاراق-تاماكا دېگەنلەرگە يېقىن يولمايدۇ، ئىمانى كامىل دېسىلە!

— ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ تەربىيىلىرى بىلەن شۇنداق بولغان-دە، — دېدى بىر نامازخان.

ئۇلار شۇنداق دېيىشكىنىچە كۆۋرۈك بېشىغا كېلىپ قالدى. بۇ چاغدا تۇن پەردىسى ئاستا-ئاستا يېيىلىپ كەلمەكتە

ئىدى. تۇساتتىن ئالدى تەرەپتىن ئۇتتۇرا بويلۇق، شەپكىسىنى سىلكايان كىيىۋالغان بىر يىگىت تاماكىسىنى توغرا چىشلىگىنىچە دەلدەڭشىپ كەلدى-دە، نېمىگىدۇر پۈتلىشىپ يوغان سەللىلىك نامازخانلارنىڭ ئالدىدا پالاققىدە يىقىلدى. گۈگۈم قاراڭغۇسىدا جامائەت ئۇنى تونۇيالماي غەزەپ-نەپرەتلىرىنى ئايىماي ياغدۇرۇشتى.

— بۇ قايسى ئىمانسىزنىڭ بالىسىدۇ، — دېدى بارات مەزىن ئۆزىنى باسالماي.

— بۇنداقلار دوزاخقا تۇترۇق بولىدۇ، — دېدى بىرەيلەن.

جامائەت ئۇنى بىردەم تىللاپ-قارغاشتى. ئارىدىن بىرى چىقىپ ئۇنى دۈشكەلىگەن پېتى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قويدى. جامائەت سىنچىلاپ قاراپ چۆچۈپ كېتىشتى. بۇ بارات مەزىننىڭ ئوغلى ياسىن ئىدى. ياسىندىن قاڭسىق هاراق پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. بارات مەزىننىڭ تىلى تۇتۇلۇپلا كەتتى.

هۇ!... هوي! ياسىن! نېمە ئىش بۇ! هۇ ئىمانسىز!

بارات مەزىن تىللىغىنىچە ياسىننىڭ يۈزىگە بىر كاچات سالدى. ياسىن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك سەل چۆچۈدى-دە، بارات مەزىننى كۆرۈپ سۆزلىگىلى تۇردى:

— سەن مېنى ئىمانسىز دېدىڭما؟ مەن ئىمانسىزما؟ ئىمانسىز دېگەن سەن، سەن! مەسچىتكە يىغىلغان ئاشلىقنى سېتىپ... خەجلىدىڭ، يەنە... يەنە...

— جۆيلىمە بەدبەخت! — بارات مەزىن ياسىننىڭ يۈزىگە يەنە بىر كاچات سالدى. ياسىن ئورنىدا دەلدەڭلەپ تۇرۇپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەسچىتنىڭ كىگىزلىرىنى ئوغرى ئالدى دەپ ساتمىدىڭمۇ؟ دەپ باققىنە دادا، سەن ئىمانسىزمىكەنسەن، مەنمۇ؟ يەنە هېلىقى ياغاچلارنى... ياغاچلارنى...

بارات مەزىن ئارقىسىغا يىقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاغزى توختىماي مىدىرلايتتى، لېكىن تاۋۇش چىقمايتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

مەھەممەت ئىمىن ياقۇپ

# ئۇنتۇپ قېلىش

(هېكايە)

ئۇنى يوقلاپ كەلدىم. ئۇ دارىلمۇئەللىمىندىكى ساۋاقدىشىم هەم يېقىن دوستۇم ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنى نېمە ئۈچۈن يوقلاپ كەلگەنلىكىمنىمۇ بىلمەيتتىم. مەن توي قىلغاندا ئۇ تويۇمغا قاتناشقان ۋە بىر-ئىككى ئايدىن كېيىن مېنى يوقلاپ بارغانىدى. بۇ قېتىم ئۇ توي قىلدى، بىراق ئۇنىڭ تويىغا قاتنىشالمىدىم. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتى. مانا ئەمدى مەن ئۇنى يوقلاپ كەلدىم.

ئۇلار مېنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئاندىن قانداق بولۇپ كېلىپ قالغانلىقىمنى سوراشتى. ئۇ مائارىپ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن بۇيان بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەۋاتاتتى. ئۆيگە كىرىپ هەيران قالدىم. ئۆيى ناهايىتى ئېسىل بولۇپ، زامانىۋى جاهازلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئىدى. ئۇ قانداق قىلىپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بۇنچىلىك ئۆي تۇتۇۋالغاندۇ؟ ئۇ مېنى لۆم-لۆم كىرىشلوغا تەكلىپ قىلدى،

ئولتۇردۇم. مەنمۇ ئوقۇتقۇچى، توي قىلغىنىمغى-
مۇ بىر نەچچە يىل بولۇپ قالدى، بىراق
ئۆيلۈم بولۇنچىلىك ئەمەس. ئېھتىمال سەھرا-
نىڭ سەھرالىقى بولسا كېرەك. شەھەر
دېگەندە ئۆي تۇتماق ئاسان ئوخشايدۇ.
ئۇ مېنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى.
ئىچىدىن قارىسا سان-ساناقسىز تۆشۈكى
باردەك كۆرۈنىدىغان نەپىس پىيالىنى
قولۇمغا ئېلىپ قېنىق دەملەنگەن چايدىن
ئوتلىدىم. ئۇنىڭ بىلەن تاغدىن-باغدىن
پاراڭلاشتۇق. يېزىدا خىزمەت قىلماقنىڭ
قىيىنلىقىنى سۆزلىمىدىم، چۈنكى ئۇمۇ بىلىم
ئاشۇرۇشقا كېتىشىنىڭ ئالدىدا بۇنىڭ تەمىنى
يەتكۈچە تېتىغانىدى. بالا-چاقىلىق بولۇپ
كەتكەنلىكىمنى ئاڭلاپ ئۇ ئۇھ تارتتى،
ئېچىنغاندەك قىلدى، كېيىن مۇبارەكلىدى.
ئۇنىڭ چىرايلىق ئايالى بىزگە چاي قۇيۇپ
بەرگەندىن كېيىن چىقىپ كەتكەنىچە
كىرىپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭدىن سورايدىغان
گەپلىرىم باردەك قىلاتتى. نېمىنى سوراي-
دىغان بولغىيدىم؟ ئىشقىلىپ بىر نېمىنى
سورىغۇم كېلىپلا تۇراتتى، كىرىسە بولاتتى،
ئاخىرى مەن گەپ ئارىسىدا ئۇنىڭدىن
سورىدىم:

— ئۇنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈ-
رۈۋالغانسەن؟ مەكتەپتىكى چاغدا خەت
ياز، مۇھەببىتىڭنى ئىزھار قىل، دېسەم،
ياخشى كۆرۈشۈمغۇ كۆرىمەن، بىراق ئېگىز
شاختىكى ئالمىغا ئېسىلمەن دەپ ئوڭدا
چۈشەرمەنمىكىن، دەپ ئۇنىمىغانىدىڭ.
ھەتتا مەن ئوتتۇرىدا ئەلچى بولاي
دېسەممۇ ئۇنىمىغان، ھالىمغا چۈشلۇق ئىش
قىلاي، شۇ قاتارلىق ئېسىل قىزنىڭ ئۆزى
بىلەن تەڭ، ھەتتا ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدى-
غان يىگىتى بولۇشى چوقۇم، دېگەنىدىڭ.
ئاشۇ ئېسىل يىگىتنىڭ قولىدىن بۇ ئېسىل قىزنى
قانداق قىلىپ تارتىۋالغانسەن؟

— ۋوي، بۇ ئۆيدە مېنىڭ ئايالىمۇ
بارمىكەن تېخى؟ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، —
دېدى ئۇ ۋە ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ ئىشىك
تۈۋىگە بېرىشىغا ھېلىقى ئېسىل قىز پەتنۇستا
تاماق كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— مۇشۇنداق ئۇنتۇپ قېلىپ قولغا
چۈشۈرگەن بولمامدۇ؟ — دېدى ئېسىل
قىز ئۈستەلگە تاماقنى قويۇۋېتىپ.

كۈلۈشتۇق، مەكتەپتىكى كەپسىز
چېغىمىزدىكىدەك تەبىئىي ۋە شوخلۇق بىلەن
كۈلۈشتۇق. كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇپ تاماق
يېيىشتۇق. بۇ پاراڭلاردىن ئۇلار ئىككىسىنىڭ
بىر-بىرىگە ناھايىتى ئىجىل ئەر-خوتۇنلار-
دىن ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ئۇلارنىڭ
ناھايىتى كۆڭۈللۈك، خاتىرجەم ئۆتىدىغانلىقى-
نى پەملىدىم. توي قىلغىنىمغا ئۇزۇن بولمى-
دى، دەسلەپ مۇشۇنداق بولىدۇ، دەپ
ئويلىدىم. بىزمۇ شۇنداق بولغان، تويدىن
كېيىنمۇ خۇددى توي قىلىشتىن ئىلگىرى باغنىڭ
ئارقىسىدا، كەچقۇرۇنلىرى جىمىپ قالغان
مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە، يالغۇز، خىلۋەت
ياتىقىمدا، دوقمۇشلاردا بىر-بىرىمىزنى مارد-
شىپ، كۆزلىرىمىزگە قارىشىپ يۈرگەن چاغلار-
دىكىدەك بىر-بىرىمىزگە قېنىشماي يۈرگەن،
ئەمما دەسلەپكى بالىمىز تۇغۇلغاندىن كېيىنلا
ھەر ئىككىلىمىز تەبىئىي رەۋىشتە بىر-بىرىمىز-
نى ئۇنتۇپ قېلىشتۇق، مېھرىمىزنى بالىمىزغا
بېرىدىغان بولۇشتۇق، تېخى بالىمىزنى
بىر-بىرىمىزدىن قىزغىنىشىپ ئۇرۇشۇپمۇ
قالاتتۇق. ئىككىنچى قىزىم تۇغۇلۇۋېدى،
بالىغا كۆڭلى-كۆكسۈم خېلىلا توق بولۇپ
قالدى. ئانىسىغا بولغان ھېسسىياتىممۇ بىر
ئاز سۇسلاشتى. ئەمدى بالىمىزنى قىزغىنىپ
ئەمەس، بىر ئۆينى تۇتۇپ بولالماي
ئۇرۇشىدىغان بولدۇق. ئۆي دەپ كىرىپ-چى-
قىپ يۈرۈشلا كۇپايە قىلمايدۇ، زامانغا
لايىق، خەقلەرگە ئوخشاش ئۆي تۇتماق
بىر گەپ ئىكەن. ئاشۇنداق بولىدۇ،
بۇلارمۇ بىر-بىرىگە دەسلەپ قېنىشمايدۇ.

uyghurkitap.com



كىيىنچە، بولۇپمۇ مىنىڭكىگە ئوخشاش ئىككى بالىسى بولغاندا چۈشىنىپ قالدىڭ. ۋۇي، مەن نېمە دەپ ئۇلارغا يامانلىق تىلەپ قالدىم؟ ياق، بۇ يامانلىق تىلىگەنلىك ئەمەس، ئىشلار ئاشۇ يۆنىلىشتە يۈرۈشۈپ باردى، بۇ تەبىئىي شۇنداق ئىش...

— سەن شەھەرگە كىرىۋېلىپ بەك ئوبدان قىلدىڭ، يېزىنىڭ جاپاسىنى بىزلا تارتىپ ئۆتۈپ كېتەيلى، — دېدىم مەن بولمىغۇر خىياللىرىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن.

— باشلىق بولۇپ قالسام سېنىمۇ ئەكىلىۋالارمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— ياق، سېنىڭ باشلىق بولۇش تەمەيىڭ يوق، شۇنداق ئەمەسمىدىڭ، ئەمدى شۈكرى قىلىدىغان يەرگە يەتتىڭ، ياكى بۇ كەمدە ئۇمۇمىي ئىقىمغا ئەگەشكۈڭ كېلىپ قالدىمۇ؟

— قويە ئۇمۇمىي ئىقىمنى، تۇرمۇشۇم خاتىرجەم ئۆتسە، مائاشلىق بولغانلىقنىڭ نىشانىسى ئۈچۈن ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانامنى بېقىۋالسام شۇ كۇپايە، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولسام مەيلى.

داستىخان يىغىشتۇرۇلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تېلېۋىزورنىڭ سىمىنى چاتتى ۋە:

— تىل-ئەدەبىيات دېگەننىڭ تاپشۇرۇقنى تەكشۈرمەك بىر گەپ ئىكەن. تېلېۋىزور كۆرگۈڭ بارمۇ؟ ئىشىم بىردەمدە تۈگەيدۇ، — دېدى.

ئۇ يىراقتىن كونترول قىلغۇچنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، يان ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ئايالىمۇ قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەنىدى.

مەن ھەيران ئىدىم، توۋا دەيتتىم ئۆزۈمگە، ئوقۇتقۇچىلارنى شەھەرلەردىن تۆۋەنگە، يېزىلارغا چۈشۈرۈپ تەكشەش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ئۇ قانداق قىلىپ خىزمىتىنى بۇنداق ئالماشتۇرۇۋالالىغاندۇ؟ بىلىم ئاشۇرۇپ كېلىپ ئاشۇ يىراق يېزىغا بارغىلى ئۇنىمىغۇيدى، مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر ئۇنىڭ تەلپىگە ئەجەب ئاسانلا ماقۇل بولدىغۇ؟ يېڭى ئالماشقان باشلىقلار ئاشۇنداق كۆڭلى يۇمشاق كىشىلەرمىدۇ؟ يېزىدا ئىشلەۋاتقان چېغىدا ئۇ دائىم ئالمىشىشنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى. بولدىلا، بۇ ئىشقا نېمانچە ئىچىمنى پۇشۇرۇپ كېتىمەن؟ بۇمۇ ئۆزىنىڭ ئىشىغۇ ئاخىر...

مەن يىراقتىن كونترول قىلغۇچنىڭ رەقەملىك توچكىلىرىنى بىر-بىرلەپ بېسىشقا باشلىدىم. ئىنگلىزچە «دەرىجىدىن تاشقىرى» دېگەن خەت يېزىلغان ئەڭ ئاخىرقى بىرىنى بېسىۋىدىم، يېقىملىق چەت ئەل مۇزىكىسى ئاڭلىنىپ، ئېكراندا تۆۋەندىكى كۆرۈنۈشلەر بىر-بىرلەپ نامايەن بولدى:

قېتىپ قالغان كۆرۈنۈش: مۇشۇ شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدىن بىرى. يىراقتا بىر ئادەم غۇۋا كۆرۈندى. كۆرۈنۈش بارغانچە يېقىنلاپ كەلدى، ھېلىقى ئادەم يانتۇ تۇراتتى. كۆرۈنۈش يېقىنلاپ توختىشى بىلەن تەڭلا ئاندىن ئۇ ھەرىكەتلىنىپ ئۇدۇلغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى... قايناق بازار. ئۇ ئىككى ئادەم بىلەن ئۇچراشتى، قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار قاتارلىشىپ بازاردىن چىقىپ كەتتى... سودىگەرلەرنى ئۇچراشتۇرۇپ، ئارىدىن پايدا ئۈندۈرۈۋالدى، دەپ ئويلاپ قالدىم.

تونۇش كوچا. ئوھوي، مۇشۇ كىچىككىنە شەھەرنىڭ كوچىلىرىغۇ بۇ!؟ بايىقى ئىككى ئادەم سالماق قەدەم تاشلاپ كەلمەكتە. كۆرۈنۈش تېخىمۇ يېقىنلاپ، ئېكراندا ئۇنىڭ كۆكرىكىنىڭ يۇقىرىسى كۆرۈندى. نېمە؟ بۇ كىشى دوستۇم، ئالدىراش تاپشۇرۇق تەكشۈرۈۋاتقان ئاشۇ تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىمۇ نېمە؟ دەل ئۆزى شۇ. ئۇنىڭ چىرايىدا ئۈمىد، ئىشەنچ، يەنە خەۋپسىرەش،

بئاراملىق ئىپادىلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرماقتا. ئەنە، ئۇ ئۇدۇل ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى بىناسىغا كىرىپ كەتتى. كۆرۈ- نۈشلەر تېز ئالمىشىپ، ئۇنىڭ ئىدارىگە بىرنەچچە قېتىم كىرىپ چىققانلىقىنى ئەكس ئەتتۇردى.

مائارىپ ئىدارىسى ئىشخانىسى. ئۇ باشلىقلار بىلەن سۆزلەشمەكتە. ئۈچ نەپەر باشلىق (بىرى ئايال) ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، يەنە ئۇنىڭغا بىر نەرسىلەرنى چۈشەندۈردى.

— ئاتا-ئانام ياشىنىپ قالدى، يەنە ئىنىلىرىم بار، ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بەك ئېغىر، — دېدى ئۇ سۆز ئېلىپ، — بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىشنىڭ ئالدىدا بۇ ئەھۋالنى سىلەرگە بىر قېتىم ئېيتقانىدىم. ئاۋادا مەن ئۆيلىنەي دېسەم ئائىلەمدىكىلەر ماڭا ھەرگىز ياردەم قىلالمايدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدا تېخى مەن ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا...

— بۇنى بىز چۈشىنىمىز، خەتتىمۇ بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي يېزىپسىز، بىراق بىز ھازىر تەلىپىڭىزنى ئورۇنلاشقا ئامالسىز. يېقىن ئەتراپتىكى مەكتەپلەردە شتات ئارتۇق. بىر قۇر تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان- دىن كېيىن، ئاندىن بىز سىزنى مۇۋاپىق ئورۇنغا يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويايلى. سىزنى ئۇنتۇپ قالمايمىز، ھازىرچە ئىلگىرىدى- كى مەكتىپىڭىزدە ئىشلەپ تۇرۇڭ.

— جۇيجاڭ، مەن ئەينى چاغدا ئۇ يەردە بەكمۇ قىيىنچىلىق تارتىپ قالغانىدىم، ھازىرمۇ بۇ ئەھۋال قىلچە ئۆزگەرگىنى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ... ئائىلەممۇ...

— ئۇنداق بولسا، مۇنداق قىلىشايلى، — دېدى كېيىنرەك كىرىپ، باشتىن-ئاخىر گەپ قىلماي ئولتۇرغان ئىدارە كادىرلار بۆلۈمى- نىڭ غورا قاپاق باشلىقى، — ئىدارىمىز سىز بىلىم ئاشۇرغان مەكتەپكە سىز ئۈچۈن بىر مۇنچە پۇل چىقىم قىلدى. شۇ پۇلنى سىز تۆلەڭ، ئاندىن بىز سىزنى دېگىنىڭىز- چە ئورۇنلاشتۇرايلى.

— ئوھو، ھازىرقى شارائىتتا مەن بۇ پۇلنى ھەرگىزمۇ تۆلىيەلمىگۈدەكمەن.

— ئۇنداق بولسا، ئىشلەپ تۇرۇڭ،

— ماقۇل، ئىشلەپ تۇراي.

كوچا. ياپيېشىل مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇرغان پىيادىلەر يولى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا كەلمەكتە. ئالدى تەرەپتىن ۋېلسىپىتلىك بىر يىگىت ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى. يىگىت ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولۇپ، ئوخشاشلا يۈزۈر كىيىنگەنىدى.

— ئۈرۈمچىدىن ھېلىقى مال كەپتىكەن، تاپشۇرۇۋالسۇن دەيدۇ، يۈر ئۇنى چۈشۈ- رىۋالايلى.

— ھازىر ئالدىراشمەن. ماڭا ۋەكالە- تەن رېمونتخاناڭغا چۈشۈرۈپ تۇر. ھە راست، كەچكىچە ئىككىنى قوراشتۇرۇپ بەر، تېز بول.

— ماقۇل.

— ئۇنتۇپ قالما-ھە، قاراڭغۇ چۈشكۈ- چە جەزمەن قوراشتۇرۇپ بولۇڭلار، كەچتە ئۆزۈم بارىمەن.

ھېلىقى يىگىت ئارقىسىغا يېنىپ ۋېلسىپىت- نى مىنگىنىچە يۈرۈپ كەتتى.

كەچقۇرۇن، كىنو باشلانغان چاغ. قاتار كەتكەن ئائىلىلىكلەر قورۇسى. ئۇ پارقىراپ تۇرغان بىر ۋېلسىپىتنى بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا توختاتتى، ئىشىكنى چەكتى. بىردەمدىن كېيىن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان ئورۇق باشلىقى ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ ئاق ئىچ مايكا كىيگەن باشلىق يالاڭباش ئىدى. باشلىق ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ ۋېلسىپىتنى ئەكىرىپ، ھويلىغا توختىتىپ قويغاندىن كېيىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشلىققا ئەگىشىپ ئۆيگە كىردى. كىرىشلىرىغا ئولتۇرۇپ پەتە ئوقۇپ قايتىدىن هال ئەھۋال سورىدى، ئاندىن يەنە چۆكۈپ ئولتۇردى. باشلىقنىڭ ئايالى كىرىپ چاي قويدى... داستىخان يىغىشتۇرۇلدى.

— ئەمدى ئاشۇ بالا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلسە، ئوبدانراق بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇۋالسىلا غەملىرى تۈگەيدىكەندە، — ئۇ گېپىنى ئاخىرلاشتۇرمايلا ئورنىدىن قوزغالدى.

— شۇنى دېمەمسىز ئۇكام، ئاللاھىدە يوقلاپ كەلگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، پات-پات كېلىپ تۇرۇڭ، ھەي، بۇ بالىلارنىڭ غېمىنى تولا قىلىپ، بېشىمىز بالدۇرلا پاينەكلىشىپ كەتتى دەڭا. ھازىر ھېلىقى بالىنىڭ ئاچىسىنى رەسمىيلەشتۈرەلمەي بېشىم قېتىپلا قالدى. ھەي ئۇكام، مەشەدە قونۇپ قالامسىز يا، ئۆيىڭىزگە بارسىڭىزمۇ ئوخشاش بولغاندىكىن؟

— خوش جۈيجاڭ، باراي.

— ۋاقتىڭىز چىقسىلا كېلىپ تۇرۇڭ ئەمسە، مەنمۇ سىزدەكلەرگە خۇشتار ئادەم.

— كېلىمەن، ماقۇل ئەمسە، خوش...

باشلىق ئۇنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ، تاماق شىرەسى ئۈستىدە تۇرغان ۋېلىسىپىت ئاچقۇچىنى كۆرۈپ، ئۇنى قولىغا ئالدى-دە، ئالدىراپ ھويلىغا چىقتى. ئۇ يېتىلەپ كىرگەن ۋېلىسىپىت ھويلىدا تۇراتتى.

— ۋوي، ئۇ دائىم پىيادە يۈرگەچكە، ئۇنتۇپ قالغانمۇ نېمە؟

باشلىق سىرتقا چىقتى، يىراق كوچە قاراڭغۇلۇقى ئۇنى ئۆز باغرىغا سىڭدۈرۈپ كەتكەنىدى...

كوچە، يەنە بىر باشلىقنىڭ ئۆيى. ئۇ باشلىق بىلەن پاراڭلاشقاچ تاماق يېمەكتە. تاماق يېيىلىپ بولدى. ئۇ يەنە ۋېلىسىپىتنىڭ ئاچقۇچىنى شىرە ئۈستىدە قويۇپ ئۇنتۇپ قېلىپ چىقىپ كەتتى.

كەچقۇرۇن. قوياش تېخى ئولتۇرمىغان چاغ. بۇ كىچىككىنە شەھەر كەچكى شەپەق نۇرىدا تاۋلانماقتا، ئۇ بىر ۋېلىسىپىتنى مىنىپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى زىچ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر رايونىغا كەلدى. ۋېلىسىپىتنىڭ ئالدىدىكى سېۋىتىدە تومپايغان بىر خۇرۇم سومكا بار ئىدى، ئۇ كۆك سىرلىق تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدا توختاپ، دەرۋازىنى قاقتى. بىردەمدىن كېيىن يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىلدى، ئۇنىڭ ئالدىدا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان ئايال باشلىقى نامايەن بولدى. باشلىق ئېگىز بويلۇق، ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان ئايال ئىدى.

— ھە، سىزمىدىڭىز؟ بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ قېنى، ئىچكىرى كىرىڭ، — دېدى ئايال يانغا ئۆتۈپ. ئۇ ۋېلىسىپىتنى كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ كىرىپ كەتتى.

ئايال باشلىقنىڭ رەڭمۇ رەڭ گۈللەر بىلەن بېزەلگەن ئازادە ھويلىسى. پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىدا ئۇ مول راسلانغان داستىخانغا ئولتۇرۇپ چاي ئىچمەكتە. باشلىق ھويلا ئىشلىرىنى قىلغاچ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشماقتا.

— ئابدۇرېشىتكام بىر يەرگە كەتكەن ئوخشىمامدۇ ھەدە؟

— ھە، ئۈلۈشكۈن يېزىم ئايلىق كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەن.

بۇ ئائىلىنىڭ ھەك قىزى ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق، يېڭى مودىدىكى كىيىملەرنى كىيگەن قاملاشقان قىز ئىدى.

— ۋوي، سىزنى قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەندۇ بۇ يەرگە؟ تىنچ تۇردىڭىزمۇ؟ — دېدى قىز ۋېلىسىپىتنى توختىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قاراپ.

ئۇ دەرھال ئورنىدىن قوزغالدى.

— كېلىڭ زۇلپىيە، ئۆزىڭىزمۇ تىنچ تۇردىڭىزمۇ؟

— ئولتۇرۇڭ، شۇنداق قىلىپ مائارىپ ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇپ كېلىپ بولدۇم دەڭ؟

— ھەر ھالدا ئوقۇشمۇ پۈتتى.

— قەيەردە ئىشلەيدىغان بولدىڭىز، يەنە شۇ بۇرۇنقى ئورنىڭىزدىمۇ؟

— قالغىنى سىزنىڭ ماڭا ياندىشىپ بېرىشىڭىزگە باغلىق دەڭا!

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ قويۇشتى.

— ئانا، — دېدى قىز، — ئۇزۇن بوپتۇ كىنو-تىياتىر كۆرمىگىلى، بۈگۈن ئۇرۇمچىدىكى داڭلىق ئارتىسلار كەپتۇ، كۆرۈپ چىقايلىچۇ؟

— سىز دوستلىرىڭىز بىلەن كۆرۈپ چىقىڭ، — دېدى ئانىسى داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋاتقان قىزىغا قاراپ.

— سىز بىللە چىقمىسىڭىز مەنمۇ چىقمايمەن، دوستلىرىممۇ تېخى، دائىم ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىدۇ ئۇ ۋىتىلداقلار.

— نېمە دەپ؟

— شۇ... تولا ئىنچىكىلەپ كەتمەڭا!

— ماقۇل، سىڭلىڭىزنىمۇ بىرگە ئېلىپ چىقايلى ئەمىسە، بىراق ئۆيگە كىم قارايدۇ؟

— قوشنىمىزنىڭ بالىسىنى ماقۇلغا كەلتۈرۈپ قويدۇم.

— بىلەت ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟

— ھازىر... — دېدى قىز خۇشال بولۇپ ۋە تېزلا ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى.

— توختاپ تۇرۇڭ زۇلپىيە، مەن مۇشۇنى يەملەپ سىلەرگە بىلەت ئېلىپ قويغان، — دېدى ئۇ ۋە يانچۇقىدىن تىياتىر بېلىتىنى چىقىرىپ ئۇزاتتى.

— ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى ئايال، — بوپتۇ ئەمىسە، ئېلىپ بولغان نەرسىنى قايتۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ. بىلەتنى سىز يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، ھازىرلا مەشەدىن بىللە چىقايلى.

كېچە، «غالىبىيەت» كىنو-تىياتىرخانىسىنىڭ يازلىق كۇلۇبى. كۇلۇبقا ئادەملەر تولغان. سېرىق چىراغ يورۇتۇلغان سەھنىدە بىر نەچچە ئارتىس تاماشىبىنلارنى تېخىمۇ بەكرەك جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن يېنىك مۇزىكىلارنى ئورۇنلىماقتا. ئۇ ئوتتۇرا رەتنىڭ ئالدىدىراق بىر جايدا ئايال باشلىق ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرماقتا. ئۇ باشلىقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، باشلىقنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەكتە. پاراڭ ئۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ باشلىققا بىر نېمىلەرنى دەپ قويغاندىن كېيىن كېتىپ، بىردەمدىن كېيىن مارۇژنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

— قېنى مارۇژنى يەڭلار، دىمىق بولۇپ كەتتى بۇ يەر، — دېدى ئۇ. ئاندىن زۇلپىيەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئىككىسى ئويۇن ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئۆزئارا پاراڭلىشىپ چىقتى.

ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ باشلىق ۋە ئۇنىڭ قىزلىرىنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويدى.

— قىزىم، ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇڭ، — دېدى ئۇ ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ ماڭغاندا ئانا زۇلپىيەگە.

قىز ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىردى. ئانا قىزىغا قاراپ مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— قىزىم، قادىر دېگەن بالا بىلەن راستىنلا ئايرىلىپ كەتتىڭلارمۇ؟

— ئانا!... ئەجەب بۇ ئىشلار بىلەنلا قالدىڭىز، — دېدى زۇلپىيە ئانىسىغا تەتۈر قاراپ.

— قىزىم، سىزنىڭ غېمىڭىزنى يېمەي

بولمايدۇ. بۇنداق كېتىۋەرسىڭىز، كېيىن... بايىقى بالا خېلى...

— ھە، ئۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم، ئوبدان بالا!

— سىزنىڭچە...

— ئانا، ئەجەب تولا شۇ بالا بىلەنلا قالدىڭىز، كېيىن بىر گەپ بولار! — دېدى قىز ئەمدى ئاچچىقىدىن يېنىپ شوخ كۈلگەن ھالدا ۋە سۇپىغا قاراپ ھېلىقى سومكىنى كۆردى، — ۋوي، ئانا، ئۇ سومكىسىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ!

— نېمە، ئۇنتۇپ قاپتۇ؟ ئەكىلە قېنى! — دېدى سىڭلىسى ۋە ئىتتىك قولىغا ئېلىپ ئېچىشقا تەمشەلدى.

— ھەي، ئاچما! ئۇ دېگەن باشقىلارنىڭ نەرسىسى.

ئۇنىڭغىچە قىز سومكىنى ئېچىۋەتتى ۋە بىر پارچە باغاقچىنى ئېلىپ ئاچىسىغا بەردى. ئاچىسى خەتنى قولىغا ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى:

«جۈيجاڭ، لايىقىدا بولمىسىمۇ، بۇ ئاددىي كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلارلا.»

زۇلپىيە خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، سومكىدىكى نەرسىلەرنى چىقىرىشقا باشلىدى. ئېسىل شىپۇڭ دوخاۋىدىن بىر كىيىملىك، يەنە ئالىي دەرىجىلىك سارجا، ئىككى قىزغا ئاتالغان ئەڭ يېڭى مودىدىكى كىيىمدىن بىر يۈرۈشتىن...

— ئانا، — دېدى زۇلپىيە بۇ نەرسىلەرگە قاراپ تۇرۇپ قالغان ئانىسىغا بۇرۇلۇپ، — بۇنى قايتۇرۇۋېتەمدۇق ياكى ئۇنىڭغا رەھمىتىڭىزنى يەتكۈزۈپ قويامدىمەن؟

مائارىپ ئىدارە باشلىقلىرى ئىشخانىسى، ئەتىگەن. ئىككى ئەر باشلىق قاپاقلىرى سىيلىنغان، كۆزلىرى قىزارغان، چىرايلىرىنىڭ رەڭگى ئۆڭگەن ھالدا گەپ قىلىشقىمۇ خۇش ياقماي ئولتۇرماقتا. ئايال باشلىقمۇ ھەدەپ پېشانىسىنى تۇتۇپ بىئارام بولغانلىقىنى ئىپادىلىمەكتە. ئۇ كرېسلوغا چۆكۈپ توختىماي سۆزلىمەكتە. باشلىقلار پات-پات بىرەر ئېغىزدىن جاۋاب بېرىپ قويۇپ ئولتۇرماقتا.

بىر كەمدە ئىككى ئەر باشلىق تەڭلا يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇشۇپ ۋېلىسىپىت ئاچقۇچلىرىنى تېپىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئۇ بۇ ئاچقۇچلارنىڭ ئۆزى «ئۇنتۇپ» قالغان ئاچقۇچ ئىكەنلىكىنى دەرھال تونۇدى ۋە ئايال باشلىققا قارىدى. ئايال باشلىق ھەيران بولۇپ قاراپ قالغانىدى.

— بولدى، مەن ئۆزۈمنىڭ بىر ۋېلىسىپىتىنى ئاران مىنىپ بولالايمەن، — دېدى ئۇ ۋە ئاچقۇچلارنى ئالماي چىقىپ كەتتى. باشلىقلار يېزىق ئۈستىلىگە بېشىنى قويۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇشتى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلىپ، ئۇ بىر تاغارنى سۆرەپ كىرىپ كەلدى ۋە تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بىر تاۋۇزنى ئېلىپ چاي ئۈستىلىگە قويدى.

— جۈيجاڭ، پىچاق بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ، ئەر باشلىقلارنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئايال باشلىقتىن. ئەر باشلىقلار ئويغىنىپ كېتىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، خۇش ياقمىغان ھالدا كۈلۈپ قويۇشتى.

— پىچاق دېگەن ئەرلەردە بولمامدۇ ئەخمەق؟ — دېدى ئەر باشلىقلاردىن بىرى پىچىقىنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ.

ئۇلار تاۋۇز يېيىشتى. تاۋۇز يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ پىچاقنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ئىشىككە ماڭدى.

— مۇنۇ تاغاردىكى تاۋۇزلارنى... ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟

— ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، — بۇنى يەنە مەي چىشلىۋالغاندا، قىزىتمىلىرى ئۆرلەپ قالغاندا يېيىشەلا.

ئۇ چىقىپ ئىشىك تۈۋىدە سەلگىنە تۇرىۋالدى. ئىچكىرىدىن تۈۋەندىكى سۆزلەر ئاڭلاندى:

— بۇ خېلى ئايىغى تېنىك يىگىتكەن. ھە؟ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشلىرى جايىدا.

— ئۇنتۇپ قېلىشلىرىچۇ، جايىدا بولغاندۇ؟ ھاھ... ھاھ... ھاھ...

ئىككى تەرىپى رەت-رەت تېرەكلەر بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان ئاسفالت يول. ئەتىگەن. يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئېتىزلاردا كېۋەزلەر غوچچىدە ئېچىلىپ كەتكەن. ئۇ ۋېلىسىپىت بىلەن كەلمەكتە. ئۇ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئۇڭغا بۇرۇلۇپ «M ناھىيىلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپى» دېگەن قىزىل رەڭلىك ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋېۋىسكا ئېسىلغان كۆك سىرلىق تۆمۈر دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى...

كۆرۈنۈشلەر ئايىغلاشتى. مەن يىراقتىن كونترول قىلغۇچنىڭ «دەرىجىدىن تاشقىرى» دېگەن خەت يېزىلغان مەنپى بەلگىلىك توچكىسىنى بېسىۋەتتىم. تېلېۋىزوردىن كاژىلدىغان ئاۋاز چىقىپ، ئېكراندىكى سانسىز ئۇششاق نۇر توچكىلىرى يامغۇر ياغقاندەك چىملداشقا باشلىدى...

ئۇ كىرىپ كەلدى. ئايالىمۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كىردى. ھەر ئىككىيلەن كىرىسلوغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— كۆرمىدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ قولۇمدىن يىراقتىن كونترول قىلغۇچنى ئېلىپ كۇنۇپكىلىرىنى بېسىۋېتىپ، — ئىككىنچى قانالدا «بەشىنچى باشقارما» ① نى بېرىۋاتاتتى، بەك ياخشى فىلىم...

ئۇلار جىددىي ھەرىكەتلىك بۇ فىلىمنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۆرۈشكە باشلىدى. مەن بايىقى كۆرگەنلىرىمدىن تېخىچە ھەيران ئىدىم. بولۇپمۇ تېلېۋىزورنىڭ بۇنداق «دەرىجىدىن تاشقىرى» قانىلىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلمىگەنلىكىمدىن ھەيران ئىدىم. ئۆزۈم فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى تۇرۇپ، مۇشۇنىمۇ بىلمەي يۈرۈپتىمەن تېخىچە! ياكى بۇنداق دەرىجىدىن تاشقىرى قانال مۇشۇ تېلېۋىزوردىلا بارمىكىنە؟

ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ ئۇنتۇغان، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا تېلېۋىزور كۆرمەكتە. قارىغاندا، مېنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئورنۇمدىن تۇردۇم، سىرتقا ماڭدىم، ئۇلار سەزمىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئەخمەتجان ئىسمائىل

## مۇھەببەت خېتى

قوشۇلماقتا تەقدىرداش يوللار،
شاد چۈشلەرگە تەبىردۇر جاھان.
قىيا بېقىش سېھرىدە بۇ دەم
ئۇنتۇلماقتا ئاداققى ھىجران.

ئورنىماقتا كۈن-تۈنلىرىمدە
پاك تۇيغۇلار قېتىغا مەھكەم.
ئورماندىكى ئاھۇ كۆزىدەك
چاقناپ تۇرار سۆيۈملۈك ئەتەم.

كىچىككىنە ياپراق كۆيىدەك
ئوماققىنە تىل چىققان قىزچاق

بىز ئىككىمىز كىم ئىدۇق دەسلەپ،
جۇپ بولۇشتۇق قاچاندىن بېرى؟

---

(1) «بەشىنچى باشقارما» — «بەشىنچى باشقارما ھەرىكەتتە» نى دېمەكچى.

تىك-تاك تۇپتەك نازۇك ھاياتتا
تونۇشتۇقمۇ ئۇنتۇپ ھەممىنى؟
يۇلتۇزلاردەك كېلىپ ۋە كېتىپ،
ياشايدىكەن دۇنيادا ئادەم.
كېلىپ-كېتىپ تونۇشتۇقمۇ بىز
ئېيتقىن ماڭا ئىھ، تونۇش كۈلكەم؟

تاپقىنىمدەك ھەدىگىنى قايتا
تېپىۋالدىم نازۇك سىرلارنى.
مەكتۇپ بولۇپ جاھانغا ئاستا
تۇغۇلغاندا يۇمران يۈرىكىم،
تۇغۇلغاندا يېڭى بىر سادا:
ۋۇجۇدۇڭدەك يارقىن ۋە سەبىي
بەخت تولۇپ قالدى ھۇجرامغا.

ئىھ، سۆيۈملۈك مۇھەببەت خېتى،
ياشارماقتا مېھرىڭدە ئۆمۈر!

ئوسمانجان موسا

## ۋىسال تېگى

ئازاب كۆپمۇ ياكى ۋىسال دۇنيادا،
بىر سېنى دەپ ئازاب چەكتىم ئەي دىلبەر.
ئەقىدەمچۈن بەدەل بەردىم ۋاپادا،
ۋىسال ئۈچۈن تەشۋىش بەردى كېچىلەر.

ھەر گۈگۈمدا تەشۋىش، ئاچچىق پىچىرلاش
ئۈۋال قىلدىڭ يۈرىكىمگە بەك ئۈۋال.
بەرداش بەردىم كۈتۈشلەرگە، ھىجرانغا،
بىر كۈنلىرى قۇچارمەن دەپ قۇت ۋىسال.

كۈلۈپ كەلگىن ناز-كەرەشمە، جىلۋىدە
تۈگەپ ھىجران، تارقاپ كەتسۇن جۇت-چاڭلار.
پاك مۇھەببەت قۇياشىدا چاقنىسۇن
بىزگە ھايات، بەخت بەرگەن ھۆر تاڭلار.

چوپانى

## ئىككى غەزەل

**1**

نىگار، ئىشقىڭدا گۈل چېھرىم سېرىق يودتەك بولۇپ قالدى،
ئۆزۈم غەمناك، كۆزۈم نەمناك، كۆڭلۈم سودتەك بولۇپ قالدى.
ئىچىڭ ئاغرىدىمۇ قانداق، بىقىپ نەرگىس كەبى تاتلىق،
تەبەسسۇم ھەدىيە قىپتىڭ دىلىم ئوتتەك بولۇپ قالدى.
كۆزۈڭنىڭ تەكتىگە شۇڭغۇپ دىلىڭنىڭ مېھرىنى سۈزسەم،
گۈگۈمدا گاس بولۇپ ياتقان تىلىم ئۇدتەك بولۇپ قالدى.
لېۋىڭدە لەۋلىرىم بەزمە ئۇيۇشتۇرغان ئىدى دىلبەر،
دىلى ھەسرەتكە قۇل بولغان رەقىب جۇتتەك بولۇپ قالدى.
ۋاپا-سۆيگۈ بىلەن قۇرغان ئىدۇق يۈكسەك، بۈيۈك قورغان،
رەقىب مەغلۇپ بولۇپ ئاخىر گويا بۇتتەك بولۇپ قالدى.

**2**

قىزىق قۇم باغرىدا قالغان بېلىقتەك چاڭقىدى قەلبىم،
شۇڭا سالغۇ تېشى يەڭلىغ ئۇيۇققا قاڭقىدى قەلبىم.

ئۈپۈق سەتھىگە گۈل چەككەچ گوياكى زەئىپران يەڭلىغ،
كلاسسىك كۈيلىرى بىرلە تېڭىڭنى چايقىدى قەلبىم.
سالام-تەزىملىرى بىرلە بېھىشتىن چىقتى لەك-لەك ھۆر،
ئەشۇ ھۆرلەرنى جەم ئەيلەپ ئاۋايلاپ تاسقىدى قەلبىم.
ئېلىپ قالماپتۇ بىر ھۆرمۇ دىلىمنىڭ ئەلگىكى ئىي يار،
شۇڭا يامغۇر سۈيى يەڭلىغ دىلىڭغا سايقىدى قەلبىم.
بۈيۈك قەلبىڭ بىلەن روھىم ئۈيۈلتاشتەك بولۇپ كەتتى،
بولۇپ جەننەت ماڭا دۇنيا، قۇياشتەك بالقىدى قەلبىم.

غېنى روزى

## ئانلار ھاردۇقتا چىقىڭلار ئەمدى

بىر چاغلار ئانلار يىللار ئالدىدا،
سىلەرمۇ پاك سەبىي بالا ئىدىڭلار.
تۇرمۇشنىڭ يۈكىنى ھاپاشلاپ يۈرۈپ،
ئىگىلدى، دۈمچەيدى ئەمدى بىلىڭلار.

يىللار قار چېچىپتۇ چاچلىرىڭلارغا،
چىرايلىق يۈزلەرنى قورۇق بېسىپتۇ.
مۈشكۈلنى يېڭىپ تەر تۆكتۈڭلار ھامان
ئىلگىرىلەش يولىدا ھاردۇق يېتىپتۇ.

ئانلار ھاردۇقتا چىقىڭلار ئەمدى،
چوڭ بولدۇق بىزلەرمۇ تارتايلى جاپا.
قەرزىنى تۆلەيلى ئەمگەن سۈتلەرنىڭ
ئەۋلادلار ئىز باسسا گۈللەيدۇ دۇنيا.

ئىسكەندەر بېشىر

## ياشلىق

نەۋقىران ياشلىقنىڭ مىسالى بۈركۈت،
قانات قاق بىلمىدىن، ئۇچۇرغىن كۆكتە.
بىغۇبار ياشلىقنىڭ گوياكى ئالتۇن،
بىھۇدە خىيالغا بەرمىگىن ئۆتنە.

ھاياتلىق يىلتىزى، ئۈلدۈر ياشلىق،
ئۇرغىتار ئۇ ئەقىل، جاسارەت تەندە.
غەۋۋاس بول پەن-بىلىم دېڭىزلىرىدا،
تىلسىملىق ئالەمنىڭ ئاچقۇچى سەندە.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى **مامۇت زايىت**

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com



يەھيا سادىق

# نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

## « مۇت » ماركىلىق...

دائىم كىشىلەرنىڭ ھارىقىنى ئىچىپ ئۆگىنىپ قالغان، مەھەللىدە كىمنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلسە تىڭ-تىڭلاپ، ئولتۇرۇش راسا قىزىغاندا « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم » دەپ چاقىرىلمىغان مېھمان بولۇپ كىرىدىغان بىرەيلەن بىر كۈنى ئەپەندىدىن:

— ئەپەندىم، ھازىر ھاراقنىڭ تۈرى كۆپىيىپ كەتتى، ئىچىپ باقسىلا، قايسى ماركىلىق ھاراق ياخشى، — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم بۇ كىشىنىڭ تەبىئىتىنى ياخشى بىلگەچكە:

— مەن ھاراق ئىچمىگەچكە قايسى ماركىلىق ھاراقنىڭ ياخشىلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن سىز ئۈچۈن بىرلا ماركا بار، شۇ ئەڭ ياخشى ھاراق، — دەپتۇ. ھېلىقى ئىچەرمەن:

— ئۇ قايسى ماركىلىق ھاراق، — دەپ سوراپتۇ.

— « مۇت » ماركىلىق ھاراق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## بالام ئېلىپ بېرىدۇ

ئەپەندىمنىڭ چوڭ ئوغلى ئوقۇپ خىزمەتكە چىقىپتۇ، ئۆيلىنىپ ئىككى پەرزەنتلىك بوپتۇ، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ بىرەر قول سائىتى ئېلىپ تاقىيالماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ باللىرىنى ئېلىپ ئەپەندىمنى يوقلاپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم ئوغلى بىلەن ئەھۋاللىشىپ ئولتۇرۇپ:

— بالام، خىزمەتكە چىققىنىڭغا خېلى يىللار بولدى، تۈزۈكرەك بىرەر سائەت ئېلىپ قولۇڭغا تاقىۋالساڭ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ. ئوغلى:

— باللار چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئوقۇشنى تۈگىتىپ خىزمەتكە چىقسا سائەت ئېلىپ بېرەر، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەپەندىم راسا كۈلۈپتۇ. ئوغلى:

— دادا نېمىشقا كۈلۈپ كەتتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي بالام، سەن خىزمەتكە چىققىلى 15 يىل بولدى، ماڭا بىرەر سائەت ئېلىپ بەردىڭمۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم. ئوغلى خىجىل بولۇپ بېشىنى ئېگىپتۇ.

## مۇئاۋىن ۋىيپۇەنجاڭ تۆمۈر داۋامەت يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋىيپۇەنجاڭى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۆمۈر داۋامەت 2-ئاينىڭ 28-كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى يازغۇچىلارنى يوقلاپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى.

يولداش تۆمۈر داۋامەت ئالدى بىلەن يازغۇچىلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى. ئۇلار بىلەن قەدىناسلارچە ئىنتايىن قىزغىن، سەمىمىي سۆھبەتلەشتى. سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان يازغۇچىلار خۇددى قەدىناس دوستى، كەمسىپدىشى بىلەن بىر يەردە ئولتۇرغاندەك ناھايىتى ئۇچۇق-كۆڭۈللۈك بىلەن ئۆز كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى ئېيتتى.

يولداش تۆمۈر داۋامەت يازغۇچىلارنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ، جۈملىدىن ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ خەلقنىڭ ئاڭ-سەۋىيىسى، ئىدىيە، ئەخلاق، پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مەنىۋى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى رولىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يازغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلاردىن شىنجاڭنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە كۆپرەك تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: يازغۇچىلار، سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلار تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولسۇن، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ تىنچ-ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، خەلقىمىزنىڭ خاتىرجەم، راۋان ئىلگىرىلىشى، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا كۆپرەك كۈچ چىقىرىڭلار، تۆھپە قوشۇڭلار.

سۆھبەت يىغىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەجلىسخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. سۆھبەت يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت نازارىتى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن ھەمدە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن، زوردۇن سابىر، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، مامۇت زايىت، مەھەممەت باغراش، قاھار جېلىل، توختى ئايۇپ، خالىدە ئىسرائىل قاتارلىق يازغۇچىلار، «تارىم»، «ئەدەبىي تەرجىمە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

(ئۆز خەۋىرىمىز)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش كۇرسىغا 3-قارارلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى

بىرىنچى، ئىككىنچى قارارلىق كۇرسىمىز غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. كۇرسانتلار ئىچىدىن بىرمۇنچە تالانت ئىگىلىرى بايقالدى. ئۇلارنىڭ ياخشى ئەسەرلىرى تاللاپ ئېلان قىلىندى ۋە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغانلاردىن بىرنەچچىسى ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. ھەۋەسكارلارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن بۇ كۇرسنى داۋاملىق ئېچىشنى قارار قىلدۇق.

ئوقۇتۇش ئۇسۇلى: كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى تاپشۇرۇق ئىشلەپ (شېئىر، ھېكايە، ئوبزور يېزىپ) ئەۋەتىدۇ. تاپشۇرۇقلارنى مەخسۇس مۇئەللىملەر كۆرۈپ تەكشۈرىدۇ ۋە تەلەپكە ئۇيغۇن بولغانلىرىنى ژۇرنالنىڭ كۇرسانتلار سەھىپىسىدە ئېلان قىلىدۇ. ئوقۇتۇشتا ئەسەر ئېلان قىلىشتىن سىرت يەنە خەت ئارقىلىق يېتەكلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەربىر تاپشۇرۇققا ئايرىم-ئايرىم باھا يېزىلىدۇ. كەمچىلىك-نۇقسانلىرى كۆرسىتىلىپ بېرىلىدۇ ۋە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىلىدۇ.

ئوقۇتۇش مۇددىتى 8 ئاي (1994-يىلى 5-ئايدىن 12-ئايغىچە) بولىدۇ. مۇددەت توشقاندا ئوقۇش تۈگىتىش گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ.

كۇرسانتلارغا ھەر ئايدا بىر نۇسخىدىن «تارىم» ژۇرنىلى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ.

ئوقۇتۇش ھەققى 100 يۈەن بولىدۇ. بىرىنچى ياكى ئىككىنچى قارارلىق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى قايتا ئوقۇماقچى بولسا ئۇلارغا 30 يۈەن ئېتىبار قىلىنىدۇ. دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار كۇرسقا تىزىملاتسا 80 يۈەن ئېلىنىدۇ.

كۇرسقا تىزىملاتقانلار ئوقۇش ھەققى ئەۋەتكەن كۈندىن باشلاپ تاپشۇرۇق ئىشلەپ (شېئىر، ھېكايە، ئوبزور يېزىپ) ئەۋەتىشكە باشلىسا بولىدۇ. ئەۋەتىلىدىغان تاپشۇرۇقلارنىڭ سانىغا چەكلىمە قويۇلمايدۇ. تاپشۇرۇقلار ئۆلچەملىك قەغەزگە قۇر ئاتلاپ كۆچۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

تىزىملىتىش ۋاقتى ئېلان چىقىرىلغان كۈندىن باشلاپ 5-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولىدۇ.

ئوقۇش ھەققى ئاددىي پېرېۋوت چېكى ئارقىلىق ئەۋەتىلىدۇ، ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، ئادرېسى، پوچتا نومۇرى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

خەت-چەكلەرگە «ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئوقۇتۇش مەركىزىگە تېگىدۇ» دەپ يېزىلسا بولىدۇ.

پوچتا نومۇرى: 830000

**«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئوقۇتۇش مەركىزى**



تۆمۈر داۋامەت «تا- رىم» ژۇرنىلىنىڭ بىر قىسىم مۇھەررىرلىرى بىلەن بىللە .




تۆمۈر داۋامەت ئايال ئەدىبلەر بىلەن بىللە .






سۆھبەتتىن كۆرۈنۈش .

قەييۇم تۇرسۇن، ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى



《塔里木》 文学月刊(维吾尔文) TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
排　　版：《博格达》电子排版中心
封面印刷：新疆包装装潢印刷厂
正文印刷：乌鲁木齐市印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
发　　行：中国国际图书贸易总公司
订阅、零售：各地邮局所

1994-يىل 4-سان (398-سان)، 44-يىل نەشرى.
ئۈزگۈچى« تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، « بوغدا » ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. مۇقاۋىسى شىنجاڭ رەڭلىك سۈرەت، ماركا
مەتبەئەسىدە بېسىلدى، تېكىستى ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا
بېسىلدى. ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号: ISSN 1002—9044
国内统一刊号: CN 65—1010/I
国外代号: Q 4462
邮发代号: 58—66　定　价: 2.20 元
邮政编码: 830000

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: Q 4462
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66-58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.20 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830000